# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学

**1996. 2**



**SOCIAL SCIENCE IN XINJIANG**

ОБЩЕСТВЕННЫЕ НАУКИ В СИНЬЦЗЯНЕ

ISSN 1002-9052
2>
9 771002 905006

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1996-يىللىق 2-سان

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەشر ئەپكارى)
پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال (ئومۇمىي 59-سان)
مەسلىھەتچى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى    باش مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن
ھەر پەسىلنىڭ 3-ئېيىنىڭ 5-كۈنى    بۇ سانىنىڭ ئىجرائىي تەھرىرى:
نەشردىن چىقىدۇ.    ئابلىز مامۇت

## مۇندەرىجە

### ئىقتىساد، سىياسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى

بىرلىككە، ئىتتىپاقلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش — بەش مىڭ يىللىق جۇڭخۇا تارىخىنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات يۆزىلىنىشى ...... سەيپىدىن ئەزىزى 1
ماركسىزملىق توغرا ئاياللار قارىشىنى تىكلەيلى ...... خەلچەم ئىسلام 7
شىنجاڭ يېزىلىرىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا تەتقىقات ...... يېزىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 12
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرەيلى ...... يۈرقەت ئابدۇرېشىت 14
يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىشنىڭ تەدبىرلىرى ...... ۋارىس ئابلىز 16
شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ...... مەردان سەيدۇللا 18

### مىللەت، دىن تەتقىقاتى

شىنجاڭدا مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ...... شى لىن 22
ئېلىمىزدە دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئويغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ ئاساسلىرى توغرىسىدا......

........ ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى 25
دىنىي تەقىپ ھەققىدە تەتقىقات ........ نۇرمەھەممەت 32
ئۇيغۇر بىناكارچىلىقى ۋە ئىسلام دىنى ........ ئا. مەخسۇت 36

## ئەدەبىيات، تىل تەتقىقاتى

شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ........ قادىر ئەكبەر 40
«قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئادەم»لىك ھەققىدە ........ ئا. ئالاۋۇدۇن 46
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسى ........ مەھمۇد يۇسۇپ 49
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى ........ ياقۇتخان، غەيرەتجان 51
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق پەرقى توغرىسىدا ........ ھەبىبۇللا ئابدۇسالام 55
تارىختىكى «قۇت» نامى توغرىسىدا ........ ماخمۇت ئابدۇۋەلى 63
خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ فونېتىكا جەھەتتىن ئۆزلىشىشى توغرىسىدا ........ ماھىرە، چىڭ خۇيىۇ 67

## تارىخ، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى

جۇرجان خانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشى ........ شۆزۇڭجېڭ 69
تۈرك قاغانى ئىستەمى توغرىسىدا ........ چىمەن 79
يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ ۋېي لياڭتاۋ 83
قەدىمكى مەنبەلەردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قەبىلىلەر مۇناسىۋىتىگە نەزەر ........ قۇربان تۇران 101
تارىخشۇناس راشىددىن ۋە ئۇنىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرى توغرىسىدا ........ ئىسمايىل مەڭلىك 106
شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ........ چېن يەنچى 110
جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىن تېپىلغان مىكرولىت ئىزلار ........ گۈلنار سابىت 121

كوررېكتور: رۇقىيە سىدىق

# بىرلىككە، ئىتتىپاقلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش — بەش مىڭ يىللىق جۇڭگو تارىخىنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات يۆنىلىشى*

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
سەيپىدىن ئەزىزى

1984-يىلى 8-ئايدا مەن لىيۇزشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» (1-قىسىم) دېگەن كىتابىغا بېغىشلاپ يازغان «كىرىش سۆز ئورنىدا»دا ئۈنىڭدىن «ئۇيغۇر تارىخى» (1-قىسىم) نى ئورۇندىغان ئاساسىدا «ئۆزىنىڭ بۇ ئىلمىي پائالىيىتىنى تېخىمۇ غەيرەت بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ھەر خىل تېمىلاردا تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەر يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنىدىم. مانا ئون يىلدىن كېيىن لىيۇزشياۋ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى نادىر ئەسىرى «ئۇيغۇر تارىخى» نىڭ (2-قىسىم) نى يېزىپ پۈتتۈردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېشىمنىڭ يىلسايىن چوڭىيىشى سەۋەبىدىن، بولۇپمۇ كونكرېت مەمۇرىي ئىشلاردىن خالىي بولغاندىن كېيىن، بوش ۋاقىتلاردا تارىخىي ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇيدىغان ۋە تارىخىي مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم ھەم ئۆز ئارا بىلىمنى تولۇقلاش، ئورتاق ئۆسۈش مەقسىتىدە بۇ ساھەدىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر بىلەن پايدىلىق سۆھبەتلەرنى قىلىشىدىغان بولدۇم.

مەن ئۆزۈمنىڭ كىتاب ئوقۇش تەسىراتلىرىمنى، ئويلىنىش خۇلاسىلىرىمنى ھەم سۆھبەتلىرىمنىڭ مەزمۇنلىرىنى كۆنسايىن يەكۈنلەپ، ئاخىرى كېلىپ بىرمۇنچە كونكرېت كۆز قاراشلىرىمنى شەكىللەندۈردۈم. «ئۇيغۇر تارىخى» (1-قىسىم) دېگەن كىتابقا بېغىشلىغان «كىرىش سۆز ئورنىدا» دا، شۇنداقلا باشقا ھەر خىل سورۇنلاردا مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىمنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ۋە ئوخشاشمىغان دائىرىدە بايان قىلدىم، شەرھىلىدىم، بۇ كۆز قاراشلىرىمنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى ئېلىمىز ئۇزاق زاماندىن بېرى، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ كەلگەن دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭ مۇشۇ كۆز قاراشلىرىمغا دەلىل بولىدىغانلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ياشىغان، ئەمگەك قىلغان ۋە ئاۋۇپ راۋاجلانغان. تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مىللىي كۆچۈپ يۆرۈشلەرمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي زېمىنى دائىرىسىدە بولغان. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، بۈگۈنكى كۈندە

---

* بۇ ماقالە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن يولداش لىيۇزشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (2- قىسمى) نىڭ كىرىش سۆزى ئورنىدا يېزىلغان.

سوتسىيالىستىك ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدە ياشاۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمىي ئاھالىلىرىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تاپالىغان.

2. بۇ زېمىندا ھەر مىللەت خەلقىمىز بىرلىكتە ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇ ئامىللار بولسا تاكى بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مۇستەھكەم رىشتىسى بولۇپ كەلمەكتە.

3. مەيلى ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان ھاكىمىيەت شەكلىدە بولسۇن، ياكى بىر قانچە جايلار مەركەز قىلىنغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەت شەكلىدە بولسۇن، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئېچىش، باشقۇرۇش ۋە قوغداشقا باشتىن-ئاخىر ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان.

مېنىڭچە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ مەزمۇن، ئېلىمىز تارىخىنىڭ ئاساسىي پاكىتلىرىغا خۇلاسە بولالايدۇ. ئېلىمىز تارىخىنىڭ كۆركەم، چوڭقۇر مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتىنى شەرھىيلەپ بېرىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدە ئۆزىگە خاس ئورنى، رولى ۋە تۆھپىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھالبۇكى مۇشۇلاردىن ھاسىل بولىدىغىنى ۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچلۈك ئۇيۇشۇش قۇۋۋىتى ۋە تۈرتكە كۈچى.

«ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) X I X. ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنى مۇقەددىمە قىلىپ، 1949-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كېلىپ توختاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن، جاھانگىرلار جۇڭگونىڭ زېمىنىنى بېسىۋالغان، جۇڭگونىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان، جۇڭگونىڭ ئاۋام خەلقىنى خورلىغان. چىڭ سۇلالىسى بىلەن جاھانگىرلارنىڭ بۇ قىلمىشى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەققانىي نەپرىتىنى قوزغىغان، دېڭىز بويى رايونلىرىدىن يۈننەن-گۇيجۇ ئېگىزلىكىگىچە، ھىمالايا تاغ ئېتەكلىرىگىچە، پامىرغىچە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە، ئالتاي تاغ بويلىرىغىچە جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش ئوتى ۋەتىنىمىز زېمىنىدا يالقۇنجاپ كەتكەن، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش يولىدا يۈز يىل ۋاقىت داۋام قىلغان بۇ كۈرەشكە، ئۇيغۇر مىللىتى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن تەڭ ئاتلانغان. بۇ كۈرەش ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق، تەقدىرداشلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ۋەتەن تارىخىنى ھەم مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ سەپەرنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتەرگەن.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر ئۇيغۇر مىللىتى ئۇرۇنلىغان سىياسىي بۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسى «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان.

شۇبھىسىزكى، بۇ ۋەقەلەر قاتمۇ-قات بولغان، ھەق بىلەن ناھەق گىرەلىشىپ كەتكەن، چېتىلىدىغان دائىرە كەڭ، مۇناسىۋەتلەر قاتمال بولۇپ كەتكەن جەريان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىرمۇنچە تارىخشۇناسلار ئۆز تەتقىقاتىدا مۇكەممەل بايان تىكلەپ چىقىشتا مەلۇم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن.

مۇرەككەپ ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك بۇ تارىخ مەزمۇنلىرىنى قانداق قىلغاندا توغرا پەرق ئېتىش، توغرا بېكىتىش ۋە توغرا بايان قىلىش ئاساسىدا مۇكەممەل، سىستېمىلىق ھەم ئىجابىي ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، مۇھىمى كۆز قارىشى توغرا، ماتېرىياللىرى تەكەممۇل، پاكىتلىرى ئېنىق، بايانلىرى راۋان بولۇشى كېرەك.

كۆز قارىشى توغرا دېگەنلىك، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش

دېگەنلىك، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى دۆلىتىمىز سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ مىزانى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا يېتەكچى ئىدىيە، شۇنداقلا بىزنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرنى پەرق ئېتىش، بېكىتىش ۋە ئۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىزدە نەزەرىيىۋى ئاساس. ئۇ بىزنى مەسىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق كۆزىتىشكە ئۈندەيدۇ، باشباشتاقلىق قىلىپ، پاكىتنى ئوبدۇرۇپ، خاتا ھەم زىيانلىق يەكۈن چىقىرىپ قويۇشتىن خالىي قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى خاتىرىلەنگەن ۋە ئىزھار قىلىنغان داكومېنت خاراكتېرلىك ماتېرىياللار ناھايىتى مول، ھۆكۈمەت تەرەپلىرىگە خاسلىرى بار، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان ئېغىز ئەدەبىياتقا خاسلىرىمۇ بار؛ ئېلىمىزدە يېزىلغانلىرى بار، چەتئەلدە پۈتۈلگەنلىرىمۇ بار؛ يازما شەكىلدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىرى بار، رىۋايەت شەكلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ بار. لېكىن ھەر بىر مۆئەللىپ ئوخشاشمىغان جەمئىيەت قاتلىمى، ئوخشاشمىغان جەمئىيەت مەۋقەسى ۋە ئوخشاشمىغان ھېسسىيات ھالىتىدە ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق ۋەقە ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىدە ئەكس ئەتكەندە، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان تۇيغۇ، تەسىرات ۋە خۇلاسە ھەممىشە بىر-بىرىدىن قاتتىق پەرقلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۈرى، شەكلى، تىلى ئوخشاشمىغان ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كەڭ تۈردە جۇغلاش، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان فۇنتامېنت خاراكتېرلىك خىزمەت.

كەڭ تۈردە ماتېرىياللار جۇغلاشتىن مەقسەت، پاكىتلارنى توغرا ئىگىلەشتە. بىرەر تارىخىي ئەسەردە، ھەتتا بىرەر تارىخىي كۆز قاراشتا ئەكس ئېتىدىغىنى ھامان مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانى ھەم مۇشۇ سەۋەب ۋە جەرياندىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت، ئۈنۈملەر ئىدى. بىرەر پارچە تارىخىي ماقالە ياكى بىرەر پارچە تارىخىي ئەسەر پاكىتنى توغرا ئىگىلىمىگەندە چوقۇم ئېزىقىپ قېلىپ، خاتا يولغا پېتىپ قالىدۇ ۋە كىتابخانلارنىڭ پسىخىكى ھەم ھېسسىياتىدا ئازار پەيدا قىلىپ، سەلبىي ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ.

ئەمدى «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى، مېنىڭچە ھاسىل بولغان ئومۇمىي تەسىرات، بۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم يېتەكچى قىلىنغان، كۆز قارىشى توغرا، بايانى ئەتراپلىق بىر ئەسەر.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى جۇڭگو يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ جۇڭگو زېمىنى دائىرىسىدە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي پائالىيەت، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقە. شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى تارىخىي جەريانى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىغا ئاساسىي ئارقا كۆرۈنۈش بولغان، ئەپيۇن ئۇرۇشى، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈپ ئېلىشى، قانۇن ئۆزگەرتىپ يېڭىلىق يارىتىش، مىللىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى، گومىن ئىنقىلابى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تارىخى جەريانىدا چوڭقۇر ھەم ئېنىق ئىز قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ مەزگىلدە، پۈتكۈل تارىخىي جەريانغا سىڭگەن ھۆكۈمەتلەر پائالىيەتلىرىمۇ ئىجابىي ۋە سەلبىيدىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولغان. ئىجابىي ئەھمىيەتلىك سەۋەبلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي راۋاجلىنىشلىرىغا ئىلھام كۈچ بېغىشلىغان. ۋاھالەنكى، سەلبىي ئەھمىيەتلىك بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا تۇسالغۇ، ھەتتا چېكىنىشنى پەيدا قىلغان.

مۇشۇ دائىرىدىكى مەزمۇنلار «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىي پائالىيەتلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تارىخىي جەريانىغا ۋە رىتىمىگە چىپسىلاشتۇرۇلغان.

ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئاساسىي تارىخىي پائالىيىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي تارىخ بىناسىنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى. مەيلى ئەھمىيەت جەھەتتىن ئېيتايلى ۋە مەيلى ۋەقە خۇسۇسىيىتى بويىچە ئېيتايلى، ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن.

مەن كۆپ قېتىم مۇنۇلارنى كۆرسەتكەنىدىم: ئۇيغۇر تارىخى بايان قىلىنغان بىرمۇنچە ماقالە ۋە ئەسەرلەردە دەل مۇشۇ مەزمۇندا ئېغىر يېتەرسىزلىكلەر يۈز بەرگەن. ئاقىۋەتتە، پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى سۈنئىي يوسۇندا سىياسىي تارىخ، ھەتتا ئۇرۇش تارىخىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، بۇ كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئىش. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىق ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئەستايىدىل بايان قىلىنغان.

مەن شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىمكى، «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا ماتېرىيال مول، بۇ ماتېرىياللار بىر-بىرىنى دەلىللەپ، ئۆز ئارا تولۇقلاپ، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى پائالىيىتى ھەم تۆھپىلىرى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىتراپلىق ئىپادىلەنگەن.

تارىخ جەريانى ئادەتتە، كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ قاتلام، كۆپ كۆرۈنۈشلۈك بولىدۇ. بىرەر تىلدىكى ماتېرىيال پۈتكۈل بىر تارىخ جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىغا ئورۇنداپ كېتەلمەيدۇ. تارىخشۇناسلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەنە شۇ سان-ساناقسىز تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي تونۇشىنى تىكلەپ، تارىخ جەريانىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىش ۋە قايتا كۆرسىتىش ئىدى.

مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇشتا مۇئەللىپنىڭ ماتېرىياللار بىلەن قانچىلىك دائىرىدە تونۇشقانلىقىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇئەللىپنىڭ ماتېرىياللارنى چۈشىنىش قابىلىيىتىگىمۇ باغلىق. روشەنكى، ليۇزىشياۋنىڭ تىل ۋە يېزىق قابىلىيىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى چۈشىنىش قابىلىيىتى ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى چوقۇم. دەل مۇشۇ ئارتۇقچىلىقلار ليۇزىشياۋنى تارىخىي ۋەقە ھەم تارىخىي شەخسلەرنى جانلىق ھالدا تەپسىلىي پەرق ئېتىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋەقەلىكنىڭ جەريانىنى ئىتراپلىق چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات خۇلاسىسىنى مەزمۇت ئاساستا تىكلەپ، ئادەتتىكى كىتابخانلارغا ئومۇمىي تارىخىي ساۋاقنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن تەڭ، مۇشۇ ساھەدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش قىلىشقا نىيەت باغلىغانلارنىمۇ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. شۇڭا نەچچە يۈزمىڭ خەتلىك بۇ ئەسەر كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىنى جەلپ قىلىدىغان، ئىشەنچلىك تارىخىي ئەسەر بولۇپ چىقتى.

ئۆز بايانىنى مول ماتېرىيال ئاساسىغا تىكلەش «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) نىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىرلىككە ئىنتىلىش، ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلىش، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش، 5 مىڭ يىللىق جۇڭخۇا تارىخىنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات يۆنىلىشى، جۇڭگو تارىخىدىكى چوڭ ھەق بىلەن چوڭ ناھەقنىڭ

چېگرىسىنى ئەنە مۇشۇ دائىرىدە «ئۇيغۇنلىشىش» ياكى «قارشىلىشىش» ئىپادىلىرى بىلەن ئايرىلغان. مۇشۇ تارىخىي يۈزلىنىش بىلەن قارشىلاشقانلار مۇقەررەر يوسۇندا يوقالغان.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي پائالىيىتى، شۈبھىسىزكى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي يۈزلىنىشكە ئۇيغۇنلاشقان. بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى شۇكى، ئۇيغۇر مىللىتى ۋەتەن زېمىنىدا بىرقانچە مىڭ يىل ياشىغان، ئاۋغان ھەم بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدە كۈندىن-كۈنگە گۈللىنەمەكتە ۋە روناق تاپماقتا.

«ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا ئىشۇ مۇھىم پاكىت بويىچە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى كونكرېت ۋەقەلەر پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا مەنتىقىگە ئۇيغۇن، ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا بايان قىلىنغان.

XIX ئەسىرنىڭ 60-يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان ۋەقە، قوزغىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىنكى 10 نەچچە يىل داۋامىدا، شىنجاڭغا ئائىت ئىشلار چىڭ سۇلالىسى مەركىزىنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە قايتا-قايتا قويۇلغان. ھەتتا روسىيە ۋە ئەنگلىيىلەرنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ مەلۇم تەسىر پەيدا قىلغان.

بۇ جەرياننىڭ مەنتىقە تەرتىپى مۇنداق: كۇچاردا باشلامچى بولۇپ كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار تەيپىڭتىيەنگوغا ئوخشاشلا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ قوزغىلىشى ھەققانىي كۈرەش. چاررۇسىيە بىلەن ياقۇپبەگ جۇڭگو زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ قوزغىلاڭلارنى ۋەھشىيانە تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت. چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگ بىلەن چاررۇسىيىنى قوغلاپ چىقىرىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتۇرۇپ ئالغان. شۇڭا بۇ تارىخقا پۈتۈشكە تېگىشلىك تۆھپە.

«ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا XIX ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن 80-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي جەريان ئۈستىدە توختالغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەنە شۇ مەنتىقە تەرتىپى بويىچە نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەنىڭ ھەق، ناھەقلىقى ئايرىلغان. نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۆھپىسى ۋە جىنايىتى ئىزھار قىلىنغان. ئەملى قوزغىلاڭچى ھەربىي ۋە خەلقلەرنىڭ چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا، مۇئەللىپ تۈرلۈك داكومېنتلاردا تەمىن ئەتكەن تەپسىلاتلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، قوزغىلاڭچى ھەربىي ۋە خەلقلەرنىڭ ۋەتەن زېمىنىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ۋە مەردانىلىقىنى تولۇق ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، كىتابخانلار ئوقۇۋېتىپ ئىختىيارسىز روھلىنىپ، ھېسسىياتى ئېپتىخارلىققا تولۇپ كېتىدۇ.

«ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا يەنە شۇ تەرتىپتە كۇچار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ياقۇپبەگ بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي بويلىرىدا ئۈچ قېتىم قاتتىق جەڭ قىلغانلىق جەريانى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ مۇئەللىپنىڭ راشىدىن خوجا ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئەسكەرلىرىگە ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىشنى مۇراجىئەت قىلغانلىقى توغرىسىدا قىلغان بايانلىرى، ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى شۇ ھامان كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

بەزىلەر ياقۇپبەگنىڭ باشتىن-ئاخىر «ئاتالىق غازى» دېگەن نامغا بەكرەك بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەپلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا چوڭقۇر سەۋەب بولغان ئامىل شۇكى، ياقۇپبەگ ئورتاق دىنىي ئېتىقاد ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتتا كۆرۈلگەن ئاداۋەتنى يوپۇتماقچى، «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا «تارىخى ھەمىدى» ۋە «تارىخى ئەمىنىيە» دىن كۆپلەپ نەقىل كەلتۈرۈپ، ياقۇپبەگنىڭ خوتەندە بىر قانچە ئون مىڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى قىرىۋەتكەنلىك جىنايىتى

سۈرەتلەپ، خوتەننىڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈمگە پەسەنت قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىق قەيسەرلىكى مەدھىيلەنگەن ھەم ياقۇپبەگنىڭ ئۇيغۇر ۋە خوتەن ئەتراپىدىكى خويزۇلارنىڭ پۇقرىلىرى دەرىجىلىك دىنىي ئەربابى بولغان راشىدىن خوجا، ھەبىبۇللا مۇفتىي، تۇمەن ئاخۇنلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك تەپسىلاتى ئۆز لايىقىدا سۆزلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن «ئىسلام ئاچىمەن» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويغان ياقۇپبەگنىڭ ساختا قىياپىتى بىر مۇقەددىمىدە ئېچىپ تاشلانغان.

شۈبھىسىزكى، «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) نىڭ يۇقىرىقى مەزمۇنلار توغرىسىدىكى بايانلىرى نەتىجىلىك بولغان. بۇ مەسىلىلەردە مۇئەللىپ ئەقىلگە مۇۋاپىق مەنتىقە تەرتىپى ئارقىلىق ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت ئالغان پاكىتلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەق بىلەن ناھەق، توغرا بىلەن خاتانى ئېنىق ئايرىپ چىققان.

مەن بىزلەرنىڭ بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ئېغىرلىق ھېس قىلىپ، تۈگىگىچە ئوقۇپ چىقىشقا بەك قىيىن چۈشۈۋاتىدۇ دېگەن زارلىنىشلىرىنى پات-پات ئاڭلاپ تۇرىمەن. سەۋەب، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى كەمچىل، مەزمۇنى تومتاق، ئۇسلۇبلىرى تۇراقلاشقان، بايانلىرى قېلىپلاشقان. بۇ ھال، ۋەقەلىكى گىرەلىشىپ كەتكەن، شەخسلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان رەڭدارلىق تۇس ئالغان مول تارىخىي مەزمۇنلارغا زادى جىپسىلاشمايدۇ.

مەن ئوبرازلىق تەپەككۇر مېتودىدا تارىخ مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەش تەرەپدارى ئەمەس، مېنىڭ تەكىتلەۋاتقىنىم تارىخىي ئەسەرلەردىمۇ مەلۇم بەدىئىيلىك ئىستىلىكا بولۇشى لازىم.

مەن «ئۇيغۇر تارىخى» (1-قىسىم) نى ئوقۇپ چىققىنىمدا ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. پۈتۈن ئەسەرنىڭ تەلەپپۇزى تەمكىن، جۈملىلىرى ئىخچام، مەزمۇنلىرى چۈشىنىشلىك، بايانلىرى راۋان، مۇنداق بەدىئىي ئۇسلۇب داۋلىنى چۈشەندۈرۈشتە، مەقسەتنى بىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە. «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) دا بۇ خىل بەدىئىي ئۇسلۇب تامامەن ساقلاپ قېلىنغان ھەم بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەسەرنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتىنى ھاسىل قىلغان.

بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىدىنمۇ قەدىرلىك نەرسە بولماس.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىخ مۇساپىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئېغىشماي ئىجادىي ئىقتىساد پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ۋە شانلىق مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى ياراتقان، بۈگۈنكى كۈندە، ليۇزىشياۋ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەزگىل ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ، بىر مىليون خەتلىك ئەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمدىن ھازىرقى زامانغا قەدەر بولغان تارىخ ئۆتمۈشىنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ چىقتى، بۇ دۆلەتكە تۆھپىلىك، خەلققە تۆھپىلىك، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىگە تۆھپىلىك خىزمەت، بۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنى ھەم خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە قىلىپ يېزىپ چىقىش داۋامىدا، ليۇزىشياۋ ئىپادىلىگەن ئۆز كەسپىگە قېتىرقىنىپ بېرىلىش روھى ھەم ئىش قابىلىيىتى ئۆزى ياراتقان مۇشۇ ئەسەرلىرى بىلەن بىللە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولغۇسى.

ئاخىرىدا، مەن «ئۇيغۇر تارىخى» (1 - قىسىم) غا يازغان «كىرىش سۆز ئورنىدا» دىن بىر ئابزاس نەقىل كەلتۈرۈپ، سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، «بۇنداق بىر چوڭ ھەجىمدىكى تارىخ ئەسىرىدە كەمچىلىك، ھەتتا ئايرىم خاتالىقلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش مەقسىتىدە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# ماركسىزملىق توغرا ئاياللار قارىشىنى تىكلەيلى

## ـــ 4-نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى

خەلچەم ئىسلام

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 4-نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى يىغىنى 1995-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. قوشۇمچە خاراكتېردىكى 95-يىللىق غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتى ئاياللىرى مۇھاكىمە يىغىنى 8-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە داۋاملاشتى. يىغىنغا قاتناشقانلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ 46876 نەپەرگە يەتتى. بۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تارىخىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىق خەلقئارالىق كاتتا يىغىن بولۇپ، ھازىرغىچە دۆلىتىمىز زېمىنىسىگە ئالغان يىغىنلار ئىچىدە كۆلىمى ناھايىتى زور بولغان خەلقئارالىق يىغىن. يىغىن يەر شارى بويىچە ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرىدىغان، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر مۆجىزە بولۇپ، تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغۇسى. يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە كۈچ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا ئاياللىرى تەرەققىيات ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئىپادىلىدى. دۇنيا ئاياللىرى يىغىنى كېڭىشىش ئارقىلىق «بېيجىڭ خىتابنامىسى» ۋە «ھەرىكەت پروگراممىسى» نى ماقۇللاپ، پۈتكۈل يەرشارى بويىچە ئاياللار ئىشلىرى تەرەققىياتىغا ئەسىر ھالقىيدىغان تەسىر قوزغىدى. دۆلىتىمىز ئاياللار ئىشلىرى تەرەققىياتىغىمۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ يىغىننى ئېچىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە نام شۆھرىتى ئۆستى، ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيۇشۇشچانلىقى»نــى كۈچەيتىـــپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق بولدى.

4-نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى يىغىنىغا 15327 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى 5710 نەپەر. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلى كۆزەتكۈچىلىرى 5260 نەپەر، خەلقئارا تەشكىلىنىڭ ۋەكىللىرى 412 نەپەر، مۇخبىرلار 3945 نەپەر، (بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەللىك مۇخبىرلار 3104 نەپەر. جۇڭگو مۇخبىرلىرى 841 نەپەر). بۇ قېتىمقى ئاياللار يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسى: ھەرىكەت ئارقىلىق باراۋەرلىك، تەرەققىيات، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش. ئاساسىي ۋەزىپىسى:

«2000-يىلغىچە ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈش، نايروبى ئالدىغا قاراش ستراتېگىيىسى» بويىچە «بېيجىڭ خىتابنامىسى» ۋە «ھەرىكەت پروگراممىسى»نى تۈزۈش، ماقۇللاش، ئىجراسىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. «بېيجىڭ خىتابنامىسى» نىڭ مەزمۇنلىرى نىسبەتەن ئاددىي، ئۇ «باراۋەرلىك، تەرەققىيات، تىنچلىق»نى نىشان قىلغان بولۇپ، 10 يىلدىن بۇيان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈش جەھەتتە كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە توسالغۇلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قانۇنلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىمۇ تىلغا ئالغان. مەسىلەن: ئەر-ئايال باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتى ۋە ساغلاملىقىنى قوغداش، ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭى مەبلەغ ۋە ياردەم ئارقىلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

«ھەرىكەت پروگراممىسى» تەربىيىلەش، ساقلىقنى ساقلاش، قوراللىق توقۇنۇش، ئىقتىساد، سىياسەت بەلگىلەشكە قاتنىشىش، ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈش، كىشىلىك ھوقۇق، ئاخبارات، نەشرىيات، مۇھىت قاتارلىقلار نۇقتىسىدىن 12 ساھەگە بۆلۈنىدۇ. ھەر قايسى دۆلەت ئاياللىرى ئالدىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تەربىيىلەش، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى پروگراممىدا گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى ھەمدە بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ھەرىكەت مىزانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قانۇني جەھەتتىكى ۋە رېئاللىقتىكى ئەر-ئايال باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاياللارغا زورلۇق ئىشلىتىشنى مەنئىي قىلىش، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ۋە ئائىلىدە ھەر قانداق كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، ئاياللارنى خارلىماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر تەكىتلەنگەن. «بېيجىڭ خىتابنامىسى» ۋە «ھەرىكەت پروگراممىسى»، پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللار ئورتاق كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ دۇنيا ئاياللىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت. مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ۋە كېيىنكى ئەسىردە ئاياللار ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ.

ئاياللار مۇھاكىمىسى يىغىنى 8-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە داۋاملاشتى. بۇ يىغىنغا جەمئىي 31549 كىشى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ۋەكىل 26549 نەپەر، جۇڭگولۇق ۋەكىل 5000 نەپەر بولۇپ يىغىن قاتناشقۇچىلىرى «باراۋەرلىك، تەرەققىيات، تىنچلىق» تېمىسى ئاساسىدا، پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق جۇڭگو ئاياللىرى دۇنيانى، دۇنيا ئاياللىرى جۇڭگونى چۈشەندى.

تۆۋەندە بىز بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئىگە بولغان تەسىراتىمىز ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

1. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغاندىلا، دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلارنى ياخشى ئىشلەپ، خەلقئارالىق ئىشلاردا تېخىمۇ زور رول ئوينىيالايدىكەنمىز. بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، چوڭ تىپتىكى خەلقئارالىق يىغىننى ئېچىشنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە دۆلەت كۈچى ۋە ياخشى مۇھىتى بولۇش لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق كۆلىمى ئىنتايىن زور بولغان خەلقئارالىق يىغىننى ئۈستىگە ئېلىشى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىمىز ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنىڭ داۋاملىق، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا، ئىقتىساد تەرەققىي قىلمىسا، جەمئىيەت مۇقىم بولمىغان بولسا، مۇنداق چوڭ كۆلەمدىكى

خەلقئارا يىغىنلىنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، بىر دۆلەت قۇدرەت تاپقاندىلا، خەلقئارا ئىشلارغا قاتنىشىپ خەلقئارادا ئىززەت ئابرويىنى ئۈستۈرەلەيدۇ. يىغىندا بىر قىسىم غەرب ئەللىرى مۇخبىرلىرى ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىپ بەزى ئاۋارىچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. بىز پەقەت پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنى تېزلىكتە قۇدرەت تاپقۇزساقلا، پۈتۈن دۇنيادىكى باراۋەرلىك، تەرەققىيات، تېنچلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايمىز.

2. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكى، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولدى. يىغىندا، دىپلوماتىيە سىياسىتىمىز بويىچە ئىش كۆرۈپ، زور كۆپچىلىك بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئاز ساندىكىلەرنى يېتىم قالدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ كېڭەيتىش تەشەببۇس قىلىندى. توغرا تەرەپتىن تەشۋىقات كۈچەيتىلدى.

3. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. يىغىندا سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى نامايان قىلىندى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالىيجاناپ خىسلىتى تونۇتۇلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، دۆلىتىمىز ئاياللىرىنىڭ روھىي قىياپىتى، ئاياللار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئاياللارنىڭ ئاكتىپچانلىقى، ئىجادچانلىقى، جۇڭگو خەلقىنىڭ جاسارىتى، ئۇيۇشۇشچانلىقى كۈچەيتىلدى.

4. دۆلىتىمىز خەلقئارالىق يىغىندا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاياللار ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولدى.

يىغىن، ھەرىكەت ئارقىلىق باراۋەرلىك، تەرەققىيات، تېنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى. دۆلەتلەر ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، دۆلىتىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا ئاياللار خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. دۆلىتىمىز ئاياللار خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنىڭ كۆزدىلىك، ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى خەلقئارا كۈچلەرنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى.

5. دۆلىتىمىزدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، خەلقئارا پائالىيەتلەردىكى رولى كۈچەيتىلدى. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان خەلقئارا يىغىنلاردىكى غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلى مۇھاكىمە يىغىنلىرى كۆپ بولدى. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلىنىڭ رولى بارغانسېرى كۈچەيدى. بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ ئاممىۋىي تەشكىلاتلىرى ئاياللار بىرلەشمىسى (خەلقئارادا غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلى ھېسابلىنىدۇ) نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. دۆلىتىمىزنىڭ دىپلوماتىيە كۈرەشلىرىگە ماسلىشىپ، دۆلىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈردى. خەلقئارا غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلىنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، شەرت ھازىرلىغان غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىللىرىنى غەيرىي ھۆكۈمەت خەلقئارا ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى توپلاش مۇھىم دەپ قارالدى.

6. خەلقئارا ئالاقىدىكى زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەپ چىقىلدى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، خەلقئارا ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، پىلانلىق ھالدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، دىپلوماتىيە قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش، تەربىيىلەشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

شىنجاڭدىن بارغان بارلىق ھەر مىللەت ئاياللىرى باشتىن-ئاخىرى شىنجاڭنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن، يىغىننىڭ بارلىق ئىنتىزام-تۈزۈملىرىگە ئاكتىپ بويسۇنۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى كەڭ تەشۋىقات قىلىپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىدى.

بىز شۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق توغرا بولغان ئاياللار قارىشىنى تىكلەش ۋە ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

تۆۋەندە بىز ماركسىزملىق ئىلمىي ئاياللار قارىشىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

ئاياللار قارىشى-ئىنسانلارنىڭ ئاياللارغا بولغان تۈپ قارىشى، ئەڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەردۇر. ئۇ ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ بىللە ياشاش ئەمەلىيىتى داۋامىدا پەيدا بولغان. ئۇ ماركسىزملىق مېتودولوگىيە ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئىجتىمائىي ھوقۇقى ۋە ئاياللارنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولى قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەھلىل ۋە يەكۈندۇر.

ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. ئاياللارنىڭ ئېزىلىشى ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسە. قەدىمكى زاماندا ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە باراۋەر بولغانىدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سىنىپىي قارمۇ-قارشىلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئاياللار پەيدىنپەي باراۋەرلىك ئورنىدىن، مال-مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتتە مەستۇرىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىندى، ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ سىرتىدا قېلىندى. شۇڭا يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم.

2. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان جەمئىيەتتە ئاياللار ئېزىلىش، خارلىنىش ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى، ھەتتا تاۋار شەكلىنى ئالدى. بۇنداق ئەھۋال ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ ۋە شۇ تۈزۈم تەرىپىدىن قوغدىلىپ قالماستىن، بەلكى، شۇ ئىقتىسادىي تۈزۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئاڭ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە كۆز قارىشىغا سىڭدۈرۈلۈپ كەتكەن. شۇڭا ئاياللارنىڭ مەھكۇملۇق ئورنىدىن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئاڭ جەھەتتىن ئازادلىققا ئېرىشىشى بارلىق ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقىغا ئەگىشىپ ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3. ئاياللارنى ئىجتىمائىي ئەمگەككە ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تىكلەش ئاياللارنى ئازادلىققا چىقىرىشنىڭ مۇھىم شەرتى. كىشىلەرنىڭ جۈملىدىن ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ۋە ئائىلىدە ئورنى بولىدۇ. بۇنداق ئورۇن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى ۋە رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئېنگېلس بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «ئاياللار يەنىلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ، ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قويۇلىدىغان بولسا، ئاياللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.» شۇڭا بۇ ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلاش كېرەك. بۇنداق شەرت سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىلا ھازىرلىنىدۇ.

4. ئاياللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان كېتىدۇ، چۈنكى ئاياللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرايدۇ؛ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماي، مەنىۋىي مەدەنىيەت دەرىجىسىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كىشى كىشىنى ئېزىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان دۆلەت

ھاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىلا، ئاياللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىنى، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى سىياسىي تۈزۈم جەھەتتىن تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن كونا جەمئىيەتنىڭ داغلىرى ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا كونىچە ئاياللار قارىشى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ساقلىنىپ تۇرىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن قانۇنىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىدىن ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىككە يېتىشتە ئۇزاق مەزگىل كۈرەش قىلىشقا، ئەگرى-توقاي مۈشكۈل يولنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

5. ئاياللار قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يارىتىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رول ئويناپ كەلگەن، ئەرلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي، ماددىي مەدەنىيەت يارىتىپ كەلگەن، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىيىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان، شۇڭا ئۇلار ئەرلەرگە ئوخشاش كىشىلىك قەدىر-قىممەتكە، ئىززەت-ھۆرمەتكە، ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاسرىلىشى، ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. بۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك قانۇن-نىزام ۋە ئەدەب-ئەخلاق.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

(بېشى 17 ـ بەتتە)

مەشغۇلات قائىدىلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تۈزۈپ چىقىپ، بازارلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كەۋدىلەندۈرەلەيدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەش، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە ياردەم بېرىش لازىم.

بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم. بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ـ ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا يېزا ـ ئىقتىسادىنى توغرا ئورۇنغا قويۇش، بولۇپمۇ سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. كونا تۈزۈلمىنىڭ ئورنىنى يېڭى تۈزۈلمە ئىگىلەۋاتقان مەزگىلدە بازار ۋاستىسىمۇ، مەمۇرىي ۋاستىلەرنىمۇ تەڭ ئىشقا سېلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراش، يېزا ئىگىلىكىدىن ۋاز كېچىش خاھىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نوقۇل ھالدىكى مەشغۇلات مىقدارىنى قوغلىشىدىغان دائىرىدىن ھالقىپ دېھقانلارنى يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى يولىغا يېتەكلەش لازىم. ئۈچىنچىدىن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ساغلام بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچ قىلىش؛ دېھقانلارنىڭ تىرىشچانلىق ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، مەبلەغنىڭ باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش كېرەك.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

# شىنجاڭ يېزىلىرىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا تەتقىقات

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى

1. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يولى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش، بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش داۋامىدا، بىرىنچىدىن ئىشلەپچىقىرىشنى، ئىككىنچىدىن ئوبوروتنى تۇتۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. 1994 ـ يىلى ۋە 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىنىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمى تېز ئاشتى، ئەمما ئاشلىق، پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىشى، باھاسىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىرىلغان دېھقانلارنىڭ كىرىم چوڭ ھېسابى ھامان ئەمەلىي ستاتىستىكا قىلىنغان دېھقانلارنىڭ كىرىم تەپسىلىي ھېسابىدىن كۆپ ئارتۇق بولدى. ئىشلەپچىقىرىلغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى تەننەرخىنى چىقىرىۋېتىپ ئوبوروت ساھەسىگە كىرىپ تاۋار بولغاندىن كېيىنلا دېھقانلار ئاندىن ھەقىقىي ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشەلەيدۇ، يۇقىرىقى جەريانلاردا تەبىئىي ھالدا پايدىنىڭ ئايرىۋاشلىنىشى، جۈملىدىن بىۋاسىتە پايدا بىلەن ۋاستىلىك پايدىنىڭ ئايرىۋاشلىنىشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى ئوبوروت تېز ئۆسۈپ بېرىۋاتقاچقا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ پايدىسى بىۋاسىتە ئايرىۋاشلىنىپ كېتىدۇ؛ ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى تۆۋەنرەك، نامۇۋاپىق ئوبوروت ھالقىلىرى بىر قەدەر كۆپ، مەھسۇلاتلار ئوبوروتقا كىرگەن ياكى يېرىك پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ باھاسى بىر ھەسسە قاتلانغاچقا، شەھەر-يېزىلاردىكى خەلقلەر مال باھاسىنىڭ تېز ئۆرلەپ كېتىشىنى ئېغىر بېسىم ھېس قىلىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ 1994-يىلى يېزىلاردىكى مال باھا كۆرسەتكۈچى شەھەرلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇشتەك ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقتى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تېز ئاشقان بولسىمۇ، مال باھاسىنىڭ تەسىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى ئانچە كۆپ قالمىدى، بۇ پايدىنىڭ ۋاستىلىك ئايرىۋاشلىنىشىدۇر. شۇڭا دېھقانچىلىق، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى توپ بازىرى قۇرۇشنى مۇۋاپىق ئويلىنىپ، قەرەللىك مال سودىسىنى پەيدىنپەي يولغا قويۇش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ نەق مال سودىسىنى مەھسۇلاتتىن بۇرۇنقى، مەھسۇلاتنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى ۋە ئالدىنئالا سېتىشقا ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروتنىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇششاق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ خەۋپ-خەتىرىنى ئازايتىش، شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار پايدىسىنىڭ ئىجتىمائىي قايتا تەقسىماتتا ئازىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇش لازىم.

2. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئازايتىش كېرەك. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئازايتىش ئۇلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكەنگە باراۋەر، بۇ دېھقانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى، جۇغلانمىنى كۆپەيتىش ۋە تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىشىگە، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئىمكانقەدەر تېز

ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلەپكە پايدىلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدا دېھقانلارنىڭ سېلىقى يەنە بىر ئاز كۆپىيىپ قالدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈشىچە، 1994-يىلى دېھقانلارنىڭ باجدىن كېيىن كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن سېلىقى 99.2 يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلقى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ساپ كىرىمنىڭ 12.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. شۇڭا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچ قالايمىقان» قاتارلىق تۈرلۈك نامۇۋاپىق سېلىق سېلىش مەسىلىلىرىنى تەلتۆكۈس ئېنىقلاش ۋە توسۇش خىزمىتىنى دائىم بوشاشماي چىڭ تۇتۇش كېرەك.

3. كۈچلۈك رەھبەرلىك تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھاللىق سەۋىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى يەنىمۇ ئۆگىنىشى ۋە ئىگىلىشى، تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەردە يېتەكچى ئاملىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، ئاساسىي زىددىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەڭشىشى، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش جەريانىنى ھەقىقىي تۈردە ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچى، ھەر قايسى جايلار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈشى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىللە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان رايونلار ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى پەللىگە ئۆرلىشى؛ نامرات رايونلار نامراتلىقتىن ئىمكانقەدەر تېزراق قۇتۇلۇپ، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش سەۋىيىسىگە يېتىشى كېرەك. ئۈچىنچى، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ھەر قايسى جايلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئاساسىي ئەھۋالىنى قەرەللىك تۈردە تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى نازارەت قىلىش، مۆلچەرلەش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش لازىم، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئاساسىي ئەھۋالىنى مۇۋاپىق پەيتتە ئىگىلەپ تۇرۇش، شىنجاڭ يېزىلىرىنى ئۆز قەرەلىدە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلاردىكى خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئىزدىنىش كېرەك.

4. ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ھەر تەرەپلەر مەبلەغ چىقىرىپ، يېزىلارنىڭ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، يېزىلارنىڭ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مۇھىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش زۆرۈر. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇش، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئەسلىھەلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزىلاردا پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىشىگە ياخشى نازارەت قىلىش لازىم.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 2-سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

# ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرەيلى

يۈرقەت ئابدۇرېشىت

ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلۇۋاتقان، ھەر ساھەلەردە زور نەتىجىلەر قولغا كېلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، زۇڭلى لى پېڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىدا «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى توغرىسىدىكى دوكلات» نى بەردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ تەلىپىدە «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 - يىلدىكىدىن ئۈچ قاتلاش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنداق ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ۋە بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلاش XXI ئەسىرگە دادىل قەدەم بېسىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

تۆۋەندە شىنجاڭنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىنى ۋە كەلگۈسى نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش توغرىسىدا يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

9 - بەش يىللىق پىلانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئەلۋەتتە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا سودىنى خەلقئارالاشتۇرۇش دېگەندىن ئىبارەت. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش لازىم.

1. قولاي ئىقتىسادىي مۇھىت يارىتىش كېرەك. ھەممىگە مەلۇم، شىنجاڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىشى - شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. زۇڭلى لى پېڭ دوكلاتىدا «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ تەۋرەنمەس فاڭجېنى، چەت ئەل مەبلىغىدىن داۋاملىق تۈردە پائال، مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، چېگرا بويىدىكى رايونلار ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىغا ھەقىقىي تۈرتكە بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش - ئىچكى مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى بولۇپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چەت ئەل سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش - يەنى قولاي مۇھىت يارىتىش كېرەك. قولاي مۇھىت دېگىنىمىز، چېگرىدىن كىرىش - چىقىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، تاموژنا بېجى ۋە باشقا تۈرلۈك باجلارنى

ئىمكانقەدەر ئازايتىش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش مەسىلىلەرگە قارىتىلغان. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر مۇۋاپىق ھەل قىلىنمايدىكەن چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى يوقاپ، چەت ئەل مەبلەغدىن پايدىلىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى مۇھىمى 9 - بەش يىللىق پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇشقا زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشمۇ قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىتى يول قويغان دائىرە ئىچىدە، چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە بولغان ئىقتىسادىي مۇھىتنى ياخشىلاپ، چەت ئەل مەبلەغدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە پۇختا ئاساس يارىتىش لازىم.

2. ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى ئېگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقلەر شىنجاڭدىكى ئوخشاش مىللەت خەلقلىرى بىلەن تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. كۈندىلىك بۇيۇملار، بولۇپمۇ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئېھتىياجىنى قامدىيالمىدى. بۇ جەھەتتە شىنجاڭ مەلۇم ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. 1996 - يىلى شىنجاڭنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى يولغا قويۇلىدىغان تۇنجى يىل، شىنجاڭنىڭ 1996 - يىللىق ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 11% قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇغراپىيىلىك ئەۋزەل شارائىت، بايلىق ئارتۇقچىلىقىدىن ئىبارەت ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشىكنى تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋېتىشىمىز ۋە قەدەمنى تېزلىتىشىمىز، ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى ئېگىلەشكە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مۆلچەرلەپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىمىز، مەھسۇلات سۈپىتىنى 1 - ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئۈچۈن ئىستېمالچىلار مۇۋاپىق بەدەل تۆلەشكە رازى بولىدۇ. سۈپەت ناچار بولىدىكەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىش بىلەن بىرگە خەلقئارا ئابرويىمىزغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. نۆۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىز بولغاچقا، باھا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلمىسا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سودىدا ئادىل بولۇشىمىز، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشىمىز كېرەك.

( ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

# يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىشنىڭ تەدبىرلىرى

ۋارىسجان ئابلىز

**1. ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزا - كەنت ۋە دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش لازىم.**

مالىيە، باھا، كرېدىت، باج قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇشتىكى رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلىدىغانلا بولسا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن سودا - سانائەت تىجارىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى كىچىكلەيدۇ - دە، دېھقانلار ۋە يېزا - كەنتلەر باشقا تۈردىكى كەسىپلەرگە سالىدىغان مەبلەغنى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن سالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ خىل تەدبىرنى قوللىنىش كېرەك:

بىرىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ ئارقىلىق يېزا - كەنت ۋە دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرگەندە باھا ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ قولىدىكى ئاشلىق، پاختا، ياغلىقدان قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى نىسبەتەن يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مالىيە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئاھالىلىرىگە مەلۇم نىسبەتتە تولۇقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنداق ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ھەم ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ھەم يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. بىراق ھازىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى باشقا مەھسۇلاتلارنىڭكىدىن يەنىلا تۆۋەن، ئەمگەك سەرپىياتى يۇقىرى بولىۋاتىدۇ؛ شۇڭا ئۇنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش تىزگىنلەش رولىنى كۈچەيتمەي بولمايدۇ.

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىش مۇقەررەر ھالدا دېھقانلارنى ۋاقىتلىق قەرز ئېلىپ يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىشقا ئۈندەيدۇ. قەرز پۇل تارقىتىشتا بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قەتئىي بوشاشتۇرماي، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەسىپ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى قوللاپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، كرېدىتنىڭ ئىقتىسادىي پىشاڭلىق رولىدىن پايدىلىنىش لازىم؛

ئۈچىنچى، دېھقانلارنى بازارغا يۈزلىنىشكە سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن باج، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بازارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا، دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

**2. ئالدىن بېيىغان دېھقانلارنى تەشكىللەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش لازىم.**

ئالدىن بېيىغان دېھقانلارنى تەشكىللەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىشتە «پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى» نى يولغا قويۇشنى سىناق قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولى ناھايىتى زور. يەنى، ئالدىن بېيىغان ئۈچ ئائىلىلىكتىن ئارتۇق دېھقان كېلىشىمگە ئاساسەن مەبلەغ، مال - مۈلۈك، تېخنىكا، ئەمگەك قاتارلىقلارنى پاي قىلىش ئارقىلىق تەشكىللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ، دېموكراتىك باشقۇرۇش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ ھەمدە قانچىلىك پاي قوشقان بولسا شۇنچىلىك ھوقۇقى بولىدۇ.

**3. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىشتىكى كۈچلۈك ئامىلغا ئايلاندۇرۇش لازىم.**

يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %85 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ؛ بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش - ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. شۇڭا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئورنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى تېزدىن ھەل قىلىپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىشتىكى ئاساسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر.

**4. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە رەھبەرلەر يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش خىزمىتىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىكىدە كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا يېڭى قاراش تىكلىشى لازىم.**

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يېزا ئىگىلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، بازار ئىگىلىكى قارىشى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش قارىشىنى تىكلەش ئارقىلىق يىرىك يېزا ئىگىلىكى، كەڭ كۆلەملىك ئوبوروت دائىرىسى ۋە چوڭ بازارنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىغا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىخچام ۋە ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىپ ھەم فۇنكسىيىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى ۋە يېزا - بازارلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشنى زاپاس مەبلەغ ۋەئىناۋەتلىك قەرزنى كۆپەيتىش قاتارلىق تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق يېزا - بازار كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، دېھقانلار ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ بازارغا كىرىشىگە مەدەت بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى؛ بازارنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇر ئارقىلىق يېتەكلەپ، پىلان ۋە

(بۇ بەتنىڭ داۋامى 11 - بەتتە)

# شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر

مەردان سەيدۇللا

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ» ئاخىرلىشىشى بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا، يەنى تىنچلىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئاساسىي يۆنىلىش قىلغان باسقۇچقا قەدەم قويدى.

1991 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، رايونىمىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئەڭ چوڭ قورۇقلۇق پورتىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇق كۆۋرۈكىدىكى مۇھىم ئورنىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىدە ھەل قىلغۇچ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆز ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. لېكىن بەزى ئامىللار بۇ مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## ئىچكى ئامىللار

1. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ئەڭ مۇھىم ئامىل

شىنجاڭ ئىچكى قورۇقلۇقتا جايلاشقان، دېڭىزغا يىراق، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، موڭغۇلىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق 8 دۆلەت بىلەن بىۋاسىتە چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5700 كىلومېتىر. سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزىدىن 14 ى بار، جۇغراپىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، بۇ زېمىن تازا گۈللەنگەن ھەم شەرق ۋە غەربنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن «يىپەك يول» نىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆز رولىنى يوقىتىشى ۋە يېغىلىقلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى دەھشەتلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ بىر مەزگىل ياخشىلىنىشى ئۇنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلىغان. جۇڭگو ـ سوۋېت ھۆكۈمىتى سودا كېلىشىمى ئىمزالاپ، قورغاس، تورغات قاتارلىق چېگرا ئېغىزلىرى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي سودىسى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا بەلگىلىك ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىز تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادى ئەسلى ئاجىز بولغان شىنجاڭ تېخىمۇ نامرات، ئاساسىي ئىسلاھەلىرى ئاجىز رايونغا ئايلاندى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گەرچە مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاستىدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلى

يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مەبلەغ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمىدى.

2. مەبلەغ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كەمچىللىكى، شىنجاڭنى خەلقئارا رىقابەتتە تەمتىرىتىپ قويىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغاچقا ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى شەرقىي قىسىمنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ، ھەر خىل ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مەبلەغ بىلەن ئۇنۇملۇك تەمىنلىگەچكە، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭ مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماي، بايلىق ئەۋزەللىكىنى تاۋار ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرالمىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ھەر خىل مەھسۇلاتلارغا، بولۇپمۇ يېنىك سانائەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئۇلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ناھايىتى كەمچىل بولغاچقا، ھە دېگەندە غەرب دۆلەتلىرى بىلەن سودا قىلالمىدى. بۇنداق شارائىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مالغا ـ مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى ئاساس قىلىپ مەملىكىتىمىزدىن كۆپلىگەن يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ۋاقىتلىق ئېھتىياجىنى قامدىدى. شۇ مەزگىلدە رايونىمىزمۇ بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن شېرىكلىشىپ بەزى يېنىك سانائەت كارخانىلىرىنى قۇردى.

لېكىن، شىنجاڭدا خەلقئارا بازارغا كىرەلىگۈدەك، ھەتتا مەملىكىتىمىز بازارلىرىغا كىرىپ، باشقا مەھسۇلاتلار بىلەن رىقابەتلىشەلىگۈدەك مەھسۇلاتلار كۆپ ئەمەس، بۇنداق ھالەت بىزنى خەلقئارا رىقابەتتە تەمتىرىتىپ قويىدى.

1991 ـ يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سودىسى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. دېڭىز بويىدىكى رايونلاردىن ئېكسپورت قىلغان تاۋارلاردىن باشقا، شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا شېكەر، ماي، ئاشلىق قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلدى. بۇندىن كېيىن يەنە داۋاملىق مۇشۇ مەھسۇلاتلار ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىغا كىرەلەمدۇ ـ يوق؟ ئۇ بىزگە قانچىلىك ئىقتىسادىي پايدا يارىتىدۇ؟ ـ دېگەن مەسىلىنى ئازراقلا ئويلانساق تۆۋەندىكى يەكۈن چىقىدۇ. ‹1›، قازاقىستاننى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئاشلىقتا ئۆزىنى ـ ئۆزى تەمىنلەپ كېتەلەيدۇ. قازاقىستاننىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ 14.16 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «ئاشلىق ئامبىرى» دېگەن نامى بار. ھازىر يېقىلغۇ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن ئاشلىق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلماقتا. لېكىن بۇنداق ۋەزىيەت ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ. ‹2›، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئاشلىق تېرىلغۇ يەرلىرى يېتەرلىك بولمىغان دۆلەتلەر، ئۆز دۆلىتىنى يېتەرلىك ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن پاختا تېرىلغۇ يەرلىرىنى كېمەيتىپ ئاشلىق تېرىلغۇ يەرلىرىنى كېڭەيتمەكتە. ‹3›، بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي تاپقان باي دۆلەت ۋە رايونلار ھەرگىزمۇ يېزا ئىگىلىكىگە ئەمەس، سانائەتكە، يەنى يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا تايىنىپ بېيىغان ۋە بېيىۋاتىدۇ. رايونىمىزدا يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلىشى ناتايىن، لېكىن پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساسى بولغاندىن كېيىن، مۇشۇ تەرەپتە تېخنىكا يېڭىلاپ ئىزدەنسەك زور ئىقتىسادىي پايدا يارىتىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالايمىز. لېكىن ئاشلىق ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىۋېلىش بىزنى ئىقتىسادىي سودا ئالاقىدا تېخىمۇ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

## تاشقى ئامىللار

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر خەلقئارا سەھنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەرنى بىكار قىلىپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە خاس تۈزۈلمىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزدەندى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە بىر قىسىم پاسسىپ ئامىللار مەيدانغا كېلىپ، مەملىكىتىمىز ۋە شىنجاڭ بىلەن بولغان ئالاقىدا چېكىنىش ھالىتى شەكىللەندى.

1. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىنىڭ مۇقىمسىزلىقى - مۇناسىۋەتنىڭ قويۇق قىلىنىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ بىنورماللىقى ۋە ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىدى. تۈركمەنىستاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئۈزلۈكسىز ئارقىغا چېكىنىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى بەزى سىياسەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق ئۆزگىرىش شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئارىسىدىكى سودا ئالاقىسىغا كۆرۈنەرلىك ئەكس تەسىر كۆرسەتتى. قازاقىستان ۋە شىنجاڭنىڭ سودا ئالاقىسىنى مىسالغا ئالساق، 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە شىنجاڭ - قازاقىستان چېگرا سودىسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى. 1994 - يىلدىن كېيىن ئاساسەن ئۆزگەرمىچان بولدى. 1993 - يىلدىن كېيىن قازاقىستاننىڭ تاموژنا بېجى داۋاملىق ئۆستى. تاموژنا رەھبەرلىرى داۋاملىق ئالمىشىپ تۇرغاچقا، باشقۇرۇش قالايمىقان بولدى. باج بارغانسېرى كۆپىيىپ، دۆلەت بېجى، يەرلىك بېجى قاتارلىق 40 خىلغا يەتتى. ئۇندىن باشقا قازاقىستان دەسلەپتە جۇڭگو - قازاقىستان مالنى - مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسى 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە كۈچكە ئىگە دەپ قارار چىقاردى. لېكىن 1995 - يىلى ئىيۇلدا مالغا - مال ئالماشتۇرۇش سودا كېلىشىمىنى تەستىقلاشنى توختىتىپ قويدى.

2. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى باي، كەمبەغەللىك پەرقىنى چوڭايتىپ، جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى شۇ دۆلەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا جىنايى ھەرىكەت ئەڭ ئەۋج ئالغان دۆلەت قازاقىستان بولۇپ، 1991 - يىلدىن بۇيان، قازاقىستاندا يۈز بەرگەن جىنايى دېلو 200مىڭ قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان. مۇنداق ھالەت يالغۇز قازاقىستاندىلا ئەمەس، بەلكى باشقا قوشنا دۆلەتلەردىمۇ خېلى ئېغىر بولۇپ ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، رايونىمىز ۋە باشقا دۆلەت، رايونلاردىن كەلگەنلەرنىڭ نورمال خىزمىتىگە ۋە ھاياتىغا ئېغىر ۋەھىمە پەيدا قىلماقتا.

3. 1991 - يىلى ئىيۇلدا ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى پۈتۈپ رەسمىي قاتناش باشلاندى. جۇڭگو ۋە خەلقئارادىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇ كۆۋرۈككە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ لىنىيە پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى كېسىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلەر كۆپ، شۇڭا لىنىيىنىڭ راۋان بولۇشى، مال ۋە خادىملارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ناھايىتى مۇرەككەپ سىياسىي مەسىلە. ئەگەر قايسى دۆلەت مەلۇم سەۋەبتىن ئۆز تېررىتورىيىسىدىكى تۆمۈر يولنى ئېتىپ تاشلىسا، پۈتۈن كۆۋرۈك ئۆز

رولىنى يوقىتىپ، ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ھازىر ئاسىيا ـ ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى تېخى تولۇق ئىشقا چۈشمىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر تېخى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلى پىلاندىكى ماللار گەرچە ئارىلىق يىراق بولسىمۇ يەنىلا روسىيە ئارقىلىق توشۇلۇپ، رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى. تاجىكىستان ۋەزىيىتىنىڭ نورمالسىزلىقى شىنجاڭ بىلەن بولغان نورمال سوداغا توسقۇنلۇق قىلدى. تاجىكىستان رايونىمىز بىلەن بىۋاسىتە چېگرىلىنىدۇ، رايونىمىز بىلەن بولغان ئومۇمىي چېگرا ئۇزۇنلۇقى 414 كىلومېتىر. گەرچە چېگرا ئېغىزى تېخى ئېچىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن تاجىكىستان رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا ئالاقىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: 1992 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ۋە تاجىكىستان ئىككى تەرەپ تۈزگەن كېلىشىم 10 غا يېقىن بولۇپ، سودا ئومۇمىي سوممىسى 1992 ـ يىلى بىر يىلدىلا 2 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يەتكەن. لېكىن تاجىكىستان ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى سودا ئالاقىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ پاختا بايلىقىنى ئېچىش، تاجىكىستاندا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار پىلانلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىمالىي شىنجاڭدىكى چېگرا ئېغىزلىرىنى تەكشۈرگەندە ئىگىلىگەن ماتېرىياللار.
② «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 4 ـ سانى.
③ «خەلقئارالىق ماتېرىيال ۋە ئاخباراتلار» 1995 ـ يىللىق 6 ـ سانى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

# شىنجاڭدا مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

شى لىن

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، شىنجاڭدا ۋەزىيەت مۇقىم بولماقتا، ئىقتىساد راۋاجلانماقتا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلدىن-يىلغا ئۆسمەكتە، ھەر مىللەت خەلقى ھەممىنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ باتۇرلارچە ئىلگىرىلەپ، ئىسـلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتماقتا. لېكـىن مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى، ئىزچىل تۈردە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە، شىنجاڭدا مىللەتلەر خىزمىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. قاچان بۇ مەسىلىگە سەل قارالسا، شۇ چاغدا مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا شىنجاڭدا مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، ئورتاق غايە تىكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شانلىق تۇغىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈش لازىم. بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، كۆپ مىللەتلىك رايوندا ئورتاق غايە تولىمۇ مۇھىم. خۇددى يولداش جۇڭنەنخەي ئېيتقاندەك: «ھەر قايسى مىللەتلەردە ئورتاق، ئاكتىپ راۋاجلىنىش مەقسىتى بولسىلا، ئۇنداق پاسسىپ، نارازىلىق قىلىپ قارشىلىشىش كەيپىياتىنى تۈگەتكىلى بولـــىدۇ.» ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىدە ئۇلۇغۋار ئورتاق غايە بار، ئۇ بولسىمۇ پارتىيىمىز بېكىتكەن قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش غايىسىدىن ئىبارەت. بۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ جەھەتلەردە شەرت ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، كەم بولسا بولمايدىغان بىر شەرت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدۇر، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئىجتىمائىي مۇھىت تېنىچ بولۇپ، بىرنىيەت-بىرمەقسەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغاندىلا، قۇدرەتلىك تەۋەج ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش داۋامىدا كۆتۈرۈلۈپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى 16 مىليون ھەر مىللەت خەلقىدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە سېنىڭكىدە مېنىڭ، مېنىڭكىدە سېنىڭ بار. ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ خالىس تۆھپە قوشقاندىلا، گۈللەنگەن، باي، مەدەنىيەتلىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىـــمۇ كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ

ئىدىيىسى، خىزمەت ئىقتىدارى، مەيدان-نۇقتىئىينەزىرى، ئىش-ھەرىكىتى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كادىرلار چوقۇم پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، يۈكسەك پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى، ھەممە ئىشتا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىشى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى لازىم. كادىرلىرىمىز، جۈملىدىن ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەر يەر-ھەر يەردىن كەلگەن، ئورتاق غايە بىزنى بىرلەشتۈرگەن، بىز تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغان بولۇپ شەكىللىنىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. كۆپچىلىك ئۆزى باشلامچى، پاك-دىيانەتلىك بولغاندىلا، ئاممىا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئاممىنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلگەندىلا، پارتىيىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى، ئىتتىپاقلىشىشتا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقىلى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى چەكلەش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چەتئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىنىي جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى ئاڭلىق تۈردە چەكلەپ، دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ماركسىزملىق دىن قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى قايتا تەكىتلەش زۆرۈر: ① كوممۇنىستلار ئاتېزمچىلار بولغاچقا، ھەر قانداق چاغدا ئاتېزمنى تەشۋىق قىلىشى، ئاتېزمدا چىڭ تۇرۇشى لازىم؛ ② ئاممىغا قىلىنىدىغان تەشۋىق-تەربىيە بىلەن كوممۇنىستلارغا قىلىنىدىغان تەشۋىق-تەربىيىنى پەرقلەندۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش، خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلىمەي دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم، ③ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دىنغا ئىشىنىدىغانلار دىنغا ئىشەنمەيدىغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، دىنغا ئىشەنمەيدىغانلار دىنغا ئىشىنىدىغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ ④ ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش پرىنسىپى بويىچە، دىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا، جۈملىدىن ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئارىلاشماسلىقى لازىم. دىنىي ساھەدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرنى پائال يېتەكلەشكە بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى جارىي قىلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. سىياسىي قارا نىيىتى بار، دىننى نىقاب قىلىپ ۋەتەننى پارچىلاش قىلمىشىنى يوشۇرغان ئايرىم كىشىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش لازىم.

تۆتىنچى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. رېئال تۇرمۇشتا مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت، سۈركىلىش، ھەتتا توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش تەس. دەرۋەقە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، مەسىلە تۇغۇلغانىكەن، مۇھىمى مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئالاقىدار تەرەپلەر كۆپرەك ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زىددىيەتنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، توقۇنۇشنى چەكلەش كېرەك، بۇ خىل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشنى تەكىتلەش زۆرۈر. دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولۇپ، قايسى مىللەتنىڭ پۇقراسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا ئىستايىدىل ئەمەل قىلىشى لازىم، ھېچكىمنىڭ قانۇندىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئىمتىيازى بولمايدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا رېئال تۇرمۇشنىڭ چىقارغان يەكۈنى.

كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا بىز ھەر مىللەت خەلقى ئارىلىشىپ ياشايمىز، بۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك

تەپەككۇر توسقۇنلۇقىنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ: ① مىللەتلەرگە ئالاقىدار بولغانلىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى مىللىي مەسىلە دەپ يىغىنچاقلىماي، مىللىي مەسىلىنى توغرا تونۇش لازىم. مىللىي مەسىلە ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى مىللەت ئىجتىمائىي ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە ماجىرالارغا ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ماجىرا سەۋەب بولىدۇ. لېكىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەزالىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە ماجىرالارنىڭ ھەممىسىنى مىللىي زىددىيەت ياكى مىللىي ماجىرا خاراكتېرىگە ئىگە دېيىشكە بولمايدۇ. ② ئاددىي ھالدا مەلۇم بىر مىللەت ئەزاسىنىڭ قىلمىشىنى شۇ مىللەت تۈپىنىڭ قىلمىشى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مىللەت تۈپى بىلەن ئۇنىڭ ئەزاسى ھەم زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەم ئۇلاردا روشەن پەرق بولىدۇ. بىر مىللەت ئەزالىرى ئىچىدىكى ئايرىم كىشى ياكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزگەن قىلمىشىنى پۈتۈن مىللەتنىڭ قىلمىشى دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ شۇنداقلا بىر مىللەت ئەزالىرى ئىچىدىكى ئايرىم كىشى ياكى ئاز سانلىق كىشىلەر ئۇچرىغان مەلۇم زىياننى شۇ مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۇچرىغان زىيان دەپ قارىماسلىق كېرەك. ③ كۆنسېرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان مىللىي ئاڭ مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چولڭ ۋەزىيىتىنى ئىنكار قىلماسلىق لازىم. بەزىلەر ھامان: «ھازىر مىللىي ئاڭ كۈچەيگەچكە، ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا يەتمەيدۇ» دېيىشىدۇ. مىللىي ئاڭ مەسىلىسى مۇرەككەپ مەسىلە بولسىمۇ، بىز ئۇنى تارىخىي يوسۇندا تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. شىنجاڭمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، گۈللەندۈرۈش ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈردى، كىشىلەر بىر خىل قۇدرەتلىك سىياسىي نوپۇزنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا ياشىغاچقا، مىللىي ئاڭ سىياسىي ئاڭ تەرىپىدىن سۇسلاشتۇرۇلدى، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە مىللىي مۇناسىۋەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ بىللە ياشايدىغان ھالەت ناھايىتى ئازايدى، ئۇلار ئارىسىدا كەيپىياتلاشقان سىياسىي مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۆپەيدى. ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشىغا، ئىشىك ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، مەلۇم بىر مىللەتنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي ئېڭى كۈچىيىشكە باشلىدى، مىللىي سىياسەت، دىن سىياسىتى، بىرلىكسەپ سىياسىتى شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، كىشىلەر ئۆز مەنپەئىتىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغان ھەمدە بىر خىل يېڭى قىممەت قارىشى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنى دەڭسەيدىغان بولدى، مىللىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشى تېخىمۇ روشەنلەشتى. شۇڭا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، يۇقىرىدىكى تەپەككۇر توسالغۇلىرىنى يېڭىش ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

# ئېلىمىزدە دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ ئاساسلىرى توغرىسىدا

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

بىز 40 نەچچە يىللىق سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشنىڭ بىرمۇنچە ئاساسلىرىغا ئىگە بولدۇق ۋە بىر نەچچە مۇھىم قەدەملەرنى باستۇق. ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكىچە:

1. سىياسىي جەھەتتىكى ئاساس. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر جەھەتتىن قەد كۆتەردى ۋە پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاتلاندى. دىن ئېتىقادچىلىرى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. سەل كەم يېرىم ئەسىرچە ۋاقىت سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ ۋە تەقدىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ۋە تەقدىرى بىلەن تامامەن بىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ. قىسقىسى، «بارلىق دىن ئېتىقادچىلىرى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن بىردەك. بۇ دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى»①.

2. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن-نىزام، سىياسەت ئاساسى. پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزمنىڭ دىن تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىياسەت پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدە دىنغا قاراتقان ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىتى، تۈپ سىياسىتى. تاكى دىن ئۆزلۈكىدىن يوقالغىچە ئىجرا قىلىنىدىغان سىياسەت. ئۇ ئېلىمىزدە يېڭى تارىخىي شارائىتتا دىنىنى توغرا تونۇش، دىنغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە دىنىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پروگراممىسى. بۇ سىياسەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىنغا ئېتىقاد قىلىش پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىشى. پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ بىر دىن ئىچىدە ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ياكى بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلار ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە. دىگەنلەردىن

ئىبارەت.

پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلىرى بويىچە قوغدىلىدۇ ھەم كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

دۆلىتىمىزدە ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ھەرگىز مەلۇم بىر دىننى كۈچەپ يولغا قويمايدۇ. شۇنداقلا ھەرگىز مەلۇم بىر دىننى مەنئى قىلمايدۇ. دۆلىتىمىزدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان دىن يوق. دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقاد ئالدىدا، ئاساسىي قانۇن ئالدىدا باپباراۋەر، ھەممىسىگە بىردەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ھەر قانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. دۆلىتىمىزدە دىنغا ئېتىقاد قىلىش، ئېتىقاد قىلماسلىق مەسىلىسى پۇقرالار ئۆزى ئەركىن تاللىۋالىدىغان مەسىلە، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىشى دەپ ئېنىق جاكارلانغان.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنى ئىجرا قىلىشتا، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىمۇ ئوخشاشلا تەكىتلەش لازىم. بۇ بىر مەسىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى تەرىپى. ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان تەرىپىنى تەكىتلەپ قالماسلىقىمىز، بۇ سىياسەتنى توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

ئاساسىي قانۇن، قانۇن-نىزام، سىياسەت-بەلگىلىمىلەر بولغانىكەن، بارلىق دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن، قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن ھالقىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. دىننىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تەربىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ ھەر قانداق كىشىنى، بولۇپمۇ 18 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈر-باللارنى زورلاپ دىنغا كىرگۈزۈشكە، راھىب-راھىبە قىلىشقا، مەسچىت-ئىبادەتخانىلارغا ئاپىرىپ ئوقۇتۇشقا يول قويۇلمايدۇ؛ بىكار قىلىنغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە دىنىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

دىننى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتە، بىر تەرەپتىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش سىياسىتىنى ئەتراپلىق توغرا ئىجرا قىلىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دىننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى بىلەن دىننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەرگىزمۇ ئۆز ئارا قارمۇ-قارشى ئەمەس. كېيىنكىسى ئالدىنقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى شەرت قىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئاساس، كېيىنكىسى شەرت. كېيىنكى شەرت بولمىسا، ئالدىنقى ئاساسنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ دىئالېكتىكىلىق بىرلىك. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا، بىرىنى تەكىتلەپ، يەنە بىرىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. شۇڭا بۇ سىياسەتنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن مەقسەت دىننى بوغۇش، دىنىي ئېتىقادنى مەنئى قىلىش ئەمەس، بەلكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىش، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دىنىي ئېتىقاد سىياسىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى دىن خىزمىتىنى كۈچەيتىشلا لازىمكى، ھەرگىز ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. دىنىي ئېتىقاد

ئەركىنلىكى سىياسىتى ئىلغا ئېلىنسىلا ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ. نورمال بولمىغان دىنىي پائالىيەتلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىشقا، ھېچ ئىشنى كۆرمىگەندەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. دىنىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىلغا ئېلىنسىلا نورمال دىنىي پائالىيەت پاكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرمەي، مەسىلىلەرنىڭ خاراكتېرى، چەك-چېگرىسىنى ئاجراتماي قارا-قويۇق چەكلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. «دىن خىزمىتىنى ئىشلەشتە چوقۇم قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم. .. دىندىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغانلارنىڭ كىم بولۇشى ۋە قەيەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ»②.

دىنىي سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشتە، چوقۇم دىن بىلەن مىللەت، دىنىي مەسىلە بىلەن مىللىي مەسىلە، دىنىي ئېتىقاد بىلەن ئادەتتىكى خۇراپاتلىق ۋە فېئودال خۇراپاتلىق، دىنىي ئۆرپ-ئادەت بىلەن مىللىي ئۆرپ-ئادەت، دىنىي تۈس ئالغان مەدەنىيەت، سەنئەت بىلەن ئەنئەنىۋىي مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ پەرقى ۋە چېگرىسىنى ئىدىيىدە ئوبدان ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. ئادەتتىكى (تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى) تالاش-تارتىش ۋە ماجىرالارنى ئالدىراپ-سالدىراپ مىللىي زىددىيەت، دىنىي زىددىيەت دەپ ئالدىن بۆلەك كەيگۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم. نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتنىڭ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ئورنى مەنپەئەتى بىلەن دىن نامىدا قۇرۇلغان قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ ئىگىلىۋالغان جاي، ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنىڭ چېگرىسىنى ئوبدان ئېنىقلاش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان نورمال دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەت-بەلگىلىمىلەردە كۆرسىتىلگەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە دىنىي ئۆرپ-ئادەت بويىچە دىن ئېتىقادچىلىرى ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ بارىدىغان بۇتقا چوقۇنۇش، قىرائەت قىلىش، كۆجە كۆيدۈرۈش، ناماز ئوقۇش، دۇئا-تەكبىر ئوقۇش، كىتابخانلىق قىلىش، ۋەز ئېيتىش، مىسا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش، غۇسۇل قىلدۇرۇش، ئەمرۇ مەرۇپنى قوبۇل قىلدۇرۇش، روزا تۇتۇش، دىنىي مۇراسىم، دىنىي بايراملار-ھېيت-ئايەم ئۆتكۈزۈش، تۆۋە-ئىستىغپار ئېيتىش، ئىلاھقا سېغىنىش، پەرھىز تۇتۇش پائالىيەتلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىختىيارى ھالدا مەسچىت، چېركاۋ، ئىبادەتخانىلارغا سەدىقە بېرىش، دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلارغا قارىتىلغان. بۇنداق دىنىي پائالىيەتلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ۋە دىنىي تەشكىلاتلار نورمال جەمئىيەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت تەرتىپىگە دەخلى قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

نورمال بولمىغان ۋە دۆلەت تەرىپىدىن قوغدالمايدىغان دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن، قانۇن-نىزام، سىياسەت-بەلگىلىمىلەر بويىچە ئېيتقاندا، فېئودال خۇراپاتلىق-داخانلىق، پىرىخۇن، مەزھەپ-سۇلۇك قاتارلىقلارنىڭ خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان ئىغۋا تۇقۇش، تۆھمەت قىلىش، مال-مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش، ئاممىنىڭ جىسمانىي ۋە روھى ساغلاملىقىغا زىيان سېلىش، رەم بېقىش، پال سېلىش، شامال، سۇ، ئوت، يۇلتۇزغا قاراش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار نورمال پائالىيەت دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بۇنداق فېئودال دىنىي خۇراپىي ھەرىكەتلەر قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ. بەلكى بۇنداق خۇراپىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا ھالال ئەمگەك قىلىپ كۈن كەچۈرۈش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش، خۇراپىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئادەم ئالدايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىلىدۇ. جىنايەتچىلىك قىلىپ قاقتى-سوقتى قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئاممىغا زىيان سالىدىغان

ئادەملەرنى ئەھۋالغا قاراپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. تەربىيىنى قوبۇل قىلماي داۋاملىق خۇراپىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنى، قىلمىشى ئېغىرلارنى، دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ۋە باشقا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك. ئەكسىيەتچى دىنىي تەشكىلاتلارنى قەتئىي بىكار قىلىش كېرەك.

پارتىيە ئەزالىرى ئاتېىزمچىلاردۇر، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلسا پارتىيە ئىنتىزامى يول قويمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، «بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇشىمىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان، بۇنداق دىن ياكى ئۇنداق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى، كۆپچىلىكنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىنى، ئىرادىسى ۋە كۈچىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ»③. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز تۈزۈپ يولغا قويغان ئاساسىي قانۇن، قانۇن-نىزام، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەر ئېلىمىزدە دىنىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولالايدۇ.

3. تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاساس. دۆلىتىمىز پۇقرالارغا قارىتا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغان سوتسىيالىستىك دۆلەت. بۇ سىياسەتنىڭ مەزمۇنى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر خىل دىنلارنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋە ئۇنى قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسچىت، چىركاۋ، ئىبادەتخانىلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق سورۇن. مەسچىت، چىركاۋ، ئىبادەتخانىلارمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلات، دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنلۇق دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئېچىلىشىغا ھەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىدۇ ۋە ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك. ھازىر ئېلىمىزدە مەملىكەت خاراكتېرلىك سەككىز ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات بار. ئۇلار: جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى (1953-يىلى 6-ئايدا قۇرۇلغان)، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى (1953-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى قۇرۇلغان)، جۇڭگو داۋجياۋ دىنى جەمئىيىتى (1957-يىلى 4-ئايدا قۇرۇلغان)، جۇڭگو كاتولىك دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەيئىتى، جۇڭگو كاتولىك دىنى ئىشلىرى ھەيئىتى، جۇڭگو كاتولىك دىنى ئېپىسكوپلار ئۆمىكى جۇڭگو خرىستىئان دىنى «ئۈچ ئۆز» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ھەيئىتى ۋە جۇڭگو خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە بەزى ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيىلەردىمۇ شۇ جايلاردىكى دىنلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالدا قۇرۇلغان يەرلىك خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارمۇ بار.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈرلۈك پايدىلىق پائالىيەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە، دىنىي ساھەدىكى خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەردە زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى، زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىلىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

4. دىنىنىڭ ئۆزىدىكى بىر قاتار ئىجابىي ئامىللار. دىن ھەم ۋارىسچانلىق ھەم ماسلىشىشچانلىق

خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. دىنىنىڭ پەيدا بولغىنىغا نەچچەمىڭ يىللار بولدى. بۈگۈنكى جۇڭگودىكى ۋە چەتئەللەردىكى دىنلار ھەم ئۆتمۈشتىكى دىنلارنىڭ داۋامى ھەم ئۆتمۈشتىكى دىنلارنىڭ راۋاجى. ھازىرقى مەۋجۇت دىنلارنىڭ پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان جەريانلىرىنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن يوق. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىر قاتار ئامىللارغا باغلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم ئامىل دىنىنىڭ شۇ رېئال مۇھىتقا، شۇ شارائىتقا، شۇ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي فورماتسىيىگە، شۇ دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا ماسلىشىشى، ئۇيغۇنلىشىشىدا، ئەگەر ئۇلارغا ماسلىشالمايدىكەن، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بۇ توغرىدا سۆز قىلغاندا دىنىنىڭ ماسلىشىشچانلىق تۈپ خۇسۇسىيىتىنى تىلغا ئالماي ئۆتكىلى بولمايدۇ.

ئىسلام دىنىنى ئالساق، بۇ دىن پەيدا بولغىلى 13 ئەسىردىن ئاشتى. بۇ 13 ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنى پەيدا بولغان سەئۇدى ئەرەبىستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل دۇنيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئەمما بۇ دىن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ دىن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى بىر قانچە ئون دۆلەتكە تارقىلىپ، 50 نەچچە دۆلەتتە دۆلەت دىنى ياكى شۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ %50 تىن كۆپرەكى ئېتىقاد قىلىدىغان دىن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ دىن يەنە تەرەققىي تاپقان بەزى غەيرى ئىسلام دۆلەتلىرىگە تارقىلىپ كىرىپ، شۇ ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىگە ماسلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئامېرىكا (1 مىليون ئاھالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ)④. ئەنگلىيە (6. 1 مىليون ئاھالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ)⑤، گېرمانىيە (1.8 مىليون ئاھالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ)⑥، ياپونىيە (60 مىڭ ئاھالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ)⑦. يۇقىرىقى ئەللەر بىلەن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۈزۈمى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان جۇڭگودىمۇ ئىسلام دىنى ئۇزاقتىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنىنىڭ نوپۇزلۇق دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» دە ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىزاھاتى ۋە قوشۇمچىسى بولغان «ھەدىس» نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان ئىجابىي مەزمۇنلار بار. بۇ خىل ئىجابىي مەزمۇنلار يەنە كېلىپ ئىلىم-پەن، ھۈنەر-سەنئەت، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئەدەپ-ئەخلاق، سودا-سېتىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە باشقا ناھايىتى نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئاتا-ئانىلارنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈش، چېچىلىپ كەتمەسلىك، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ئىپپەت-نومۇسلۇق بولۇش، باشقىلارنىڭ نەسىۋىسىگە كۆز قىرىنى سالماسلىق، بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالماسلىق، يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرمەسلىك، غەيۋەت، ھەسەت قىلماسلىق، سودا-سېتىق، ئىلىم-بېرىم، جىڭ-تارازىدا ئادىل بولۇش، جازانىخورلۇق قىلماسلىق، يالغان ئېيتماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، يەر، سۇ، ئاشلىقنى قەدىرلەش، بۇزۇپ چاچماسلىق، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، ھورۇنلۇق ۋە تىلەمچىلىك قىلماسلىق، ھالال ئەمگەك بىلەن كۈن كەچۈرۈش، تاماخور بولماسلىق، غېرىب-غورۋالارنىڭ بېشىنى سىلاش، يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىزلارغا خەيرى-ئېھسان قىلىش، ئاخىرقى نەپەسكىچە ئىلىم، ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىنىش، يامان ئىش قىلماسلىق... قاتارلىقلار. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» نىڭ ھېچبىر يېرىدە ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىش، باشقىلارغا زىيان سېلىش، ھورۇنلۇق قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، تىلەمچىلىك قىلىش، كەمبەغەلچىلىك تەۋسىيە قىلىنمايدۇ. بۇلار گەرچە دىنىي نۇقتىدىن ئېيتىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق، مىزانلىرىدىكى بىر قاتار مۇشۇنداق ئىجابىي مەزمۇنلار ئۇنى-ئىسلام دىنىنى دۇنيا مىقياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ خىل ئىجابىي مەزمۇنلار ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان ھەر قانداق دۆلەتتە، مەيلى ئۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەت بولسۇن، ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولسۇن، مەيلى قانداق مىللەت، ئىرق، جىنىس تەرىپىدىن بولسۇن، ھېچقاچان يامان دەپ قارالمايدۇ، بۇنداق ئىجابىي ئامىللار ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىگە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. بىز دىنىنىڭ مۇشۇنداق بىر قاتار ئىجابىي ئامىللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشىمىز، ئۇنىڭدىن سوتسىيالىستىك مەنىۋىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا پايدىلىنىشىمىز لازىم.

5. ئەمەلىيەت ئاساسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۈزۈمدىكى تۈپلۈك ئۆزگىرىش ۋە دىنىي ساھەدىكى زور ئىسلاھاتلار ئارقىلىق ئېلىمىزدىكى دىنلارنىڭ ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. فېئوداللىق دىنىي ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، دىنىي تونىغا ئورۇنىۋالغان ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر تازىلىنىپ ھەر قايسى دىنلار ئەكسىيەتچىلەرنىڭ باشقۇرۇشى ۋە كونترول قىلىشىدىن قۇتۇلدى. يەر ئىسلاھاتى ۋە دىنىي تۈزۈمگە بولغان ئىسلاھات ئارقىلىق ھەر قايسى دىنلاردا ئاساسەن مۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولدى: ئىسلام دىنىنىڭ تەرىقەت تۈزۈمى (بولۇپمۇ دىن ئاساسچىلىرىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش، ئاخۇن تەيىنلەش) ۋە مىراس قالدۇرغان ئىماملىق تۈزۈمى؛ لاما دىنىنىڭ بۇددا دىنىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى گېگەن (خوفو) لارنى بېقىش تۈزۈمى؛ ئىبادەتخانىلارنىڭ يەر، ئورمان، چارۋا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى، جازانىخورلۇق ۋە ھەقسىز ئەمگەك قاتارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى، ئىسلام دىنىدىكى ئۆشرە-زاكات تاپشۇرۇشقا ئوخشاش مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي يۈكلەرنى ئارتىپ قويۇش تۈزۈمى، ئىبادەتخانىلاردىكى باشقۇرۇش تۈزۈمى، دەرىجە تۈزۈمى، ئۇرۇش-جازالاش تۈزۈمى ۋە چوڭ-كىچىك ئىبادەتخانىلارغا بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتى قاتارلىق فېئوداللىق دىنىي ئىمتىياز ۋە ئېزىش-ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى قاتارلىقلار بىكار قىلىندى. دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتىدىن كېيىن، دىنىنىڭ خەلقنىڭ داۋا ئىشلىرىغا ئارىلىششقا بولمايدىغانلىقى، ئۆز ئالدىغا مەھكىمە شەرئىي قۇرۇش، كىشىلەرنى جازالاشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. دىنىي مەسىلىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت مەسىلىسىگە ياتىدىغان بولدى. بۇلار دىننى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەشنىڭ بىرىنچى مۇھىم قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدە توپلانغان قىممەتلىك ئىجابىي تەجرىبىلەر ئېلىمىزدە دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولالايدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزنى خۇلاسىلىغاندا، ئېلىمىزدە يېڭى تارىخىي دەۋردە دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەشتە تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىككى چوڭ قەدەم ۋە بەش مۇھىم ئاساس بارلىققا كەلدى. بىز پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى پارتىيىنىڭ دىنغا قاراتقان تۈپ سىياسىتى ۋە بەلگىلىمە-نىزاملىرى بىلەن قارشىلاشتۇرۇپ قويماي، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى چوڭ قەدەم ۋە بەش مۇھىم ئاساسنى ئۇل قىلىپ تۇرۇپ ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، دىننى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىششقا پائال يېتەكلەشكە يەنىمۇ تىرىشىدىغان بولساق، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمەي قالمايمىز.

يېڭى تارىخىي دەۋردە دىننى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەردە، پۈتكۈل پارتىيىنىڭ بۇ خىزمەتكە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىشى

ۋە ئەمەلىي، ئەستايىدىل ئىشلىشىدە.

## ئىزاھلار:

①⑨ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ 1993-يىلى 1-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى.

② ئىسمايىل ئەھمەد: «يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، دىن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» ـ مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆز. 1994-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنى.

④ «دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى دىنلارنىڭ ئەھۋالى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984-يىل خەنزۇچە نەشرى 434-، 390-بەت.

⑤⑥⑦ «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 1994-يىل، سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتى، قوشۇمچە 6-جەدۋەل؛ 712-، 127-، 457-بەتلەر.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

---

(بېشى 35 ـ بەتتە)

كۆز قارىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان دىنىي تەقىب تۈزۈمىنىڭ قاتتىق، قورقۇنچلۇق جازاسى بولمىسا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى ۋە ئىلگىرلەشنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز ناھايىتى تەس. ئەلۋەتتە، بىر دىنىي تەقىبنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى بۇ خىل ئىجتىمائىي رولىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، مۇتلەقلەشتۈرۈپ بارلىق تارىخىي جەريانلارغا ئىشلىتەلمەيمىز. تارىخنىڭ ئىلگىرلىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئەقلى ۋە ئەخلاق سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كىشىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ھەر بىر شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش، تەڭشەش ئىقتىدارى كۈچىيىپ، كىشىلەرنىڭ بىلىمسىزلىكى ئاجىزلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا غايەت زور روھىي كىشەن بولۇپ قالدى. بۇ بولسا ئوبيېكتىپ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان رېئاللىق. قەدىمكى دەۋردىكى بىلىملىك زاتلار بۇ نۇقتىنى بۇرۇنلا كۆرۈۋالغان. «لاۋزى» جەمئىيەتتىكى تەقىب كۆپەيگەنسېرى خەلق مۇقەررەر نامراتلىشىپ كېتىدۇ، «جاھاندا يامان ئادەت داۋاملاشقانسېرى پۇقرا نامراتلىشىدۇ» دەپ قارىغان. تەقىبكە قارىتا بۇ تەنقىد ئۆتكۈر ھەم چوڭقۇر بولغان.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارا خېمىت

# دىنىي تەقىب ھەققىدە تەتقىقات

نۇرمۇھەممەت توختى

## دىنىي تەقىبنىڭ ماھىيىتى

دىنىي تۇرمۇشتىكى تەقىب، بىر خىل دائىملىق ھادىسە بولۇپ، تۈپ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىلاھقا چوقۇنۇشىدىكى غەيرىي كۈچ بىلەن مۇقەددەس دىنىي ئوبيېكتتىكى بىر خىل دىنىي ھەرىكەتتۇر. كىشىلەر ئىلاھى كۈچ بىلەن مۇقەددەس ئوبيېكتلارغا قارىتا مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولغانلىقتىن، ئادەتتە شۇ خىل تونۇش كىشىلەردە ھەيران قېلىش، قورقۇش، ئەيمىنىش ھەم ھۆرمەت قىلىش، ھىمايە قىلىش قاتارلىق دىنىي ھېسسىياتلار كىشىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى ئاستىدىكى ئەيمىنىش ھەمىشە كىشىلەر ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ، ئادەم بىلەن ئىلاھىي كۈچ ۋە مۇقەددەس ئوبيېكتلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆز ھەرىكىتىمىزنى چەكلەش، توسۇش بەلگىلىمىلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ، مانا بۇ بولسا دىنىي تەقىبتۇر. دىنىي تەقىب ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتكە سىڭىشىپ كەتكەن تەرەپلىرىمۇ بار. مەشھۇر ئىسلام ئىلاھشۇناسى ئەلجىسىرنىڭ «ئىسلام ھەقىقىتى» ناملىق رومانىنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خاراكتېرى، تىلى ھەم ھەرىكىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى چەكلىمىلىرى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە خېلى بىر قىسمى ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتتىكى ئۆلچەملەشكەن چەكلىمىلەردىن ئۆزگىرىپ دىن مەنئىي قىلغان نەرسىگە ئايلانغان. دىنىي تەقىب، ئىلاھى كۈچ ياكى مۇقەددەس ئوبيېكتلار ئارقىلىق كىشىلەرنى قورقۇتۇش ۋە بويسۇندۇرۇشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان. سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشلاردىن، بىز تەقىبنى دىنىي مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئادەم بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ۋاستىچىسى بولغان سېھرىگەرلىك ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل تۈر دەپ قارايمىز.

## دىنىي تەقىبنىڭ كېلىپ چىقىشى

يېقىنقى زامان دىنشۇناسلىقىدا دىنىي تەقىبنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەسىلىسىدىكى تەتقىقاتنى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، X I X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئەنگلىيىلىك دىنشۇناس روبېتسىن شېمىس باشلاپ بەرگەن.

شېمىسنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تەقىب بىر خىل دىنىي ھەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇقەددەس نەرسىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇم ۋە ئىدېئولوگىيە بىلەن بىرلىكتە بارلىققا كېلىدۇ. قەدىمكى كىشىلەر مۇقەددەس نەرسىلەرنى ئادەتتىكى نەرسىلەردىن پەرقلەندۈرگەن ھەم ئادەتتىكى نەرسىلەرگە ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشتا قاراپ مەنئىي قىلىش بەلگىلىمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن، شۇنىڭغا

ئەگىشىپ دىنىي تەقىب مەيدانغا كەلگەن.

شىمىسنىڭ يېقىن دوستى فىلىز تەقىب بەلگىلىمىلىرى بىلەن مۇقەددەس كۆز قارشىنىڭ باغلىنىشىنى مول ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىغان، ئۇ شىمىسنىڭ كۆز قارىشى ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پاك نەرسىلەردىكى تەقىب بىلەن ناپاك نەرسىلەردىكى تەقىبنىڭ بىردەكلىكىنى بايان قىلغان.

بىز شىمىس، فىلىز قاتارلىقلارنىڭ تەقىبنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئارا بىر بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. ئۇلار دىن مۇقەددەس نەرسىلەر بىلەن ئادەتتىكى نەرسىلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈلۈشىدىن مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايدۇ. دىنىي ئىدېئولوگىيە مۇقەددەسلىك قاراشلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، مۇقەددەسلىك قاراشلىرى بىلەن مۇقەددەس نەرسىلەر زۆرۈر بولغان تەقىب بەلگىلىمىلىرىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلغان. تەقىب كۆز قاراشلىرى بولسا مۇقەددەسلىك كۆز قاراشلىرىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىمىلىرى. مۇقەددەسلىك كۆز قاراشلىرىنىڭ زۆرۈر بولغان تەقىب بەلگىلىمىلىرى بولىدۇ، تەقىب بەلگىلىمىرى بولمىسا مۇقەددەس نەرسىلەر ئادەتتىكى نەرسىلەردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ ھەم مۇقەددەس دەپمۇ قارالمايدۇ. بۇ بولسا تەقىبنىڭ بارلىققا كېلىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى بارلىققا كېلىشى مەسىلىسىدۇر. بۇ ئىككىسى ئوخشاش بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپىدۇر.

گەرچە تەقىب ـ دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى ئىنچىكە مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش بولسىمۇ، لېكىن دىنىي تەقىب توغرىسىدىكى قاراش تەدرىجىي ھالدا ئىنسانشۇناسلىق ۋە دىن تارىخى تەتقىقاتى جەريانىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئىسپاتلىنىپ ئاساسىي نەزەرىيە جەھەتتىن كۆپلىگەن دىنشۇناسلارنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشتى.

## دىنىي تەقىبنىڭ تۈرلىرى

دىنىي تەقىب تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل پرىنسىپقا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

بىرىنچى خىلى: پەقەت مۇقەددەس نەرسىلەرنى ئادەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتلىك نەرسىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى تەقىب بەلگىلىمىلىرى بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا بىز مۇقەددەس دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ تەركىبىدىن تەقىبنىڭ تۈرلىرىنى ئايرىپ چىقالايمىز.

(1) مۇقەددەس سۇبستانسىيە توغرىسىدىكى تەقىب: مۇقەددەس سۇبستانسىيىگە ئىلاھ تەبىئەتتىن ھالقىغان سېھىرلىك كۈچ ھەم ھەر خىل جىن ـ شاياتۇن، ئەرۋاھ، ئالۋاستى قاتارلىقلار تەۋە بولىدۇ.

(2) تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىلاھى كۈچ ۋە مۇقەددەس خىسلەتكە ئىگە بولغان ئادەم ياكى تەبىئىي نەرسىلەر توغرىسىدىكى تەقىب: مەسىلەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئاقساقاللار، كاھىنلار، باخشىلار، دۆلەت شەكىللەنگەندىن كېيىنكى پادىشاھلار، ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر، تۇتېملار ھەم ئىلاھ سۈپىتىدىكى مەبۇد قاتارلىقلار.

(3) مۇقەددەس جايلار توغرىسىدىكى تەقىب: سورۇن، مۇقەددەس ساراي، بۇتخانا، دىن مەيدانغا كەلگەن مۇقەددەس جاي . . . قاتارلىقلار ئېتىقادچىلار تەرىپىدىن باشقا جايلارغا ئوخشىمايدىغان، چېقىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس جاي دەپ قارىلىپ شۇنىڭغا ماس ھالدىكى تەقىب بەلگىلىمىلىرى شەكىللەنگەن. كۆپلىگەن دىنلار مۇرىتلىرىنىڭ مۇقەددەس جايلارغا كىرىشتىن بۇرۇن يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئۆزىنى تارتىشنى، روزا تۇتۇشنى، بەدىنىنىڭ پاك بولۇشى قاتارلىقلارنى بەلگىلىگەن. ئۇيغۇرلارنى ئالساق، ئۇلار ناپاك ھالدا مەسچىتكە كىرمەيدۇ، تۇپراق بېشى، مازارلارغا بارمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى مەككىگە ھەج قىلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن ئالدىن

ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى بار، شۇڭلاشقا رىئايە قىلىدۇ.

(4) مۇقەددەس ۋاقىتلار توغرىسىدىكى تەقىب: ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ھالقىلىق ۋاقىتلار ھەر بىر شەخس ھاياتىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدىكى ئۆزگىرىش ۋاقىتلىرى (مەسىلەن، تۇغۇلۇش، چېچىنى چۈشۈرۈش، ئىسىم قويۇش، قۇرامىغا يېتىش، ئاياللارنىڭ ھەيز مەزگىلى، ھامىلدار ۋاقتى، تۇغۇتلۇق مەزگىلى، توي قىلىشى، ئۆلۈشى)، مۇقەددەس شەخسلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە ۋاپات بولغان كۈنى . . . . قاتارلىقلار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى ۋاقىتلار بىلەن ئوخشىمايدىغان مۇقەددەس ۋاقىتلار دەپ قارىلىپ، ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا مەنئىي قىلىش پائالىيەتلىرى، بەلگىلىمىلىرى بولىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تۈرلەرگە ئايرىش شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، تەقىب بەلگىلىمىلىرى بىلەن ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولغان مۇقەددەس ئوبيېكتلار يالغۇز كىشىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئىلاھلار ۋە تەبىئەتتىن ھالقىغان سىرلىق كۈچلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى ئىلاھى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامان، ماكان شەكىللىرىنىمۇ مۇقەددەسلىك دەپ قاراپ، شۇڭلاشقا ماس ھالدىكى تەقىب بەلگىلىمىلىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن.

ئىككىنچى خىلى: تەقىب بەلگىلىمىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە ماددىي ئىقتىدارىغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) تىلدىكى تەقىب: مۇقەددەس ئوبيېكتلارنىڭ ئالدىدا، مۇقەددەس سورۇنلاردا، مۇقەددەس ۋاقىتلاردا ناپاك سۆزلەرنى، ئىلاھلارغا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان سۆزلەرنى، خەيرلىك بولمىغان گەپلەرنى قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ. دېمىسە بولمايدىغان ئاتالغۇلار (تېرمىنلار) داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان چاقچاقلار ياكى يامان گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئادەتتە بىر-بىرىنىڭ كۆز ئالدىدا كىچىك بالا ۋە باققان مال ـ جانلارنى «ئەجەپ چىرايلىقكەن»، «ئەجەپمۇ چىرايلىق سەمرىپتۇ» دەپ تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ماختىسا يەك ئېغىر ئالىدۇ، تىل تېگىدۇ دەپ قاغايدۇ. خەيۋەت قىلىش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇشنى بەك ئېغىر ئالىدۇ.

(2) ھەرىكەتتىكى تەقىب ياكى مەشغۇلاتتىكى تەقىب: مەلۇم تۈردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندا بىر تۈركۈم تەقىبلەرگە ھەرىكەت جەھەتتىن قاتتىق بويسۇنۇش زۆرۈر دەپ بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار شاپتۇل، كونا قارىياغاچ قاتارلىقلاردا يەك (جىن) ، ئەرۋاھ بولارمىش دەپ ئۇلارنى كېسىشنى مەنئىي قىلىدۇ، قىشقەر ئوپالدىكى ھاي ـ ھاي تېرەك مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كىشىلەر ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلىپ كەلمەكتە، يەنى كۈن ـ ئايغا قاراپ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش، سۇغا سىيىش، ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈش، ئەتىگەندە يۈز يۇماي تۇرۇپ كۆنگە قاراش قاتتىق تەقىب قىلىنىدۇ. تۇزغا، ئوتقا تۈكۈرۈشمۇ تەقىب قىلىنىدۇ.

(3) يېمەك ـ ئىچمەكتىكى تەقىبلەر

يېمەك ـ ئىچمەك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى ھەم ھاياتلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇرۇنقى يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى تەقىب مۇقەددەس نەرسىلەرگە بولغان ھېسسىياتتا ئىپادىلەنگەن. يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى تەقىب بولسا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەڭ مۇھىم بولغان تەقىبدۇر.

ھەر قايسى مىللەتلەر يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە دىنىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان چەكلەش بەلگىلىمىلىرىگە ئىگە.

«قۇرئان كەرىم» 5ـ سۈرە 3ـ ئايەتتە «سىلەرگە (مۆمىنلەر) ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللادىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ

ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئېگىزدىن يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان. يىرتقۇچ ھايۋانلار يىرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىندى. (لېكىن بوغۇزلىنىشتىن بۇرۇن يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن قېنى چىقمىغان چاغدا بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ)» دەپ بەلگىلەنگەن. ئىسلام دىنىدا ئىستېمال قىلىش مەنئىي قىلىنغان بەلگىلىمىلەر ئاساسەن تەۋراتتا ئېيتىلغان تەقىبلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئەڭ زور پەرقى شۇكى، قۇرئان ھاراق تۈرىدىكى ئىچىملىكلەرنى ئىچىشنى مەنئىي قىلغان. يەھۇدىيلار گەرچە ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، لېكىن ھاراق ئىستېمال قىلىشنى مەنئىي قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا كەيپخورلۇق، قىمارۋازلىق قاتتىق تەقىبلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئېشەك - قېچىر، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنى ھارام دەپ يېمەيدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىمۇ بەزى تەقىبلەر بەلگىلەنگەن بولۇپ، كونا گۆش، ئورۇق كالا، قېرى ئۆچكە، قېرى ساغلىق، ئورۇق توخۇ گۆشلىرى زىيانلىق، كېسەل بولۇپ ئۆلگەن ھايۋان گۆشى زەھەرلىك دەپ قارايدۇ.

ھەر خىل دىنلاردىكى يېمەكلىكلەرنى مەنئىي قىلىشتا يەنە بىر خىل ئەھۋال بار. ئۇ يېمەكلىكلەرنىڭ يېيىشكە بولىدىغىنى ۋە يېيىشكە بولمايدىغىنىدەك تۈرلەرگە چېتىشلىك بولۇپ، بەلگىلىك زامان ۋە ماكاندا ماس ھالدىكى تەقىب بەلگىلىمىلىرىگە ئىگە. ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق ئورۇن مەسىلىسىگە كەلسەك ھەر خىل دىننىڭ مۇقەددەس ۋاقىت، مۇقەددەس ئورۇندىكى دىنىي قائىدىلەرنى كۆزىتىشى ئوخشاش بولمايدۇ.

## دىنىي تەقىبنىڭ رولى

دىنىي تۇرمۇشتا تەقىب ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە. تەقىبنىڭ ئۆزى مۇقەددەسلىك كۆز قارىشىنىڭ ھەمرىيى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇقەددەسلىك كۆز قارىشىنىڭ سىرلىقلىشىشىنى كۈچەيتىدۇ، مۇقەددەس ئوبيېكتلارنى سىرلىق تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان، مۇقەددەس نەرسىلەرگە چېقىلىشقا بولمايدىغان دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. ئەگەردە دىن مۇقەددەس نەرسىلەرنى مەركەز قىلماي تۇرۇپ بىر تۈركۈم تەقىب بەلگىلىمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرسە، ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى نەرسىلەر تەڭ ئورۇندا بولۇپ قېلىپ مۇقەددەس دەپ قارالمايدۇ. دىنىي تۇرمۇش مۇقەددەس نەرسىلەرنى يادرو قىلغان. تەقىب بەلگىلىمىلىرى بولسا مۇقەددەس نەرسىلەرنى تىرەك قىلغان. بەزى دىنىي سىستېمىلاردىكى تەقىب بەلگىلىمىلىرى سىرلىقلاشقان دىنغا ئېرىشىشنى مۇھىم مەقسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماھىيەت جەھەتتە ئاللاغا ئىتائەت قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرگەن. ھەر خىل دىنىي سىستېمىلاردا ساداقەتمەن دىنىي مۇرىتلار ھەمىشە دىنىي تەقىبنىڭ ئۈلگىلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەممىلا يەردە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاللانىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشتىن قورقۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى ۋە روھىي ھالەت جەھەتتىكى ھەۋەسنى چەكلەش، ئىرادە ۋە ھەرىكەتتىكى ئەركىنلىكنىمۇ يوقاتقان. ئەمما ئارزۇ - تىلەك بىلەن ئەركىنلىكنى بويسۇندۇرۇش ئادەمنىڭ ئەقلى ئەمەس، بەلكى سىرلىق كۈچ بىلەن ئىلاھنىڭ ھەيۋىسىدۇر.

دىنىي تەقىب بەلگىلىمىلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ رولى ۋە تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي رولىنىڭ تۆھپىسى، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدە ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزگەندە بىر ئېغىز سۆز بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئالاھىدە بولغان تارىخىي ئەھمىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن بۇيانقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ئەگەر مۇقەددەسلىك
(داۋامى 31 - بەتتە)

# ئۇيغۇر بىناكارچىلىقى ۋە ئىسلام دىنى

ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت

مول مەزمۇن، خىلمۇ-خىل شەكىلگە ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى، كۆركەم-گۈزەللىكى، ئەمەلىي تۇرمۇشقا ماسلىشىشچانلىقى بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ قويۇق مىللىي ئۇسلۇبى، ئېسىل نەقىش-بېزەكلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

گۈمبەزلىك، ئالدى يۈزىگە ئەگمە شەكىللەر چىقىرىلغان، مۇنار ۋە گۈمبەز چوققىلىرىغا قۇببە ۋە ھىلال ئاي ئورنىتىلغان ئىمارەتلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇچرىتىقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەشەمەتلىك دىنىي قۇرۇلۇشلار بولۇپ، ئۇلاردا ئىسلام دىنىي پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە بىر قىسمى تۇرالغۇ ۋە جامائەت قۇرۇلۇشلىرى (مەكتەپ، ماگىزىن، كىنو-تىياتىرخانا، دوختۇرخانا ۋە خەلقنىڭ تۇرالغۇلىرى) بولۇپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

مەلۇمكى ئۇيغۇرلار X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن تارتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى ۋە بۇتخانىلارنى تاشلاپ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مەسچىتلەرگە مەركەزلەشتۈرگەن. ئىسلامىيەتتە «ھۈنەر-سەنئەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى «قۇرئان» نى، مەسچىتلەرنى زىننەتلەش» بولغانلىقى ھەمدە «مەسچىت سېلىش، مەسچىتكە، مەسچىت قۇرۇلۇشىغا پۇل، نەرسە-كېرەك ئىئانە قىلىش ئەڭ چوڭ ساۋاپلىق ئىش ھېسابلانغاچقا، مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگىمۇ ئىگە بولاتتى. ئۇيغۇر بىناكارلار، نەققاشلار ئەڭ ياخشى ماتېرىيال بىلەن ھەممە ئىمارەتلەردىن ئېگىز ۋە كۆركەم تۇرۇپ «ئاللاھ» نىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەشەمەتلىك مەسچىتلەرنى بىنا قىلغان. بۇ مەسچىتلەر گەرچە دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ئەمگىكى ۋە سەنئىتىنىڭ مېۋىسى بولۇپ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە روشەن مىللىيلىققا ئىگە ئىدى. چۈنكى ئۇ بىرىنچىدىن، يەرلىك بىناكارلار تەرىپىدىن ياسالغان؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر بىناكارلىق نەمۇنىلىرى ئۇنىڭدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى، ئەرەبىستاندا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئەقىدىلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېتىقادلىرىمۇ سىڭىپ كىرگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا شەكىللەنگەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپ، ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت بولغان، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىگەن بىر خىل مەدەنىيەت ئىدى. تۆتىنچىدىن، ھەر قانداق بىردىن بىر مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى

تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشالمىسا ئۇ يىلتىز تارتالمايدۇ.

مەسچىت، مازارلارنىڭ ئۈستىگە ياسالغان گۈمبەز، ئالدى يۈزىگە چىقىرىلغان تەكچە-مېھراپچە شەكىللەر، ئىشىك دېرىزىلىرىگە چىقىرىلغان ئەگمىلەر، مۇنار (پەشتاق مۇنارى) قۇببە ۋە ھىلال ئاي. . . لارنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بىرگە پەيدا بولغانلىقى؛ مەسچىت-مازارلارنىڭ، مەدرىسلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار ئولتۇرىدىغان تۇرالغۇلارنىڭ قانداق ياسىلىشى توغرىسىدا «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»لەردە ھېچقانداق كۆرسەتمە يوق. تۈنجى، ئەڭ كاتتا مەسچىت «بەيتۇللا» ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ. «ئاللا مالائىكىلەرنى ئەۋەتىپ، زېمىنغا چوڭ كىنچىكلىكى، نۇسخىسى ئاسماندىكى بەيتۇللاغا ئوخشاش بولغان بىر ئۆي سالدۇرغان»① بەزى رىۋايەتلەردىن بۇ ئۆينى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا سالغان، جىبرىئىل سخېمىسىنى سىزىپ بەرگەن. ئۆي پۈتكەندە ئاللا ‹بۇ دۇنيادىكى بىرىنچى ئۆي›② دېگەن. تارىخشۇناس مەسئۇدى پۈتكەندىن كېيىنكى بەيتۇللانى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: . . . . . بەيتۇللاغا بىرلا ئىشىك قويۇلغان بولۇپ، ئۆگزىسى يېپىلمىغان»③. «ئۇلۇغ بەيتۇللانىڭ تارىخى»دا «. . . بەيتۇللانىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، ئىككى ئىشىككە قانات بېكىتىلمىگەن» دېيىلگەن. بەيتۇللا پۈتكەندىن كېيىن ئاللا تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەرنى بەيتۇللاغا كېلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرىش ھەققىدە ئەمىر قىلىدۇ. تەبەرى مۇنداق يازىدۇ: «ئىبراھىم ‹يارەب مېنىڭ ئۈنۈم ھەممە ئادەمگە قانداق يېتىدۇ؟›، دېگەندە ئاللاتائاللا: ‹سەن ئەزان توۋلىغىن، يەتكۈزۈش مەندىن. . . . .› دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەزان توۋلىغان، ئۇنىڭ ئەزان ئاۋازى ئاسمان زېمىننى چاڭ كەلتۈرۈپ، ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ بارغان»④ بەزى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە ئەزان ئۆگزىدە تۇرۇپ توۋلانغان».

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىدا مەسچىتلەرنىڭ ئۆگزىسىنى گۈمبەزسىمان قىلىپ يېپىش ئەزان توۋلايدىغان پەشتاق مۇنارى بولۇش تەلەپ قىلىنمىغان. قۇببە ۋە ھىلال ئاي شەكلىنى ئورنىتىشمۇ كېيىنرەك پەيدا بولغان بولۇپ، تۈنجى قۇببە مەسچىدى ئەقسانىڭ سەخرىسى ئۈستىگە ھىجرىيە 72-يىلى (مىلادى 691_692-يىللار) ئورنىتىلغان⑤. ھىلال ئاينى دىنىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە مەسچىتلەرنىڭ مۇنار ۋە گۈمبەزلىرىنىڭ چوققىسىغا ئورنىتىشمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىكى بولماي، بەلكى ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ قۇببىلىق مۇنار ۋە گۈمبەز ياساش ئىسلام دۇنياسىدا ئومۇملاشقان⑥.

دەرۋەقە ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا مەلۇم ئورتاقلىق بار. بۇ ئورتاقلىق ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىنى گۈمبەزلىك يېپىش، ئالدى يۈزى ۋە ئىشىك دېرىزىلىرىگە ئەگمە چىقىرىش، گۈل-گىياھ، گېئومېترىيلىك نۇسخىلارنى نەقىش قىلىش جەھەتلەردە گەۋدىلىكرەك. ئۇنداقتا بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۇيغۇرلاردا قانداق پەيدا بولغان؟

ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى رايون ئالاھىدىلىكى، تەبىئەت قارىشى، دىنىي ئېتىقادى، كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى ۋە ئىستېتىك زوقلىنىش ئادىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار ئۆز ئەقىل پاراسىتىگە تايىنىپ يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق بەك بولىدىغان ھاۋارايىغا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدىغان گۈمبەز قۇرۇلمىسىنى ئىجاد قىلغان. ئۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەچكە تېز ئومۇملاشقان. ئىشىك-دېرىزە، ئىمارەت ئالدى يۈزى قاتارلىقلاردىكى ئەگمە شەكىللەر ئەنە شۇ گۈمبەزگە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولغان. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئىمارەتتە بىر پۈتۈن شەكىللەرنى

ماسلاشتۇرۇش ۋە تەكرارلاش ئارقىلىق تېخىمۇ يېقىملىق، كۆركەم مەنزىرە پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىناكارلىقىدا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلىپ ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئەنئەنىۋىي شەكىل، پاسونلىرى ۋە نەقىش بېزەك ئېلېمېنتلىرى ئىسلامىيەتتىن خېلىلا بۇرۇن، ھەلكى ئېھتىدائىي جەمئىيەتتىلا پەيدا بولغان.

ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇنلا كىگىز-تېرىلەردىن چېدىر شەكىللىك ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان. بۇ ئۆيلەر گۈمبەزسىمان بولۇپ، چوققىسىغا ئات-كالىلارنىڭ قۇيرۇقلىرىنى ئېسىپ قوياتتى. ئادەم ئۆلسە قەبرىسىمۇ گۈمبەز شەكلىدە ياسىلاتتى. بۇ «ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۆلمەي ئۆز ئۆيىدە ياشايدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمەن يايلىق ئۆيلەر «چادار» (ھازىرقى تىلىمىزدا چېدىر) دەپ ئاتىلىپ «ئۆي» دىن باشقا يەنە «جەسەت كۆلى قاچىلانغان كومزەك» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلىگەن. بۇ خىل كومزەكلەرنىڭ ئاستى سېلىندىر، ئۈستى (ياپقۇسى) كۈنلۈكسىمان شەكىلدە ئىدى[7]. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئورۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن خاقانىنىڭ دۈگىلەك چېدىرى قۇرۇلىدۇ» دەپ يازغىنىغا قارىغاندا، بۇ خىل شەكىل بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇددىزم دەۋرىگە كەلگەندە شەھەر دەرۋازىسى، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى، ئوردا ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە راۋاق ياساش،[8] ئىبادەتخانا ئوتتۇرىسىغا مۇنار قوپۇرۇش، مۇنار ۋە تاملارغا تەكچە چىقىرىش [9] بۇددىزم دەۋرىدە بىر خىل بىناكارلىق ئەنئەنىسى بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. . ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش-تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىمۇ يۇقىرىقى باياناتلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن قەدىمكى نىيە خارابىسى (م.ب I ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە) نى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا: «مەزكۇر خارابىلىقتىكى ئۆي-ئىمارەتلەرگە ئىشلىتىلگەن زەگوندە، تۈۋرۈك، لىم، مىنجى، سوقۇملارنىڭ ياسىلىشى، نەقىش-بېزىكى ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خۇددى ھازىرقى زامان جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا-قىشلاق ئۆي-ئىمارەتلىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ»[10] دېيىلگەن. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ پۈتكۈل بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان بىناكارلىقىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان بورجەكلىك، يايلىق تەكچىلەر، گۈمبەزلەر ھەر خىل بورجەكلىك شەكىللەر، ئۇدۇل مورىلىق ئوچاق، نەقىش بېزەكلەر ۋە باشقا شەكىلدىكى پاسونلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. فون. لېكوك كۇچار ۋە تۇرپاندىكى خارابىلىقتىن بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت گۈمبەزلىك ئىبادەتخانىلارنى ئۇچراتقان ۋە تۇرۇۋسىغا رەسىم سىزىلغان بىر قانچە گۈمبەزنى يۆتكەپ كەتكەن[11]. ئۇزۇنتات قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تەخمىنەن مىلادى VII ئەسىرگە ئائىت بوغۇملۇق قۇببە تېپىلغان[12]. قىزىل، مۇرتۇق تەۋەسىدىن مىلادى V – IX ئەسىرلەرگە ئائىت ئويما نەقىشلىك ياغاچ ئىشىك ئەگمىلىرى[13] تېپىلغان. قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 17 غارىغا گۈمبەز تۇرۇۋسلۇق، گۈمبەز ئۈستىگە بوغۇملۇق قۇببە ئورنىتىلغان. كىرىش ئېغىزىغا ئەگمە چىقىرىلغان، ئىچىگە چېدىر شەكىللىك جەسەت كۆلى كومزىكى قويۇلغان قەبرە مۇنارى (ستۇپا Stupa) نىڭ رەسىمى سىزىلغان . . .[14]

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتالمىش «ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى»دىكى مۇتلەق كۆپ شەكىللەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلگەن. شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەگمە-ئۆينىڭ ئەگمىسى»[15] دېيىلىپ «مەسچىت ئەگمىسى» دېيىلمىگەن.

دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىس، مەسچىت، مازار ۋە قىسمەن تۇرالغۇ بىنالىرىنىڭ تام-تۇرۇسلىرىغا ھۆسنىخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلىپ «نەقىش» ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئايەت، بېغىشلىما ۋە

دىنىي شوئارلار ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن بولغان. بۇنداق ئەھۋال مەسچىتلەردە گەۋدىلىكرەك بولۇپ، دىنىي تەشۋىقات رولىنى ئوينايدۇ. بۇ بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ تام-تۈرۈسلىرىغا بۇددا مەزمۇنىدىكى رەسىملەرنى سىزىپ بۇددا دىنى تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن بىر خىل يېڭى دىنىي پائالىيەت. لېكىن مېلى مەسچىتلەردە بولسۇن، مېلى قەدىمكى بۇتخانىلاردا بولسۇن يۇقىرىقىدەك دىنىي تەشۋىقات ئامىللىرى گۈل-گىياھ ۋە گېئومېترىك نەقىش نۇسخىلىرى بىـــللە ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈسۈملۈكلەرنىڭ چېچەك، گۈل، غۇنچە، ياپراقلىرى ۋە ئانار، شەددە، ئىسلاق، بەشچېچەك، بادام، مودەنگۈل، ئەۋرىشىم، ئانارگۈل، لالە، شەيتان قولۇپ، دولقۇنسىمان، ھەرەچىشى شەكلىدىكى نۇسخىلار ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا ئىشلىتىلگەن، ھازىرمۇ ئىشلىتىلمەكتە. بۇ نەقىش نۇسخىلىرى نەققاشلارنىڭ نەقىش ئىشلەش ماھارىتىنىڭ ئۇسۇشى ۋە نەققاشلىق ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارغانچە كۆركەملەشكەن. ھالبۇكى ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان نۇسخىلارمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىت ئىچىدىن شىپالىق، روھىي ھوزۇر، قىممەتلىك، گۈزەل نەرسىلەر سۈپىتىدە كەڭ تەبىئەت دۇنياسىدىن تاللاپ ئېلىپ، ئەينى ھالىتى، ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىجاد قىلغان. ئۇ ئىنتايىن كەڭ ئىجتىمائىي دائىرىگە ئىگە بولۇپ، خەلقىمىز تۇرمۇشىدا ئەڭ كىچىك قاتلاملارغىچە سىڭىپ كىرگەن. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئۇلۇغلاپ ياخشى كۆرۈپ كەلگەن كۆك يېشىل، ئاق رەڭلەر ئاساسلىق رەڭ قىلىپ بېرىلگەن.

## ئىزاھلار:

* ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 432-433-بەتلەر.
* «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1-كىتاب، 585-361-بەت.

①②③④⑤«بەيتۇللانىڭ تارىخى» 11-12-33-35-308-بەتلەر.

⑥ «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر» 53-بەت «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1995-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سانى، 5-بەت.

⑦ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» 245-248-بەتلەر.

⑧ «بۇددا ئەللىرى تەزكىرىسى»

⑨ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە بۇ خىل مۇنارلار خېلى كۆپ ساقلانماقتا.

⑩ سابىت ئەخمەت، ئەخمەت رىشتلار يازغان «نىيە قەدىمكى خارابىلىقىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالە. «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985-يىللىق 2-سان.

⑪ «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» 188-220-بەتلەر.

⑫ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سانى، 5-بەت.

⑬ «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزىم سەنئىتى» (خەنزۇچە) 312-313-بەتلەر.

⑭ «شىنجاڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن تاللانما» خەنزۇچە 67-بەت.

⑮ م. قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 176-بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

## (قىسقىچە ئوبزور)

قادىر ئەكبەر

ئۆزبېكلەر مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك يازما ئەدەبىياتىغا ئىگە. بۇ ئەدەبىيات ئومۇمىي جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىنى، جۈملىدىن شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئەدەبىيات ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىر مىللىي ئەدەبىيات سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنمىغان ۋە ئېچىلمىغانىدى، «3-ئومۇمىي يىغىن»دىن كېيىنكى 10 نەچچە يىل داۋامىدا شىنجاڭدا ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان، يېڭى زامان دەۋرىدىكى تەرەققىياتى ئۈستىدە ئەستايىدىل تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگودا ياشىغۇچى ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخى كەم دېگەندە بەش ئەسىردىن كۆپرەك دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ژانىرلىرى خېلىلا كەڭ، ھەر خىل ئەدەبىي ئېقىملارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، XIV-XVI ئەسىرلەردە مەزكۇر ئەدەبىيات خوجا ئەھمەد يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ «دىۋانى ھىكمەت» ناملىق ئەسىرى، سەيفى سەرايىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرى ۋە باشقا ئەسەرلەر تەسىرىدە سوفىزم ئېقىمىدا راۋاجلانغان بولسا، 17-18-ئەسىرلەردە مەشرەپ باشچىلىقىدىكى «ئاشىق شائىرلار» ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا رېئالىزم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرىنى تەرغىب قىلىدىغان بەدىئىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن، 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا فۇرقەت ۋەكىللىكىدىكى دېموكراتىك ئېقىم بارلىققا كېلىپ، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك خاھىشى ئالاھىدە ئەكس ئەتكەن. شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن كېيىنكى دەۋرنى سوتسىيالىستىك رېئالىزم ۋە جۇڭخۇا ۋەتەنپەرۋەرلىكى يۆنىلىشىدە راۋاجلانغان دەۋر دەپ قاراشقا تولۇق ئاساسىمىز بار.

شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك دەۋرىگە مەشرەپ (1657-1711-يىللار)، ھۇۋەيدا (1711-1780-يىللار)، فۇرقەت (1857-1909-يىللار)، دىلەفكار (1845-1908-يىللار) قاتارلىق شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلار ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە سىدىق (XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، يەكەن)، سالاھىددىن ساقىپ (XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، يەكەن)، دىلكەش (XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، قاغىلىق)، ئىسرى (XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، خوتەن) قاتارلىق شائىرلار، تارىخچىلار ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ياشاپ، ئىجاد قىلغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك ئۇچۇرلار بار، بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئاز ساندىكى قولىيازمىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەپسۇسكى، ئۆتكەن ئەسىرلەردە شىنجاڭدا ياشاپ ئىجاد قىلغان ۋە ئۆزبېك مىللىتىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەممە ئۆمۈر تارىخى ئىزچىل

ھالدا ئۆگىنىلمىگەن ياكى تەكشۈرۈلمىگەن، بۇنىڭدا 3 خىل سەۋەب بار: بىرى-ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا ھەر قايسى مىللىي ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئىزچىل ھالدا كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىپ تۇرىدىغان ئىلمىي مۇئەسسەسە يوق ئىدى. شۇنداقلا ئەسەرلەرنى سىستېمىلىق نەشىر قىلىپ تارقىتىدىغان مەتبۇئات ئورنىمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازما ھالىتىدە، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈش ئارقىلىق جەمئىيەتكە تارقىلاتتى، پەقەت X I X ئەسىرنىڭ 70_80-يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا لىتوگرافىيە (تاش مەتبەئە) ئارقىلىق كىتاب بېسىش ئومۇملاشقان زامانلاردا ئايرىم كاتىپلار ۋە ئەدەبىياتشۇناسلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇلار شېئىر توپلام—بایاز، دىۋان تۈزۈش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ خىل باياز-دىۋانلار قەشقەر، خوتەن، يەكەن، قۇمۇل ۋە ئاقسۇ (كوناشەھەر) قاتارلىق شەھەرلەردىلا كۆزگە چېلىقاتتى. شائىر-يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئەسكەرتىش ئادىتكە ئايلانمىغان زامانلاردا ياشىغان ئەدىبلەرنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى ئىگىلەش ئەستايىدىل ئىلمىي تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۈل خىزمەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. شىنجاڭدا ئايرىم ئەدەبىي توپلاملارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋە شېئىرىي باياز تۈزۈپ، نەشىر قىلدۇرغان كاتىپ ۋە شائىرلار ئىچىدە يەكەندە ياشىغان سىدىق ۋە ساقىب قاتارلىقلارنىڭ نامىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى شۇكى، ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك دەۋرىگە ئائىت ئەدەبىي نەمۇنىلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قوللانغان بەدىئىي تىل پۈتۈن ماھىيىتى بويىچە بىر خىل تىل ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەسەر تىلىغا قاراپ، بىرەر شائىر ياكى مۇئەللىپىنىڭ قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى سەۋەب، كونا جۇڭگودا، جۈملىدىن شىنجاڭدا مىللىي تەركىب سىياسىي جەھەتتىن دىنىي ئېتىقادنى ئاساس قىلغان ھالدا ئايرىلاتتى. يەنى شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق بىر نەچچە يەرلىك مىللەتلەر «مۇسۇلمان مىللەتلىرى» ياكى «خوي-خويلار» دېگەن بىر نام بىلەنلا ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش بولغانلىقتىن، شائىر ياكى مۇئەللىپىنىڭ قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك دەۋرى نامايەندىلىرىنى ئېچىشتا ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى، مىراسلىرى، ئىجتىمائىي تەسىرىنى تەھلىل قىلىشتا بىر قەدەر مۇشكۈل جەريانىنى پەيدا قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، يېقىنقى 10 نەچچە يىل مابەينىدە پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى بىلەن شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك دەۋرى ئېنىق ئىلمىي دەلىللەر ئاساسىدا تۇنجى قېتىم شەرھىلەندى ۋە يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان كلاسسىك نامايەندىلەرنىڭ ئەدەبىي-ئىجادىي پائالىيەتلىرى، ھەمدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە نەشىر قىلىنىپ، جامائەتچىلىككە ئايان قىلىندى. («شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى).

شىنجاڭ ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مەشھۇر بولغان ۋە تاھازىرغا قەدەر شىنجاڭ خەلقى ئىچىدە سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلگەن ئەسەرلەردىن: «دىۋان مەشرەپ»، «مەبدەئى نۇر»، «شاھ مەشرەپ» (مەشرەپ ئەسەرلىرى)، «دىۋان ھۇۋەيدا»، «ھۇۋەيدا ھىميانى»، «قىيامەتنامە» (ھۇۋەيدا ئەسەرلىرى)، «دىۋان دىلەفكار» (دىلەفكار ئەسەرلىرى) قاتارلىق تاش باسما ۋە قولىيازما ئەسەرلەر كۆپ مىقداردا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا، مەشرەپ، ھۇۋەيدا شېئىرلىرى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» تەركىبىدە خەلق تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كەلمەكتە. شائىر فۇرقەتنىڭ «سەيدىڭ قويابەر سەييادە»، «چىرايلىق»، «ئول پەرى» ناملىق لىرىكىلىرىمۇ شىنجاڭدا ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلق

ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋە شىنجاڭ تارىخ مۇزېيىدا ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت كۆپلىگەن كىتاب ۋە قولىيازمىلار ساقلانماقتا.

2

شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان دەۋرى X I X ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن باشلىنىپ، X X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلى ۋە 30–40-يىللاردا راسا جانلانغان.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دېموكراتىك شائىر فۇرقەت دۇنيانىڭ خېلى كۆپ تەرەققىي قىلغان ئەللىرىنى ئايلىنىپ، ئاخىرى يەكەنگە كېلىپ ماكانلاشتى. فۇرقەتنىڭ يەكەن ھاياتى شىنجاڭ ئۆزبېك جامائەتچىلىكى ئىچىدە مەرىپەت تارقىتىش ۋە دېموكراتىك غايىلارنى تەرغىب قىلىش، خەلقچىللىق كۆز قارىشى بىلەن سۇغۇرۇلغان رېئالىستىك ئەدەبىي ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى.

فۇرقەت يەكەندىكى ئەدەبىي پائالىيىتى داۋامىدا جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتلەرنى تەرەننۇم قىلىدىغان لىرىك شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ: «مۇئەززەم رۇسۇچىن ھەمكارۇ ھەمدەست» دەپ باشلىنىدىغان پارچىسى ئەشۇ دەۋردىكى ئىككى ئەل مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. كۆپلىگەن رېئالىستىك شېئىرلىرىدىن باشقا، فۇرقەت يەنە «ھىندى نەيرەڭبازى يەركەنتدە»، «چىن خەلقلەرنىڭ زىندەگانلىق ئادەتلىرى» قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلەر ھەمدە ئۆرپ-ئادەت، شېئىرىيەت ھەققىدە بىر نەچچە پارچە ماقالىلەرنى يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلدۇردى (تاشكەنتتە چىقىدىغان «تۈركىستان ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» 1903–1905-يىللار سانى).
ئېنى زاماندا گېزىتلەر سودىگەرلەر ئارقىلىق قەشقەر، يەكەنلەرگىمۇ كەلگەنىدى. فۇرقەت تەجەللى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەمدە زامانىسىنىڭ زىيالىيلىرى بىلەن يېقىن ئىجادىي-مەرىپەت ئالاقىلىرىنى تىكلىگەنىدى. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى يەكەن ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان « ئۇچ خاراباتى» شېئىرىنى ئەنە شۇ دەۋردە يازغان. فۇرقەتكە زامانداش بولۇپ يەكەن، قاغىلىقلاردا ياشاپ، ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر شائىرلىرى موللا سەئىدۇللا ۋە خەستە ئۆزبېك شائىرى دىلكەش قاتارلىقلارمۇ فۇرقەت تەسىرىنى قوبۇل قىلغان.

X X ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا چۆچەكتە پىرىمقۇل قارى ئەندىجانى ياشاپ ئىجاد قىلدى. قەشقەردە زىرىپ قارى تاشكەندى، تۇرغۇنجان تولۇئى «قەشقەر قىزى» قاتارلىق شائىر ۋە شائىرەلەر ياشىدى. ئۇلارنىڭ شېئىر ۋە ماقالىلىرى 20-يىللاردا قەشقەر، ئاتۇشتا نەشر قىلىنىپ (مەلۇم ۋاقىت) تارقىتىلغان تۇنجى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغانىدى.

3

شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى يېڭى زامان دەۋرى 1933-يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زور سىياسىي-ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، جۈملىدىن «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» نەتىجىسىدە باشلىنىپ يەنە يېڭى نامايەندىلەر، يېڭىچە ئەدەبىي يۈزلىنىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەمدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى.

بۇ دەۋردىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى: جۇڭخوا ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلقنى مەرىپەت ۋە ئاقارتىش يولىغا دەۋەت قىلىش، زامانىۋىي پەن-مەدەنىيەت، سەنئەتنى

كۆيلەش قاتارلىق بىر قاتار ئىلغار ئىدىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ دەۋردە چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردە ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەسىس قىلىندى.

بۇ دەۋرنىڭ باشلامچىسى ۋە ھايراقدارى مەشھۇر ئۆزبېك دراماتورگى ۋە ئەدەبىياتشۇناسى شۇكۇر يالقىندۇر. ئۇ شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سۇغۇرۇلغان ھازىر جاۋاب دراما ئەسەرلىرىنى يېزىپ سەھنىلەشتۈردى. (دەسلەپتە چۆچەك ۋە كېيىنچە ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، خوتەن سەھنىلىرىدە كوينالغان «شاڭخەي كېچىسى»، «پوستا»، «ۋەتەن نومۇسى ئۈچۈن» ناملىق دراما ۋە تراگېدىيىلەر ئەينى دەۋرنىڭ ئۆزىدە مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋەقەلىكىنى تەسۋىرلىگەن. ئەينى يىللاردا شىنجاڭ شۆيۈەندە تۇرغان يازغۇچى ماۋدۇن شۇكۇر يالقىننىڭ «شاڭخەي كېچىسى» ئەسىرىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، شۇكۇر يالقىن بىلەن ئالاھىدە سۆھبەتلەشكەن. يازغۇچى يالقىننىڭ ئەشۇ يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتى ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭ «شارلاتان»، «مەترىيىسم باينىڭ تويى»، «تىكەنلىك گۈللەر»، «يالغۇز قىز» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەينى جەمئىيەتتىكى سەلبىي تەرەپلەرنى ئېچىش، خەلقنى مەرىپەتكە ئۈندەش، فېئوداللىق-خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىدە ئىدى.

30_40-يىللاردا يەنە نەسرۇللا قارى فەرھەتى (غۇلجا)، بىلال ئەزىزى (1920_1945 ئۈرۈمچى-خوتەن)، نۇرمۇھەممەد ئېركى (قەشقەر 1927_1983) قاتارلىق ئۆزبېك شائىر-يازغۇچىلىرى ناھايىتى سەمەرىلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاقسۇ شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتچىلىك ۋە مىللەتلەر دوستلۇقى، شىنجاڭنىڭ ھەر ساھەدىكى تەرەققىياتىنى كۆيلەيدىغان بەدىئىلىكى يۇكسەك شېئىرلارنى ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىپ تۇرغان.

شائىر ۋە رېژىسسور، كومپوزىتور نەسرۇللا قارى فەرھەتى (1906-يىلى تۇغۇلغان) شىنجاڭدا دراماچىلىق ۋە مۇزىكا ئىجادىيىتى ساھەسىدە چوڭ تۆھپە ياراتقان نامايەندىنىڭ بىرى. 30_40-يىللاردا فەرھەتى يۇمۇر ۋە ساتىرا ژانىرىدىمۇ ئاجايىپ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ بۇنداق ئەسەرلەرنى «موللا توقماق» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتىكى نادانلىق، مۇتەئەسسىپلىكنى، خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇقنى قاتتىق سۆككەن، فېئوداللىق، كونا ئادەتلەرنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، مەرىپەت ۋە يېڭىلىقنى كۆيلىگەن. فەرھەتىنىڭ «دەۋرانىم گۈزەل»، «ئۇستازىم»، «خەلقىم» ناملىق لىرىك شېئىرلىرى ۋە بۇ شېئىرلار تېكىستىدىن ئاھاڭغا ئېلىنغان ناخشا-مۇزىكىلار تاھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

40-يىللاردا پۈتۈن شىنجاڭدا قوزغالغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە گومىنداڭغا قارشى سىياسىي كۈرەشلەرگە ئاشۇ يىللاردا تونۇلغان ئۆزبېك زىيالىيلىرىمۇ ئاكتىپ قاتناشتى. تارىختا ئۇنتۇلمايدىغان چوڭ ئىنقىلابىي ھادىسە-«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» بوران-چاپقۇنلىرىغا ئۆزبېك زىيالىيلىرى، جۈملىدىن، ئەدەبىيات نامايەندىلىرى ئاكتىپ قاتناشتى. ئىنقىلابىي شائىر بىلال ئەزىزى، ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىللە ئىنقىلابنىڭ ئالدىنقى پوستىدا تۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن تىغمۇ-تىغ كۈرەش قىلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. شائىر بىلال ئەزىزى ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئەدەبىي-ئىجابىي پائالىيىتى ئارقىلىق شىنجاڭدا دېموكراتىك ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پائال تۆھپە قوشتى. بىلال ئەزىزىنىڭ ئىككى شېئىرلار توپلىمى 50-ۋە 80-يىللاردا شىنجاڭدا ئىككى نۆۋەت نەشر قىلىندى.

40-يىللاردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئۆزبېك زىيالىيلىرى ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، قاغىلىق ۋە خوتەنلەردىمۇ ئاكتىپ ئەدەبىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغانىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئۆزبېك كومپوزىتورى، رېژىسسور ۋە شائىر-سازەندە مۇنىرىدىن خوجىمۇ بار ئىدى. مۇنىرىدىن خوجا ل. مۇتەللىپ بىلەن مۆرىنى-مۆرىگە تىرەپ، ئاقسۇدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى، ئۇ ئاخىر ئۆز ھاياتىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تەقدىم قىلدى.

## 4

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدا شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى مىسلىسىز گۈللەندى. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۆزبېك ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك رېئالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ئورنىدا پېشقەدەم ئۆزبېك يازغۇچى-شائىرلىرى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلاردىن شۈكۈر يالقۇن، نەسرۇللاقارى فەرھەتى، نۇرمۇھەممەد ئېركى ۋە ساپاخان پولات - «بەختىيار» (1929-1982) قاتارلىقلار تۇرىدۇ. بۇ يېتىلگەن ئەدەبىيات پېشۋالىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد نامايەندىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە باشلامچىلىق رول ئوينىدى. 50-يىللاردا شائىر ۋە فولكلورشۇناسى نەجمىدىن سىدىق (1927-1995-يىللار) شېئىرىيەت ۋە فولكلور تەتقىقاتى جەھەتتە ئۆزبېك ئەدەبىياتىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى، جەمئىيەتتە ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان بىر نەچچە ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى.

60-يىللاردىن باشلاپ تالانتلىق ئۆزبېك شائىر، كومپوزىتور، دراماتورگ تەلئەت ناسىرنىڭ (1940-يىلى تۇغۇلغان) ئەدەبىي پائالىيىتى سوتسىيالىستىك ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر يېڭى پەللىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

«ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىن» دىن كېيىنكى دەۋر، بولۇپمۇ، 80-يىللار شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى سەنئىتى ۋە ئۆزبېك مەدەنىيىتى ساھەسىنىڭ گۈللەپ - راۋاج تاپقان شانلىق بىر دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىللاردا يېڭى ئەۋلاد تالانتلىق ئۆزبېك شائىر، ئەدەبىياتشۇناسلىرى يېتىشىپ چىقتى؛ نېمەتۇللاھاجى ئوبەيدۇللا، ئابدۇلھەي ئابدۇلھەق، پەيزۇللا ئىسھاق، ئادالەت ھەبىبۇللا قاتارلىق ياش نامايەندىلەر ئەنە شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. نېمەتۇللاھاجى ئوبەيدۇللا ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭدا فۇرقەتشۇناسلىق ئىلمىي ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئابدۇلھەي ئابدۇلھەق ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مەنىۋىي ھادىسىلەرنى تەرەننۇم قىلىدىغان گۈزەل شېئىرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلدى، ئادالەت ھەبىبۇللا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نەسرى ئۇسلۇب يولىدا مېڭىپ، زامان ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پوۋېستلارنى يازدى، ئۇنىڭ پوۋېستلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ياش يازغۇچىلار ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 1982-يىلدىن 1995-يىلغىچە شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىيات سەنئىتى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئەھۋالى دۆلەت خىراجىتى بىلەن ئۈچ نۆۋەت كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈلدى. شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بويلاپ مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۆزبېك مەدەنىيىتىنىڭ جۈملىدىن، ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە دەۋرلىرى بويىچە چوڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1988-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى تەسىس قىلىندى. جەمئىيەت ئۆزبېك تىلىدا «شىنجاڭ ئۆزبېكلىرى» ناملىق مەجمۇئە نەشر قىلىپ، ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان نەمۇنىلىرىنى ئۆز تىلىدا ئېلان قىلدى، شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئەدەبىي-مەدەنىيەت ھاياتى توغرىسىدا ئۆزبېك تىلىدا ئالتە سان «ئاخبارات» بېسىپ تارقاتتى.

1985-يىلدىن باشلاپ «جۇڭگو ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ چىقىش دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھازىرغا قەدەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ I - I توملىرى

يېزىلىپ، ھەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى.

شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتمۈش دەۋرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان دەۋرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە شۇ نۇقتىنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىككى تىللىق ئەدىبلەر بولغان، بۇ ئالاھىدىلىك شىنجاڭدا ئۆزبېك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا بىللە يۈكسىلىش، ئورتاق گۈللىنىش، ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۆزئارا سىڭىپ كىرىشىشتەك تارىخىي جەريانلارنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا بەزى نامايەندىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆزىگە يارىشا مەۋقەگە ئىگە بولغان، ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر مابەينىدە شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەدىبلىرى بىلەن ئۆزبېك ئەدىبلىرى پەرقلەنمىگەن ھالدا بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا ياشىغۇچى ئۆزبېكلەر گەرچە ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تىلى ۋە يېزىقىغا ئىگە بولسىمۇ، تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئۆز ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىش ئېھتىياجىنى تەقەززا قىلمايتتى. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلارچە تارىخىي يېقىنلىق ئەدىبلەرنىڭ ئۆزى خالىغان تىلدا ئەركىن ئىجاد قىلىشىغا، جامائەتچىلىكنىڭمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئۆز ئالدىغا ئىستېتىك زوق ئېلىشىغا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى. بۇ خىل ئىجتىمائىي قولاي شارائىتى شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى دەۋردە ئۈزۈلۈپ قالماي تەرەققىي قىلىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. ھەر بىر ئەدىبنىڭ ئىجادىيىتى ئۆزىگە يارىشا ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلدى، ئىككى تىللىق بولۇشىغا قارىماي، بەزى ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى يەنىلا ئۆزبېك تىلىدا ئىجاد قىلغانىدى.

بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتىدىغان يەنە بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، شىنجاڭ ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىنى قانداق تونۇش مەسىلىسى. ئىلمىي ھەقىقەت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى شۇ مىللەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان مىللىي كلاسسىك مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ تارىخى شۇ مىللەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ قايسى ئەلدە، قايسى تېررىتورىيىدە ياشىغانلىقى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتمەيدۇ. گەرچە شىنجاڭدا 20 مىڭغا يېقىن ئۆزبېك ياشىسىمۇ، ئۇ بىر پۈتۈن ئۆزبېك مىللىي مەدەنىيىتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرىدۇر. شۇڭا قەدىمكى ئەسىر، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى شىنجاڭدىكى ئۆزبېك خەلقىنىڭمۇ ئوخشاشلا تارىخىي بايلىقىدۇر.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارا ئەھمەت

# «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئادەم» لىك ھەققىدە

ئابلىكىم ئالاۋۇدۇن

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئەسىرى مىللىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان مەرىپەت، ئەقىل - ئىدراك ۋە ئادەملىك ھەققىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر.

بىز بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئىجابىي ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ۋارىسلىق قىلساق ھەم ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلساق بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» - بىلىم، ئەقىل - ئىدراك، جۈملىدىن ئادەم بولۇشنىڭ قائىدىلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلىگەن بىر ئەسەردۇر. ئۇنىڭدىكى شەخسلەرنىڭ دىئالوگلىرى ۋە باشقا ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسىدە ئادەمنىڭ مەدەنىيەت ياراتقانلىقى، يەنە كېلىپ شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئادەمنى يارىتىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن:

1837: ئىدراك كىشى ئۈچۈن بىر كىشەندۇركى، ئادالەت ۋە توغرا ئىشتىن نېرى كەتكۈزمەيدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ئۈچۈن پۇرسەت كۆپ، بىر ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ھەم ھازىرقى كىشىلەرنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولغان تاللاش پۇرسەتلىرىمۇ بار. بىز ھازىرقى مۇشۇ شارائىتتىكى ھادىسىلەر بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بىلىم ئېلىش»، «بىلىم، ئەقىل - ئىدراكلارنىڭ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان رولى» ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق، بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان مەزمۇنلارنىڭ ئۆزى بىر «مائارىپ نەزەرىيىسى» ئىكەن دېگەن ئۇقۇم بىزنىڭ ئېڭىمىزدا شەكىللەنمەي قالمايدۇ.

مەسىلەن:

866: ئادەم قىس ئەمەس (بەلكى) كىشىلىك قىستۇر.
ئىنسانلار ئاز ئەمەس (بەلكى) توغرىلىق ئازدۇر.
869: كىشى قەدىرلىك ئەمەس (بەلكى) كىشىلىك قەدىرلىكتۇر.
ئەقىل ئىدراك توغرا يەن كىشىلەرنىلا ماختايدۇ.
900: قايسى نەرسە ئېسىل، نادىر بولسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بارچە كىشىگە قىيىنغا

چۈشىدۇ.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئەزەلدىن بار بولغان ئابستراكىتلىق نەرسە ئەمەس. بىز بىلىمىز، ئەقىل ـ ئىدراك قاتارلىقلارنى بىر مەدەنىيەت دېسەك، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزلەشتۈرگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر جەريان بولۇپ، ئادەم شۇ جەمئىيەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ماس قەدەمدە بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى. بىراق بۇ مۇھىتنى ئادەم ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ، ئادەم ئۆزىنى ئۆزى يارىتىدۇ، دېگەنلىك. يەنى ئادەم ھەرگىز تەبىئىي نەرسە بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىيلاشقان مەدەنىي ھايۋاندۇر. يۇقىرىدا بىز مىسالغا ئالغان مەزمۇنلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئادەم ئۆلۈغمۇ، پەسمۇ بولىدۇ. مېھرىبانمۇ، ياۋۇزمۇ بولىدۇ. ئەقىللىقمۇ، ئەقىلسىزمۇ بولىدۇ. . . .

مۇشۇ خىل پەرقلەرنىڭ مەنبەسى يەنىلا شۇ مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

585: ئىمكىنلىك، ئالىيجاناپلىق ئەقىلنىڭ ئىشى.

ئەقىل پاراسەتسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋاندۇر.

ھەر قانداق بىر ئادەم ئۇنىڭ ئەمەلىينىڭ نىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ قانچىلىك ئۇلۇغ بولسىمۇ، دەۋردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، ياكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ چەكلىمىسىدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە ـ كىشىلەر شۇ زامانغا ماس كېلىدىغان ئەقىل ئىدراك ۋە پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن زامانغا ماسلىشىپ ماڭغىلى، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھاجىتىدىن چىققىلى، بىر قەدەر مۇقىم بولغان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مەنىۋىي قاتلامدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

1211: ئۆلگۈچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنىڭ تۇتقۇنىدۇر. ۋاقىتى كەلگەندە قارىغىنىكى ئايىقىنى قىمىر قىلالمايدۇ.

537: دىلىڭ كىمنى سۆيسە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى سۆيۈملۈك بولىدۇ. (ئۇ) كۆرەر كۆزۈڭگە ئۇرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

633: ئالدىراڭغۇلۇق بارلىق خاتالىقلارنىڭ بېشى. ئېغىر بېسىقلىق ياخشىلارنىڭ ئىشى.

بۇ يەردىكى ئادەم ـــ قىممەت قارىشىغا، ۋاقىت قارىشىغا، تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولغان مەدەنىي ئادەم. بۇ، يەنە كۈلەلەيدىغان، يىغلىيالايدىغان، سۆيەلەيدىغان، سۆيۈلەلەيدىغان، ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئادەم. بارلىق ۋىجدان مەسىلىلىرىنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالىغان ـ قىلالمىغانلىقىغا قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىش ئىقتىدارى بولغان، مۇئەييەن ئەخلاق چۈشەنچىسى، ئەخلاق ھېسسىياتى، ئەخلاق ئىرادىسى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئادەمدۇر. ئۇ يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بەزى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر، تەسادىپىي مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلەلەيدىغان ئادەم. مانا بۇلار يۇقىرىقى مىساللاردا ئەكس ئەتكەن بىر قەدەر ئىلمىي بولغان ۋىجدان مەسىلىسىدۇر. بۇ يەنە ۋىجدانىنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە قۇرۇلغان تۇزاق ئىكەنلىكى، كىشىلەر كىشىلىك ۋىجدانى بىلەن ئۆز قىممىتىنى ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى، بىر كىشى ئەخلاققا خىلاپ بولغان مەلۇم بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر شۇ كىشى ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا شۇ ئىشنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ۋىجدان ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمايدۇ، ھەتتا ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشى تۈپەيلىدىن ئۆمۈر بويى ئازاب چېكىشى مۇمكىن دېگەندەك جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسىغا دائىر مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

703: ماڭا ئىرىشكۈچىلەرنىڭ مىجەزى كەمتەربولۇشى، كۆڭلى مۇلايىم بولۇشى، سۆزى يۇمشاق بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆزىگە ئېھتىيات قىلىشى، يارىماس ئىشلارغا يېقىن يولىماسلىقى كېرەك.

705: يەنغان مىلىنى ئۆز لايىقىدا ئىشلەتمىشى، قىلىقى، مىجەز ـ خۇلقىغا باپ هايات كەچۈرۈشى كېرەك.

708: ئىچىملىككە بىھۇدە بېرىلمەسلىك، مېلىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك.

694: بۇ بەختكە مەغرۇرلانما (ئۇ) كېلىدۇ ۋە يەنە كېتىدۇ. بۇ دۆلەتكە ئىشەنمە (ئۇ) بېرىدۇ ھەم ئالىدۇ.

بۇ مەزمۇنلار گەرچە ئوردا ئىچىدىكى پادىشاھ ۋەزىر قاتارلىقلارنىڭ ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەردىكى بەخت قاراشلىرى بىر قەدەر ئىلمىي ئۇسلۇبتا يەكۈنلەنگەن.

بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ بەخت قاراشلىرىنى شۇ ئادەمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا باغلاپ تۇرۇپ شەرھىلەيدۇ ھەم ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ.

بەخت بولسا كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ياكى مەلۇم باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئاساستا ئۆزىگە ئۆزى ئەخلاق جەھەتتىن باھا بېرىشى كېرەك. شۇڭا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەخلاقسىز قىلمىش، دەپ قارىغان بولسا ھەم شۇ ئارقىلىق قانچىلىك پايدىغا ئېرىشكەن بولمىسۇن، ئۆزلىرىنى ئوخشاشلا بەختلىك دەپ ھېس قىلالمايدۇ. دېمەك، ھەقىقىي بەخت پەقەت كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ۋىجدانىغا ماسلاشقان پائالىيىتىنىڭ، ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى، دېگەن بەخت قارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ جەھەتتە يەنە ئادەمنىڭ تەن جەھەتتىكى راھەتلىنىشى كۆزدە تۇتۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى روھى جەھەتتىكى راھەتلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا بىزگە تەكىتلىنىپ تۇرغىنى، كىشىلەرنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى بەختكە بېرىلىشىنى، پەقەت روھى جەھەتتىكى بەختلا يۈكسەك، ئۇزۇن مۇددەتلىك بولۇپ كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرىدىغان بەخت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭ ئازاب ئوقۇبەت پەيدا قىلمايدىغان بەخت ئىكەنلىكى، ئەگەر كىشى يەپ ـ ئىچىشلار، يۈزۈپ ـ چېچىشلارنى خۇشاللىق، راھەتلىنىش دەپ بىلسە، بۇنىڭ ئۇلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن ماددىي جەھەتتىكى بەختنى چەتكە قېقىۋاتقىنى پەقەت ماددىي تۇرمۇشتىكى ئاچكۆزلۈك، ماددىي تۇرمۇشقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپ ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق قاتارلىقلار. ئۇ ماددىي تۇرمۇشتىن مۇۋاپىق بەھرىمەن بولۇشنى باشتىلا قۇۋۋەتلەيدۇ ھەم شۇنداق بولۇشنى تەكىتلەيدۇ.

مانا بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «ئادەملىك» ھەققىدە بايان قىلىنغان بىزگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە ئۈرنەك بولالايدىغان ئادەم بولۇشنىڭ قائىدە مىزانلىرىنىڭ بىر قىسمى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: رەشىدە مامۇت

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسى

مەھمۇد يۈسۈپ

تەقسىمات مەسىلىسى — ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ بىر ھالقىسى بولۇپ، تەقسىمات توغرا بولسا، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش، ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر تەقسىمات ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئاساس قىلغان بولسا، خەلق ئۆزى ياراتقان بايلىقتىن بەھرىمەن بولالماي نامراتلىشىپ، ياشىشىغا ئىمكانىيەت قالمايدۇ-دە، ئاخىر بۇنداق ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەت گۇمران بولىدۇ.

تەقسىمات مەسىلىسى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا قۇللۇق جەمئىيىتىدىن كاپىتالىزمغىچە بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىدە مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئېزىش-ئېزىلىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئېزىش-ئېزىلىش تەقسىمات تۈزۈمىدە كونكرېت رېئاللىشىپ كەلدى. يۇقىرىقى ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە يۈز بەرگەن ئېزىلىشكە قارشى كۆرەشلەرنىڭ كۆپى ئالدى بىلەن تەقسىمات تۈزۈمىدىكى تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن باشلانغان. شۇنداقلا ئىنسانىيەت تارىخىدا تاھازىرغىچە بولۇپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتلارنىڭ كۆپى تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلانغان.

ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تەقسىمات تۈزۈمىدىكى ناھەقچىلىكنى بايقاپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىسا خەلقنى بېيىتىپ، خانلىقنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ، تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسىنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

ئالىم تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ.

2960. (تەنۇ-جان پىدالاپ ئىشلەيدۇ خادىم،
تىلەپ بەگ سۆيۈنچى قىلۇر قۇللۇق ھەم.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

2965. شۇ خىزمەت ئۈچۈن بەگ ھەققىنى بەرگۈلۈك،
بولۇپ مېھرىبان ھەم ئۇبدان كۆرگۈلۈك.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

2974. يارامىلىقلىقچە ئىھسانلار كېرەك،
بەجىرگەن ئىشىگە تەڭ ھەق بەرمەك كېرەك).

بۇ مىسرالاردا ئالىم ئىنتايىن ئاقىلانىلىق بىلەن ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى بولۇشقا مۇناسىپ ھالدا، ھازىردىن توققۇز يۈز يىل بۇرۇن، «بىجىرگەن ئىشىگە تەڭ ھەق بەرمەك» دەپ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىن ھالقىغان ھالدا ئىلغار تەقسىمات تۈزۈمىنى، يەنى فېئودالىزمنىڭ مۇلۇككە قاراپ تەقسىم قىلىش تۈزۈمىنى ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ ھەق بېرىشكە ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ، ئالىمنىڭ ئىقتىساد ئىلمىدىمۇ ئىجابىي تەپەككۇر ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ، تەقسىمات مەسىلىسىنى تەدبىق قىلىشتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئالىم يەنە داستاننىڭ ئوتتۇز سەككىزىنچى بابىدا مۇنداق يازىدۇ:

2986. «كىشى ئەمگىگىن بىلمىگۈچى كىشى،

دېيىلمەس كىشى، ئۇ، يىلقا ئوخشىشى.»

ئالىم بۇ ئىككى مىسرادا تىلىنى ھەقىقەت خەنجىرى قىلىپ قاراخانىيلار خانلىقىدىكى تەڭسىز تەقسىماتنى — ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىچىلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ، ھايۋانغا ئوخشىتىدۇ. فېئودالىزم تۈزۈمىدە مۇنداق نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان جاسۇر-قەھرىمانىنىڭ ياكى كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە مەنتىقە بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى-پادىشاھنى قايىل قىلالايدىغان جەمئىيەتتە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاسارەت ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، ئەنە شۇنداق ئىلغار ئىسلاھاتچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز مامۇت

---

(بېشى 78 ـ بەتتە)

قوچۇ، ئالدى قاڭقىل، كىنگىت، كۆسەن قاتارلىق يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ كونترول قىلىنىشى بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. دۇمىن لېيەنچىن مۇنداق دەپ توغرا كۆرسەتتى: ئېفتالىتلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىغان ۋاقتى تەيئەننىڭ 2-يىلى (مىلادى 456) ئىدى، لېكىن جىڭشىنىڭ 4-يىلى (مىلادى 507) ئەلچى ئەۋەتىشنى ئاندىن ئىسلىگە كەلتۈرگەن، بۇ ئارىلىقتا ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى يىپەك يولىنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىنى[77]، شۇڭا قاڭقىللار بىلەن ئېفتالىتلار بىر-بىرىدىن يۈز ئۆرۈپ دۈشمەنلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ناغاي مۇشۇ چوڭ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتارما ھۇجۇم قوزغاپ، قوچۇدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، جۇرجانلارنىڭ سىياسىي گۇماشتىسى جاڭ مېڭمىڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. «ۋېينامە» 101-جىلد «قوچۇ تەزكىرىسى» دە، بۇ ئادەم توغرىلىق مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «كېيىن ئۇنى ئۆز خەلقى ئۆلتۈرۈپ، مارۇنى خان قىلىپ تىكلىدى، گوڭ گۇلى بىلەن كۈجيانى ئوڭ-سول دورغاب قىلدى.» «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەزكىرىسى» 40-جىلدىدا، بۇ ئىش تەيخېنىڭ 20-يىلى (مىلادى 496) يۈز بەرگەن، دەپ خاتىرىلەنگەن. (داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۈسۈپ

# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى

غەيرەتجان ئوسمان   ياقۇتخان يۇنۇس

غەربىي يۇرتتا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى قەدىمدىن بېرى ئىزچىل يوسۇندا داۋام قىلىپ كەلگەن. تارىختا ئاياللار ئارىسىدىن بىر مۇنچە قەلەم ئىگىلىرى، خەلق قوشاقچىلىرى چىققان. سانسىزلىغان خەلق سەنئەتكارلىرى ئويۇن - كۈلكىلەر، سەيلە - مەشرەپ، ئەمگەك ۋە ھۈنەر ئىشلىرى، ئۆلۈم - مەرىكىلەردە قوشاق توقۇپ، ناخشا ئېيتىپ، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاپتورنىڭ ناملىرى بىلەن ئاغلىنىپ كەلسىمۇ، ئەمما ناھايىتى كۆپلىرىنىڭ ئىمزاسى يوق، ئۇلار خەلقنىڭ ئومۇمىي خەزىنىسىگە قېتىلىپ كەتكەن.

بىز تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق، باتىستان ئانا (شۇۋاگمۇ تەخمىنەن م. ب. X ئەسىرلەر)، جىۋا (324 - ?)، سىمىرا (مىلادى X ئەسىردىن ئىلگىرى)، رابىيە كاشغەرى (X I ئەسىرلەر)، سىلىغ تېگىن (X II ئەسىرلەر)، شياۋگۇەنيىن (1039 - 1075)، شياۋسېبېي (? - 1121)، ئامانىسا (1523 - 1571)، زىلەيخا بېگىم (X V I ئەسىر)، زۇلفىيە كاشغەرى (X V I ئەسىر)، مۇتربىيە (X V II ئەسىر)، بىبى مەسۇم ئەزىزەم (X V II ئەسىر)، نوزۇگۇم (? 1808 - ? 1827)، ئاخونئاغىچا (X I X ئەسىر)، ھەمرابۇۋى (X I X ئەسىر)، زۇمرەد، ئەسرى (X I X ئەسىرلەر)، مۇتربان كاشغەرى (X I X ئەسىر)، مېھرىبانۇ پوچۇن خېنىم (? - ? 1878) ھوزەيىنە، ئەزىزە، ھەمرا، ئانارخان، ساجىدە، ئامىنە، زىلەيخان، نۇرنىسا، شازادىخان، خەيرىنىسا توختى قاتارلىق قەلەمكەشلەر، شائىر - قوشاقچىلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز.

خەلق ئارىسىدا، ناخشىچى - قوشاقچى ئاياللارنىڭ قوشاق - ناخشىلىرىنىڭ تارقىلىشى كەڭ بولغان. ئۇلاردا ئاياللارنىڭ ئەمگەك قارىشى، ئەمگەككە دائىر چۈشەنچىلەر، ئەمگەك جەريانى، ئاياللارنىڭ ھېسسىياتى جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بەزى قوشاقلاردا كۈچلۈك ئىجتىمائىي كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. سىياسىي مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان مەزمۇنلارمۇ بار. ئەمگەكچى ئاياللار ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ناخشا، قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ بىر تەرەپتىن، ئەمگەك ھارغىنلىقىنى چىقىرىشنى ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بېشىغا كەلگەن بەزى ئېغىرچىلىقلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان.

ئاياللارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى مۇنداق بىر قانچە ئەنئەنىۋى ھەرىكەتلەردە ئىپادىلەنگەن.

1) ئەللەي ناخشىسى. بۇ ئانىلارنىڭ بوۋاقلارنى ئېمىتىپ ياكى بۆشۈككە بۆلەپ بولغاندىن

كىيىن ئۇلارنى تېز ئۆخلىتىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان يېقىملىق، مۇڭلۇق، مول مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان ئاھاڭلىق قوشىقى. شۇڭا ئۇ ئادەتتە يەنە «ئانا ناخشىسى»، «بۆشۈك ناخشىسى» ۋە «ئۆخلىتىش ناخشىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئەللەي ناخشىسى» نىڭ مەزمۇنى مول، ئاھاڭى تەسىرلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىمۇ ئۇزۇن.

ئۇيغۇرلاردىكى «ئەللەي ناخشىسى» نىڭ مەزمۇنى مول، ئاھاڭى يېقىملىق بولۇپ، باللارنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە ئۆخلىتىش رولى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئۇلارنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ، بىر قەدەر ئومۇملاشقان «ئەللەي ناخشىسى» نىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ئەللەي، بالام ئەللەي،
سەن ئۆخلىغىن مەن پەپلەي.
ئېيتاي ئاڭلىساڭ چۆچەك،
ھەرگىز يېنىڭدىن كەتمەي.

كونا جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ تارتقان ئازابلىرى كۆپرەك بولغاچقا، بەزى «ئەللەي ناخشىسى» دا ئاياللارنىڭ دەرتلىرى بىلەن ھەسرەت ـ نادامەتلىرى ئىپادىلەنگەن.

«ئەللەي ناخشىلىرى» نىڭ يەنە بىر قىسمىدا ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام، قەيسەر، ئەقىللىق ۋە يۈز ـ ئابرويلۇق بولۇپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

2) ئېيتىشىش ۋە توي قوشاقلىرى

ئېيتىشىش ئادەتتە بېيىت ئېيتىشىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ يېزا ـ سەھرالىرى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، يىگىت ـ قىزلارنىڭ (بەزىدە چوڭلار ئارىسىدىمۇ بار بولغان) بېيىت ئېيتىششتەك ئەنئەنە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئادەتتە ئۇنىڭغا ساز مۇزىكىلار تەڭكەش قىلىنمايتتى. ئۇنى كىشىلەر سەيلە ـ مەشرەپ، توي ـ تۆكۈنلەردە، شۇ سورۇننىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئېيتقۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئاساسەن ئوقۇلىدۇ. ئېيتىشىش مۇنازىرە شەكلىدە بولغاچقا، ئۇنىڭدا «ئاممۋىلىق خۇسۇسىيەت» بار. ھازىر سەھنىلەردە ئېيتىلىپ ئورۇندىلىۋاتقان ئېيتىشىش، كومېدىيە، دىراممىلار ئەنە شۇ بېيىت ئېيتىشىش سەنئىتىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

ئومۇمەن، نىكاھ تويىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مۇراسىملار خىلمۇ ـ خىل بولغاچقا، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قوشاقلارمۇ خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قايسى رايونلاردىكى توي پائالىيىتىنىڭ شەكىللىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ ھال توي قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

3) ئەمگەك قوشاقلىرى

(1) يىپ ئىگىرىش ناخشىسى ئېيتىش. چاق چۆرۈپ يىپ ئىگىرىش ئاياللارنىڭ ئائىلە ئەمگىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. نۇرغۇن ئاياللار يىپ ئىگىرىش جەريانىدا چاقنىڭ لەرزان رېتىمىگە تەڭكەش قىلىپ مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى، تۇرمۇش قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

(2) يارغۇنچاق قوشاقلىرى. بۇ ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ بىر تۈرى. ئىلگىرىكى چاغلاردا، كىشىلەر يىرىك ئاشلىقنى تۈگمەندە تارتىپ، ئۇن قىلىپ ئىستېمال قىلىشتىن باشقا، ئائىلىلەردە قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يارغۇنچاقتا يارما قىلىپ، ئىستېمال قىلاتتى، يارغۇنچاقنى ئاساسەن ئاياللار ئىشلىتەتتى بولۇپ، ئۇنىڭدا يارما چىقىرىش كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان، ئەمگەك مىقدارى ئېغىر خىزمەت. ئاياللار بۇ مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، مۇڭلۇق ناخشا ئېيتقاچ، ئۆزىنىڭ

ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

بۇ ئەمگەك قوشاقلىرىدىن باشقا يەنە «سۈت سېغىش قوشىقى»، «ئورما ناخشىسى»، «دوپپا تىكىش قوشىقى»، «ئالما ئۈزۈش قوشىقى»، «پاختا تېرىش قوشىقى»، «قوناق سويۇش قوشىقى» قاتارلىق قوشاقلارمۇ بار. بۇلاردىمۇ ئەمگەك جەريانى ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇلاردا ئاياللارنىڭ ئەمگەك قارىشى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى، ئەمگەككە نىسبەتەن بىر خىل سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى، ئېستېتىك چۈشەنچىسى ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

4) تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ۋە ئۇنىڭدا قوشاق ئېيتىش ئادىتى.

قىز - چوكانلار ئۆزئارا ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. بۇ ئويۇنلارنى ئوينىغاچ، ئويۇنلارنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوشاق ئېيتىدۇ. بۇلار بەزى قىز - چوكانلارنىڭ قوشاقچىلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(1) توپ ئويۇنى قوشىقى.

بۇ قوشاقنى ئاساسەن قىزلار توپ ئوينىغاندا ئېيتىدۇ.

توپ ئويۇنىدىن باشقا يەنە قىزلار ئوينايدىغان «تاشتېرمەك ئويۇنى»، «كۆلەڭگۈچ - چىمچاچاق ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلاردىمۇ ھەر خىل قوشاقلار ئېيتىلىدۇ.

5) پىرە - ئەپسۇن ۋە رامىزان قوشاقلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى خەلق ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ ئاساسەن پېرىخونلۇق شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. پېرىخونلار يەنە داخان، باخشى، ئەپسۇنكەش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار بىمارلارنى داۋالاشنى كەسىپ قىلغان، پېرىخونلار ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار. بۇ پېرىخونلارنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى ھەرىكەتلىرى ھەر خىل. بۇنىڭ ئىچىدە، بەلگىلىك ئاھاڭ، رىتىمگە چۈشۈرۈپ، مۇڭلۇق قوشاق ئېيتىش ئومۇمىي ئادەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىنى دەماللىققا ئاڭلىسا، خۇراپىي نەرسىلەر، دىنىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەن تولغان قوشاقلاردەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما، بىز دىنىي يوپۇقنى قايرىۋېتىپ، لىللا كۆز بىلەن قارايدىغان بولساق، بىر مۇنچە پىرە - ئەپسۇن قوشاقلىرىدا ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مىسرالارنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. پېرىخونلۇق كىشىلەرنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى ئەدەبىي تەرىزدە ئىپادىلىگەن. شۇڭا، پىرە - ئەپسۇن قوشاقلىرى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىگە تەئەللۇق بولغان بىر خىل ئەدەبىيات شەكلىدىن ئىبارەت.

6) ھېكمەت ئوقۇش

ئاياللار ئارىسىدا ھېكمەت (جانلىق تىلدا «ھۆكمەت» دېيىلگەن) ئېيتىش ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى. بۇ بىر قانچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) مەۋلۇد مۇراسىمىدا ھېكمەت ئوقۇش. مەۋلۇد مۇراسىمى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم. مەۋلۇد مۇراسىمىدا ئاساسەن رەسۇلۇللاغا مەدھىيە - مەرسىيە ۋە ئۇنىڭ نەسەبنامىسى، تەرجىمىھالى، ئىش - ئىزلىرى ئوقۇلىدۇ. شۇڭا بۇ پائالىيەت ئادەتتە «مەۋلۇد ئوقۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. مەۋلۇد ئاياللار، ئەرلەر ئايرىم بىر يەرگە جەم بولۇپ، كەچتە ئوقۇلىدۇ. مەۋلۇدنىڭ تېكىستلىرى بىر خىل مۇڭلۇق لەرزان ئاھاڭغا سېلىنغان بولۇپ، رىتىملىك، قاپىيىلىك، ۋەزىندار مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەرگە قويۇق بەدىئىي زوق، مۇزىكا زوقى بېرىدۇ. پەقەت، بىز ئۇنىڭغا دىنىي كۆزقاراش بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، پۈتۈنلەي تۇرمۇشتىن ئايرىپ چۈشەنمىگەن ئەھۋالدىلا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز.

### 7) چۆچەك ـ ھېكايە ئېيتىشىش

چۆچەك ـ ھېكايىلەر ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان توقۇلما پېرسوناژ، چەكسىز ماكان ۋە چەكسىز زامان ئارقىلىق مول سيوژېت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ ـ خاھىشلىرىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ئاغزاكى نەسرىي ئەسەرلەردۇر. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي ژانىرلىرى ئىچىدە ھەجمى نىسبەتەن چوڭ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور بولغان بىر خىل مۇھىم تۈردۇر.

چۆچەك ـ ھېكايىلەرنىڭ ئىگىسى كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت. ئۇنى ئەمگەكچى ئالما ئاغزاكى يوسۇندا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ئېيتىپ، ساقلاپ، داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاياللاردىن چۆچەك ـ ھېكايە ئېيتىشقانلار ناھايىتى كۆپ. سانسىزلىغان ئانىلار، مومىلار، پەرزەنتلىرىگە چۆچەك ـ ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە ئادەتلەنگەن. پەرزەنتلىرىمۇ ئەنە شۇ چۆچەك ـ ھېكايىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئىشچان، تىرىشچان، ئەقىللىق، ھۈنەرلىك، مەرد ـ سېخى، مەردانە، جەسۇرلۇق، جىگەرلىك، ئادىل كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. بولۇپمۇ بىر مۇنچە ئەدىبلەرنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى بەدىئىي تەپەككۇرى، ئەدەبىي ئىشتىياقىغا ئانا ـ مومىلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭ بولغان.

ئاياللار يەنە ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال ـ تەمسىللەرنى ئەستە تۇتۇشتا، ئورۇنلۇق سۆزلەردە ئىستېمال قىلىشتا ئۆزىنىڭ چېچەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەك ـ ھېكايىلىرىنى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلاپ قېلىشتا ئاياللارنىڭ رولى سۆزسىزكى چوڭدۇر.

### 8) ھازا قوشىقى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆلۈم ئىشلىرى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ قارا كىيىم كىيىپ، بوينىغا ئۇزۇن كىيىپ بېلىنى باغلاپ، يىغا ئاق سېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ، قوشاق ئوقۇپ، ئۆلگۈچى زارىنى ئىپادىلەشتى تولىمۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرى. بىراق ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى قاتتىق ھازىدار بولۇپ، يىغا ـ زارە قىلىشىدۇ. بەزى قوشاقچى تۇغقانلىرى بولسا، قوشاق ئېيتىپ يىغلايدۇ. بۇنداق قوشاقلاردا، مەرھۇمنىڭ ياخشى قىلىق ـ سۈپەتلىرى تەرىپلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بولغان سېغىنىش، ئايرىلغاندىن كېيىنكى جۇدالىق ـ ھەسرەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ھەر تەرەپلىمە جارى بولۇپ تۇرغان. مۇبادا بۇ ھەقتە ئىزچىل كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بارساق، يەنىمۇ كۆپ نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

ياقۇتخان يۇنۇس (قەشقەر كونا شەھەر قوغان يېزىسى قازىرىق كەنتى)
غەيرەتجان ئوسمان (شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارا خەمىت

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق پەرقى توغرىسىدا

ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختا ئىگە مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ھەر قايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ھەر خىل يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدىكى تەتقىقات ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى-ئۇيغۇرلار يېزىق قوللانغاندىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ رايونلاردا ئىسلام دىنى ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشقىچە بولغان ئارىلىقتا (VI-VII ئەسىردىن تارتىپ XII-XIV ئەسىرگىچە) قوللىنىلغان تىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تىلنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسەن ئورخۇن-يەنسەي يادىكارلىقلىرى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ۋە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (خاقانىيە يېزىقى) دا يېزىلغان بىر قىسىم يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى-XIV-XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان تىلدۇر. بۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھازىر ئالىملار بىردەك «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان چاغاتاي يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئالدىنقى دەۋرلەردە قوللىنىلغان تىلغا قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىلغان، ئىپادىلەش كۈچىمۇ ئاشقان تىلدۇر. «شۇنىڭدەك بۇ تىلدا ئۇيغۇر تىلىغا خاس تىل ئامىللىرى مۇتلەق ئۇستۇنلىكنى ئىگىلىگەن. ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئامىللىرىمۇ خېلى قوبۇل قىلىنغان»①.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، دەۋر جەھەتتىن بولسۇن ياكى تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى جەھەتتىن بولسۇن بىر بىرىگە ئىنتايىن يېقىن تىل بولۇپ، دەۋر جەھەتتىن كېيىنرەك بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغانلىقىدا تالاش-تارتىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «بىز چاغاتاي تىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۇستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، بۇ تىلنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغانلىقىدەك مۇھىم تەرەپكە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى چاغاتاي تىلى مەيلى فونېتىكا جەھەتتىن بولسۇن، لېكسىكا جەھەتتىن بولسۇن ياكى گىراماتىكا جەھەتتىن بولسۇن ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن»②.

بىزگە مەلۇمكى، ھەر قايسى دەۋردىكى تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى تەرەققىي قىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. گىراماتىكىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. تىلنىڭ لېكسىكىسىدا ئۆزگىرىش تېز بولىدۇ. فونېتىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ. «بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا قوللانغان ئۈچ خىل ئاساسىي يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىش قىلمىغانلىقىنى (فونېمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاساسەن سەككىزدىن توققۇزغىچە بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ 20 دىن 25 كىچە بولۇپ كەلگەنلىكىنى) ھەر قايسى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ بەك گەۋدىلىك ئەمەسلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ»③.

يۇقىرىقىلاردىن بىلىش مۇمكىنكى، ئەرەبچە، پارسچىدىن كۆپلەپ سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا (بولۇپمۇ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدە) بولغان بىر قىسىم ئۆزگىرىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. بۇ ھەقتە ھازىرغىچە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى. تۆۋەندە مەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا يەكۈنلەپ چىققان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق پەرقلەر توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

ھەر قايسى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بەك گەۋدىلىك بولمىغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىمۇ تىلدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ياسىغىدەك چوڭ فونېتىكىلىق پەرقلەر مەۋجۇت ئەمەس.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق پەرقلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

1. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىي 29 تاۋۇش فونېمىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى سەككىز، ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى 21. (بۇ فونېمىلار قىسقارتىلدى).

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بولسا 33 تاۋۇش فونېمىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى سەككىز ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى 25، بۇ فونېمىلارمۇ قىسقارتىلدى.

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئى» فونېمىسى ئۆزىنىڭ فونېمىلىق رولىنى يوقىتىپ ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بېشى ۋە بىرىنچى بوغۇمىدا كەلگەن «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بىر «ئې» فونېمىسى پەيدا بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن كۆرۈلمەيدىغان، ئاز بىر قىسىم چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىلا ئۇچرايدىغان «ج، خ» فونېمىلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان فونېمىغا ئايلانغان. بۇ ھادىسە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچە، پارسچىدىن كۆپلەپ سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەردە ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: خاۋتەيسى

خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆز: (تەخت ۋارىسى)

سانسكرىت تىلىدىن كىرگەن سۆز: خارى (مۇزىكانتلار دۇبى)

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:

ئەختەر (يۇلتۇز) پ

فاسىغ (بۇزماق، بىكار قىلماق) ئە

ئەفۋاي (گۇرۇھلار) ئە

بايەمال (گۈزەل ) پ

تىل تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە چەت تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە چاغاتاي ئۇيغۇر

تىلىغا يېقىندىن «ھ، ژ، ى، د» قاتارلىق فونېمىلار قوشۇلغان. بۇ فونېمىلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەردە ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

نىگاھ (قاراش، نەزەر) پ

ھاكىم (ھۆكۈم قىلغۇچى) ئە

ژاپىق (چاپقالماق) پ

فىرقە (مەزھەپ، گۇرۇھ) ئە

ژاژگۇن (تەتۈر، پەس) پ

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا يېقىندىن قوشۇلغان ئۆزگىچە تاۋۇش فونېمىسى «؟» ئەرەب تىلىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاساسەن ئەرەبچە سۆزلەردە ئۇچرايدۇ.

مەئمۇر (باياشات) ئە

شوئلە (شولا) ئە

2. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا غ، ز، ۋ، ر، پ، ل، گ، د قاتارلىق فونېمىلار سۆز بېشىدا كۆرۈلمەيدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بولسا بۇ فونېمىلار سۆز بېشىدا كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

د: داغۋاز (ئالدامچى — پ)

د: داروسەلغ (قۇشخانە — ئە)

گ: گاۋمىش (سۇكالىسى — پ)

گ: گىرامىي (قىممەتلىك — ئە)

ل: لاغەر (ئورۇق — پ)

ل: لىھاف (كىيىم — ئە)

ل: لۆت (يالىڭاچ — پ)

پ: پايكار (خىزمەتكار — پ)

پ: پەردە (توسقۇچ — پ)

ر: راھبەر (يول كۆرسەتكۈچى — پ)

ر: رىھلەت (كۆچمەك، كەتمەك — ئە)

ۋ: ۋايىل (قورقۇنچاق — ئە)

ۋ: ۋام (قەرزى، بورچ — پ)

ز: زاتى (تىگى، ئەسلى — ئە)

ز: زەر (ئالتۇن — پ)

غ: غەرام (ئىش دەردى، ئاشىقلىق — ئە)

غ: غۇنچەم (گۈل تۈگۈنى — پ)

3. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تەرتىپ سانلارنىڭ ياسىلىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكىگە قارىغاندا بىر ئاز پەرقلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تەرتىپ سانلار ساناق سانلارغا نچ-، ئىنچ-، ئىنچ-، ئۇنچ-، ئۈنچ- لەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بولسا تەرتىپ سانلار ساناق سانلارغا نچى-، ئىنچى- لارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. دېمەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرتىپ سانلارنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بىر «ئى» فونېمىسى قوشۇلغان.

مەسىلەن: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا:

يىتتىنچى كۈن تاڭ ئاتىدىغان ۋاقىتتا يېتىنچىسى تىكەنگۈچە ئۈرۈپ تىگىنچە تىپ يارلىقادى.
...
(يەتتىنچى كۈنى ئاجايىپ ئىسىل گۆھەر مەرۋايىتلارنى كېمىگە قاچىلاپ تىگىن مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى. . . ) «ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» دىن.
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:
تارىخنىڭ بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە بىرىنچى يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ ئالتىنچى ئازنە كۈنى كاشغەردە قاتتىق زىلزىلە بولۇپ. . . . .
(تارىخنىڭ بىرمىڭ يىگىرمە بىرىنچى يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ ئالتىنچى ئازنا كۈنى قەشقەردە قاتتىق يەر تەۋرەپ. . . ) «رىۋايەتلەر» دىن.
يەنە تۆۋەندىكىدەك مىساللارنى ئېلىش مۇمكىن:

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا: |
|---|---|
| تۆرتۈنچ | تۆرتىنچى |
| بىشىنچ | بەشىنچى |
| يىگىرمىنچ | يىگىرمىنچى |
| ئونۇنچ | ئونىنچى |

4. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئارقىمۇ ئارقا كېلىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە بولۇپ ئايرىم بىر قىسىم سۆزلەردىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:
تۇتۇلۇنچ، تۆرت، ئادىرت
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە ئەرەبچە، پارسچىدىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ھادىسە كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسىگە ئايلانغان. مەسىلەن:
ئەدل (ئادىللىق، ئادالەت)، ئەبر (بۇلۇت)
دەنگ (دۆت، قاپاقباش)، ئەمر (ئىش، بۇيرۇق)
تەبل (دۇمباق، ناغرا)، لۇتف (ھېسداشلىق)
لەۋن (رەڭ، رەڭگى)
5. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى ئايرىم ئۈزۈك تاۋۇشلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا تەكرارلىنىپ كەلگەن.
مەسىلەن: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا:
توقۇز كۈندۈن سوڭ ئوغۇز قاغانغا ئايغىر ئاتنى كەلتۈردى.
(توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخانغا ئايغىرنى ئەپكېلىپ بەردى) «ئوغۇزنامە» دىن.
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:
سالامەتلىكىمىزنى ئىزھار ئەيلەپ روزە ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى.
(سالامەتلىكىمىزنى ئىزھار ئەيلەپ روزا ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى) «كاشغەر تۈركىسىدە پىتكەن ئىككى خەت» دىن.
بۇنىڭ ئۇچۇن يەنە تۆۋەندىكىدەك مىساللارنى ئېلىش مۇمكىن:

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا: |
|---|---|
| قاتىغ | قاتتىغ |
| نەچە | نەچچە |
| ئوتۇز | ئوتتۇز |

سىكىز سېكىز

6. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىنچى بوغۇمى كەڭرى ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش ئا، ئە دىن تەركىب تاپقان كېيىنكى بوغۇملىرى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ئۇ، ئۈ دىن تەركىب تاپقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى ئا، ئە تاۋۇشلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ئو، ئۆ لەرگە ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا: |
| --- | --- |
| ئاچۇق | ئوچۇق |
| بارۇق | بورۇق |
| بەدۈك | بۆيۈك |

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە بۇ سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى ئا، ئە تاۋۇشلىرى كېيىنكى بوغۇمىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

7. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى قاتتىق. مەسىلەن:

قاماغ (ھەممە، بارلىق)، ئايان (ئوچۇق، ئايان)

ئوشۇل (ئۇشبۇ، بۇ)، بورۇن (ئادەم، خەلق)

توملۇن (مەرۋايىت)، مۆرەن (دەريا، ئېقىن)

يۇقىرىقى سۆزلەرنى تەھلىل قىلساق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن قاتتىق ماسلىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قاتتىق ئەمەس. ئەرەبچە، پارسچىدىن كۆپلەپ سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە خىلاپ بولغان ئەھۋاللار پەيدا بولغان. مەسىلەن:

جەفا (جاپا)، ۋەفا (ۋاپا)

زەبان (زۇۋان، تىل)، ھەيات (ھايات)

تەمام (تامام، ھەممە)، زەمان (زامان)

يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرۈلگەن ھادىسە ئەرەبچە، پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىكى ئەسلىدە يالغۇز زەۋەر بەلگىسى بىلەنلا ئىپادىلەنگەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشنىڭ «ئا» لىق بوغۇمىدىن بۇرۇن كەلگەنلىرىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ئە» گە مايىل قىلىپ تەلەپپۇز قىلىشتىن پەيدا بولغان ھادىسە بولۇپ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى بۇزۇلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئۆزىكىگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
| --- | --- |
| يىغلاسا | قانتا |
| يورغۇردا | قارتا |
| بۆرۈنتا | باشتا |
| ئاغلاقتا | قورسانسا |

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئۆزىكىگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس. مەسىلەن:

پادشاغە ئالدىغە سالىسە

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆز ئۆزىكىگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا سوزۇق

تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى قاتتىق بۇزۇلغان.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىغا خىلاپ بولغان تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ:

دۆۋلەتلىق — ئادەمغە

تاشدىن — تارىخدا

8. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى قىسمەن ئۈزۈك تاۋۇشلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇن ئالماشتۇرغان. مەسىلەن:

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|
| ياغمۇر | يامغۇر |
| بۇريۇق | بۇيرۇق |
| چاغمۇر | چامغۇر |

9. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەردە بوغۇم بېشىدىكى «ب» تاۋۇشى بىلەن «م» تاۋۇشى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

بەنگۇ-مەڭگۇ — بەن-مەن

بۇڭ-مۇڭ — بىڭ-مىڭ

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە بۇ خىل سۆزلەرنىڭ «ب» لىق شەكلى ئىستېمالدىن قېلىپ «م» لىق شەكلى مۇقىملاشقان. مەسىلەن:

«ئەنكور پادشاھ بۇ قىسىم قىرىق مىڭ شەھەرغە پادشاھدۇر دېدى».

(ئەنكور پادشاھ قىرىق مىڭ شەھەرگە پادشاھدۇر دېدى) «قىسەسۇل ئەنبىيا» دىن.

مەن پەيغەمبەردۇرمەن ۋە ھەم پادشاھدۇرمەن. . .

(مەن پەيغەمبەر ھەم پادشاھمەن. . . ) «قىسەسۇل ئەنبىيا» دىن

10. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بەزى سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان «ئە» ئارىلاش قوللىنىلغان. مەسىلەن:

بەش-بىش، يەل-يىل، — بەر-بىر

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە بۇ خىل سۆزلەرنىڭ «ى» لىق شەكلى ئىستېمالدىن قېلىپ «ئە» لىق شەكلى مۇقىملاشقان. مەسىلەن:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا:

ئول ئودۇن ئول بىش يۈز قولتۇغىلار بۇ ساۋاغ ئىشىدىپ، ئولدىلار سىقتادىلار قالتى بۇزاغۇسىن يىتۈرمىس ئىنگەكتەك ئۆلىۋ ئىنچە تىپ ئۆتۈندىلەر. . . .

(شۇ چاغدا بۇ بەش يۈز تىلەمچى تىڭنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇددى موزىيىنى يوقىتىپ قويغان ئىنەكتەك ھۆكۈرەپ يىغلاپ مۇنداق دېيىشتى. . . . ) «ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» دىن.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:

بەش يۈزدىن تولاراق ئالىم ۋە قارىلار شاگىرد بولۇپ ئوقۇدىلەر ۋە ئالىم بولدىلەر.

(بەش يۈزدىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارى شاگىرت بولۇپ ئوقۇدى ۋە ئالىم بولدى) «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىن.

11. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «ق» تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە «غ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: — چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:

قاتۇن    خاتۇن

قان    خان

12. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قىسمەن سۆزلەر تەركىبىدىكى «غ» تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. بۇ ھادىسە ئاز بىر قىسىم سۆزلەردىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا:    چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:

باغ    باۋ

باغۇق    باۋۇغ

13. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەردە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدا ياكى ئىككى جاراڭلىق تاۋۇش ئارىلىقىدا كەلگەن «ب» تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا:    چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:

تابىشقان    تاۋشقان

چەبىر    چەۋەر (چىۋەر)

تۆبۇن    تۆۋەن

14. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقى ۋە بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلگەن قەدىمكى «د» تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە «ي» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. قىسمەن سۆزلەردە «گ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن ياكى ئەسلىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا:    چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:

قود (بۇيرۇق پېئىلىدا)    قوي

بود    بوي

ئاداغ (ئاداق)    اياغ

ئىدىز    ئىگىز

ئادغىر    ئايغىر

بەدۇك    بۈيۈك

15. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن «ب» تاۋۇشى تەرەققىيات جەريانىدا «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىش باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە «ي» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. قىسمەن سۆزلەردە «ۋ» لىق شەكلىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا:    چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا:

ئەۋ    ←ئۆي ئەب ←

سۇۋ    ←سۇ(ي) سۇب ←

ئاۋ    ئاب ←

سەۋ    ←سۆي سەب ←

16. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ئالدى بىلەن تەۋەلىك II شەخس بىلەن تۈرلىنىپ ئاندىن كېلىش بىلەن تۈرلەنسە، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسى ئارىلىقىدا ن- تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدىغان ھادىسە بار. بۇ ھادىسە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئەنەتكەك تىلىندىن توغرى تىلىنچە (ياراتمش). . . .

(سانسكرىت تىلىدىن توغرى تىلىغا تەرجىمە قىلىغان. . . . ) «مائىترى سىمىت» دىن.

قارا ئەچكۈنۈڭ ئۆكسۈز باغىرىنىقا ئىچىنگە پىت پىدىنى ساچىپ ئۇتقا كۆمۈپ. . .

(قارا ئۆچكىنىڭ يېتىم بىغىرىنى قارامۇچلاپ ئوتقا كۆمۈپ قويۇپ. . . ) «سىددەخاسارا» دىن.

ن ـ تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدىغان بۇ خىل ھادىسە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بار بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئۇنداق كۆپ ئۇچرىمايدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە بۇ ھادىسە ئالدى بىلەن تەۋەلىك II شەخستە تۈرلىنىپ ئاندىن ئورۇن كېلىش ياكى چىقىش كېلىشتە كەلگەن، ئاز بىر قىسىم (ئىسىم ياكى ئىسىم ئورنىدىكى) سۆزلەردىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئەقلىڭدىن ئازار مىسىر ئېلىدەك، كىم سېنى كۆرسە، بۇ دەۋردە سەن يۇسۇفــى كەنئان يېتىلىبسەن.

(كىم سېنى كۆرسە مىسىر ئېلىدەك ئەقلىدىن ئازىدۇ، سەن بۇ دەۋردە كەنئانلىق يۇسۇپتەك يېتىلىپسەن) لۇتفى «غەزەللەر» دىن.

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىداتوختىلىپ ئۆتكەن فونېتىكىلىق پەرقلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىدە بەزى يېڭى تەركىبلەر شەكىللەنگەن، ياكى ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بولسىمۇ، كونا سۆيەت ئامىللىرى ئالدىدا تېخى پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن سۆيەت ئامىللىرى ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىگەن ۋە قېلىپلاشقان. بۇ يېڭى سۆيەت ئامىللــىرى ئاساسەن تاۋۇشلارنىــڭ ئاجىزلىشىشى، تەكرارلىنىشى، ئالمىشىپ قېلىشى قاتارلىق نۇقتىلاردا ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق فونېتىكىلىــق پەرق-چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ ئەرەبچە، پارسچىدىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە بەزى تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى كېڭەيگەن، قوللىنىلىشى پاسسىپ بولغان بەزى تىل تاۋۇشلىرى ئاكتىپ قوللىنىلىدىغان بولغان، ھەتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىغا يېڭى تاۋۇش فونېمىلىرى قوشۇلغان. بۇ يېڭى تاۋۇش فونېمىلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە بېيىتىش رولىنى ئوينىغان.

## ئىزاھلار:

---

① نەسىرۇللا: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 3-قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1983-يىلى نەشرى.

② ئابدۇرەئوپ پولات: «چاغاتاي تىلىنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا،»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 3-قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى.

③ نەسىرۇللا: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقات» 3-قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى1983-يىلى نەشرى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: رەشىدە مامۇت

# تارىختىكى «قۇت» نامى توغرىسىدا

ماخمۇت ئابدۇۋەلى

«قۇت» قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق چۈشەنچىسى كارىزماتىك (ھۆكۈمراندا ئىنساندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش) تىپ شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان. ۋەسىقىلەردە تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. «خەننامە» دە « ھۇن ئىمپېراتورىنىڭ ئۇنۋانى-كۆك تەڭرى، كۈن ۋە ئاي تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان تەڭرىقۇتتۇ، تىيەنخۇ ئىدى»① دېگەن خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدىكى «كۈن ۋە ئاي تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان» دېگەن سۆزنى ئې. خ. پاركىر ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ «كۈن ۋە ئاينىڭ تەڭدىشى-تەڭرى قۇت تېخىمۇ توغرا بولسا كېرەك»② دەپ قارىغان. خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ سۆزنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرلەردە خان ئۇنۋانى قىلىپ قوللىنىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

شامانىست تۈرك قەبىلىلىرىدە ۋە مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ كونا ئادەتكە بەكرەك مايىل جاھىل گۇرۇھلىرىدا «قۇت» سۆزى مۇقەددەس بىر روھ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. چومباس ئەپەندى «قۇت» نىڭ ھايات بەرگۈچى بىر خىل سۇ ياكى يەل (نەپەس) ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ قاراشنى سىبىرىيە شامانىستلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئالتاي شامانىست تۈركلىرىدە «تىن» بىر خىل «يەل-شامال ۋە نەپەس» ئىدى. «تىن» بارلىق ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە بار بولاتتى، «تىن» دىن ئايرىلسا ئىنسان شۇ ھامان ئۆلەتتى، «قۇت» بولسا ھەممە نەرسىدە بار ئىدى، «قۇت» ئىنساننى تاشلاپ ماڭغاندا ئۇنىڭ يوقلىقى ئىنساننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولالمايتتى. . . چوپاننىڭ قامچىسىمۇ قۇتلۇق ئىدى، چوپاننىڭ قامچىسى كېسەللىك ۋە بۆرىلەرنى قوغلايتتى»③ دەپ قاراپ «تىن» بىلەن «قۇت» ئىككىسى پەرقلىق دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن. پروفېسسور بازىن «قۇت» بىر خىل ھاياتلىق ماددىسى ۋە جەۋھىرى، ئۇ ساپ قان تامچىسى بولۇپ، كۆكنىڭ تۆشۈكىدىن تامچىپ چۈشكەن» دەپ قارىغان. «ئۇغۇر» سۆزى «قۇت» بىلەن تەڭ قوللىنىلغان، «ئۇغۇر» «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئىمكان، ياخشىلىق، بەرىكەت، پۇرسەت» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن، ئېتىقاد جەھەتتىن ئۇ «قۇت» بىلەن ناھايىتى يېقىن بىر سۆز، ياخشى تىلەك نۇقتىسىدىن «قۇتلۇق بولسۇن» بىلەن «ئۇغۇرلۇق بولسۇن» نىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرق يوق.

«تۈرك قامۇسى» دا «قىرغىزلارنىڭ ئېتىقادىغا قارىغاندا «قۇت» قىپ-قىزىل رەڭلىك بىر پارچە نەرسە بولۇپ، ئۇ چېدىرنىڭ ئۈستىدىن ئاتەشكە ئايلىنىپ يەرگە چۈشىدۇ، ئۇنى ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا بۇ بىر پارچە نەرسە بەخت ۋە دۆلەت ئېلىپ كەلگۈچى «قۇت»قا ئايلىنىدۇ، قىرغىزلار ئېنىق بىر ئۇسۇل بىلەن ياسالغان تۇمارنىمۇ «قۇت» دەپ ئاتايدۇ. . . »④ دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى «قۇت» ـ ئىلاھ تۈسىنى ئالغان.

ياقۇتلارنىڭ ئېتىقادىدا ئىنساننىڭ قۇتى يامان روھلار تەرىپىدىن قوغلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، قۇتنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، تەجرىبىلىك بىر شاماننىڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈشى كېرەكلىكى توغرىلىق رىۋايەت بار، قارايىم مىللىتىدە «قۇتلىماق» سۆزى «ئۇلۇغلاش، ئىلاھلاشتۇرۇش» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

«قۇت» سۆزى يەنە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۇنۋانلىرىدا ئۇچرايدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت نامىدىكى «قۇت» خەنزۇچە مەنبەلەردە «ئوغۇل» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۇ قەدىمكى دۆلەت چۈشەنچىسى، يەنى تەڭرىنىڭ «قۇت» بېغىشلاش يولى بىلەن دۇنيانى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئايانغان ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى «جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆك تەڭرىنىڭ كۈچەيگەن دەۋرلىرىدىن ئېتىبارەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 770-يىللىرى) تەرەققىي قىلىپ جۇڭگودا كۆكتە بىر تەڭرى، يەردە بىر ھۆكۈمران شەكلىنى ئالغان. . .»⑥ دېمەك تۈرك قوۋملىرى ئىشلەتكەن تەڭرى (قۇت) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. كۆك تەڭرى، ھۇن-تۈرك، ئۇيغۇر قاغانلىرى دەۋرىدە باش تەڭرى ھېسابلانغان، شامانىزم ئېتىقادىدىمۇ ئاسمان ئىلاھلار ماكانى بولۇپ، ئاسمان ئىلاھلىرىنىڭ سەردارى، كۆك تەڭرى دەپ قارالغان، ھۇنلار جەڭگە كىرىش ۋاقتىدا ئاينىڭ تولۇشىنى كۈتكەن، ئاي قاراڭغۇلىشىۋالغاندا جەڭدىن چېكىنگەن. كۆك تەڭرى دىنى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان، بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسى سىياسىي چۈشەنچىسى بويىچە خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرىمۇ جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، ئۆزىنى كۆكنىڭ (تەڭرى) ئوغلى ( 天子 ) دەپ ئاتاشقا باشلىغان. ئېبېرخارد ئەپەندى بۇ خىل ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن كەلگەنلىكىنى ئالغا سۈرىدۇ. دېمەك تيەنزى ( 天子 )، چەنيۇ ( 单于 ) سۆزلىرى تۈرك قوۋملىرى ئىشلەتكەن سىياسىي ئىقتىدارنى بىلدۈرىدىغان «قۇت»، «تەڭرى قۇت» دېگەن مەنبەلەرنى ئۆرنەك قىلغان.

قەدىمكى تۈرك خاقانلىرىنىڭ «تەڭرىدە قۇت بولمىش» دېگەن ئۇنۋانلىرى بار. 789-يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدا «تەڭرى» سۆزى «ئاي تەڭرى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بۇددا ۋە مانى دىنلىرى تارقىلىشقا باشلىغان، بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، بۇددا تەڭرىلىرى «ئۇلۇغ كۈچلۈك، قۇتلۇق» ئاتالغۇلىرى بىلەن تونۇلغان. بۇددىست ئۇيغۇرلىرىدا «بۇرخان قۇتى» دېگەن بىر خىل ئۇنۋان بار. «بۇرخان» بۇددا دىنىنىڭ ئەسلى ئىسمى، «قۇت» بولسا بۇ يەردە روھانى ۋە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن بىر خىل ئۇنۋان، بۇ يەردىكى «قۇت» مۇقەددەس ئىدى، بۇ دەۋرلەردە بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى نوملارنىمۇ «نوم قۇتى» دەپ ئاتايتتى.

بۇددا دىنىدا «قۇت» تەڭرىدىن كەلگەن «قوياش نۇرى» سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلگەن. كۆك تۈركلەردە «ئىدۇقلۇق» ۋە «قۇتلۇق» سۆزلىرى ئايرىم ئىدى، ئىدىقۇت دېگەن بۇ بىرلەشمە سۆز پەقەت ئۇيغۇرلار دەۋرىدىلا مەيدانغا چىققان، «يەر (تۇپراق)» گە چوقۇنۇش-تۇپراق ئېتىقادىدىمۇ تەڭرى ئېتىقادىغا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىدىن بىرى، بۇ ئېتىقادنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئانا شۇ تۇپراقتىن ئىبارەت ماددىي ئاساسقا تايىنىپ ھايات كەچۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق يەر-سۇپ» (مۇقەددەس يەر سۇ) دەپ ئاتالغان، «ئىدىقۇت» دېگەن نام ئاشۇ ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان. (ئىدىقۇت-قۇت بەرگۈچى خۇدا دېمەكتۇر)» ⑦ ئىدىقۇت قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى نامى قىلىپ قوللىنىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئىدىقۇت» دېگەن نامنىڭ باسمىل قەبىلىسى سەردارىنىڭ نامى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، بۇ يەردىكى «قۇت» يەنىلا مۇقەددەس دېگەن مەزمۇنغا يېقىن كېلىدۇ.

«قۇت» ئەڭ قەدىمكى دەۋردە يەنە كىشىگە ياردەم قىلغۇچى ياخشى روھ دەپ سانالغان، تۈرك تارىخىي مەنبەلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى بولغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا «قۇت» سۆزى ئۈچ يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. «تەڭرى يار يۆلەك بولغانلىقى، ئۆزمىنىڭ قۇتۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەختكە ئولتاردىم»، «تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، قۇتۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلىيىم بولغانلىقى

ئۈچۈن، ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ھەلققە جان كىرگۈزدۈم»، «ئومايدەك ئانام خاتۇننىڭ قۇتى بىلەن كىچىك ئىنىم كۆل تېكىن يېتىشىپ چىقتى، قەھرىمان بولدى»[8]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قۇت» خاقانلىققا يارىدەم قىلغۇچى ياخشى روھ ۋە ئىلاھ سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن.

«ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلەر»دە «بىزنىڭ مۇقەددەس (ئىدىقۇت) تەڭرىمىز»، «ئالتۇن يارۇق»دا «بىزنىڭ ھۆكۈمرانىمىز ئىدىقۇت قۇياش نىشانلىق ھۆكۈمران»[9] دېگەن جۈملىلەردە ئىشلىتىلگەن «قۇت» مۇقەددەس ئىلاھ دەپ قارالغان.

«تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى ساتىرۇن سەييارىسىنىڭ زاتى (قۇتى) مۇدۇر»، «بىزلەمچى ئاتلىق يۇلتۇز زاتىغا (قۇتىغا) سەجدە قىلارمىز»، «بۇ زاتى (قۇتى) تۇپراقنىڭ بېشى 19 دا ئىدى)[10] دېگەن جۈملىلەردە تىلغا ئېلىنغان «قۇت» سۆزى ئانىمىزملىق ئىلاھى قاراشلار تەدرىجىي يىغىنچاقلىنىپ خاسلىققا ئىگە بولغان «زات» مەنىسىدە كەلگەن.

«قۇت» ئىبارىسىنىڭ «بەخت» مەنىسىدە قوللىنىلىشى ئىسلامىيەت دەۋرلىرىدە تۈرك قوۋملىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، تۈرك قوۋملىرى «قۇت» سۆزىنى «بەختلىك، قۇتلۇق» مەنىسىدە چۈشەنگەن.

تۈركچە سۆزلۈكلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «قۇت» سۆزىنى «بەخت، دۆلەت» دەپ يېشكەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «قۇت» سۆزى يەتتە يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. «بېگىم ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، پۇرسەتنى پايلىنىپ ئىشنى دەل ۋاقتىدا قىلدى، ئۇلۇغ تەڭرى ئەزىزلىدى، شۇنىڭ بىلەن بەخت سائادىتى (قۇتى) تۇغۇلدى»، «بەخت دۆلەت (قۇت) بەرسە ئىگەم قۇلىغا، كۈندە ئىشى يۈكسىلىپ يۇقىرى ئۆرلەر» «ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا بەخت (قۇت) تاپار»، «بەخت (قۇت) بەلگىسى بىلىم»[11] دېگەن بېيىت ۋە جۈملىلەردە «قۇت» بەخت، دۆلەت، بايلىق مەنىلىرىدە قوللىنىلغان.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، تۈرك قوۋملىرى بۇنداق بەخت (قۇت) مەلۇم مۇقەددەس، شەرەپلىك مەنۋىي نەرسە بىلەن يېقىن ۋە بىر گەۋدە دەپ چۈشەنگەن. ستېيىن ئېلان قىلغان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «رۇنىك يازما يادىكارلىقلىرى»دا «يولۋاس، يىلان يىللىق كىشى بەختلىك (قۇتلۇق) بولىدۇ» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. «تۇرپان تېكىستلىرى»دە «بەخت (قۇت) بىز تەرەپكە كېلۇر»، «ئوغۇزنامە»دە «مەن ساڭا بېشىمنى، جېنىمنى (قۇتۇمنى) بېرىمەن»[12] دېگەن جۈملىلەردىكى «قۇت» مۇقەددەس دەپ ئۇلۇغلانغان.

تۈرك تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىدىن بىرى بولغان «قۇت» نىڭ نەزەرىيىۋىي تەرىپى، سىياسەتنامە كىتابى «قۇتادغۇبىلىك»دە خېلى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ رەشىت رەھمەتى ئارات تەييارلىغان تۈركچە نۇسخىسىدا «قۇتنىڭ تەبىئىتى خىزمەت، شۇئارى پاكى بەلگىسى ئادالەتتۇر، پەزىلەت ۋە قىسمەت قۇتتىن تۇغۇلىدۇ، ھۆكۈمرانلىققا يول ئۇنىڭدىن ئۆتىدۇ، ھەممە نەرسە قۇتنىڭ قولى ئاستىدا، بارلىق ئارزۇلار ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، قۇت ئىلاھتۇر، بەگلىك مەرتىۋىسىنى تەڭرى ئاتا قىلىدۇ»[13] دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»دە «قۇت» ئاتالغۇسى گەرچە ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ بىراق ئاپتور

«كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇبىلىگ

قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ» [14] دېيىش بىلەنلا كۇپايە قىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن سۆز ئۈستىدە ئوچۇق چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن. بىلىگ سۆزى ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بىلىم دېگەنلىكتۇر. «قۇتادغۇ» تەبىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى سۈپىتىدىكى—قۇت+ئاد+غۇ=قۇتلۇق بولۇش ئېنىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ، بىراق يېلتىز ئېلېمېنتى

ئورنىدىكى «قۇت» دېگەندەك ئوچۇق ئەمەس، ئۇيغۇرچىدا «قۇتادغۇبىلىك» بەخت سائادەت ئاتا قىلغۇچى بىلىم دەپ چۈشەندۈرۈلىۋاتىدۇ. بارتولد «قۇتادغۇبىلىك-بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم، پادىشاھلارغا لايىق بىلىم مەنىسىدە بولۇپ بەخت ۋە سائادەتنى ئىپادە قىلىدىغان «قۇت» تەبىرى بۇ ئەسەردە ئۇلۇغ چۈشەنچىسىگە تەڭلەشتۈرۈلگەن»⑮ دەپ مۇلاھىزە قىلىدۇ. م. پ. كۆپرۈلى «قۇتادغۇبىلىك-سائادەت بەرگۈچى، پادىشاھلارغا لايىق» دەپ ، ر. ر. ئارات «قۇتادغۇبىلىك-قۇتلۇق ۋە بەختلىك بولۇش ئىلمى»⑯ دەپ ئىزاھلاشقان. «قۇتا» جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان سۆز بولۇپ، «قۇتاد» بەختلىك بولماق دېگەن مەنىدە. «ئاتا نەسىھەتىمنى چىڭ تۇت، سېنىڭ كۆڭلۈڭ قۇتاد بولىدۇ ۋە ھەر كۈنى شاتلىق سائىتى يار بولىدۇ»⑰. بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن «قۇتاد» بەختلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن.

مەيلى چەت ئەل ئالىملىرى بولسۇن ياكى ئۆزىمىزدىكى تەتقىقاتچىلىرىمىز بولسۇن، «قۇت» دېگەن بۇ سۆزنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىپادىلىگەن مەنىسىنى يەنى بەخت سائادەت، دۆلەت دېگەنلەرنى ئىنكار قىلغىنى يوق.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، تۈرك قوۋملىرى ئۇزاق دەۋردىن بۇيان، تۈرلۈك دىن ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ چىققان بولسىمۇ، «قۇت» دېگەن بۇ سۆز ھېچ ئۆزگەرمەستىن زامانىمىزغا قەدەر ساقلىنىپ كەلدى. مەنىسى جەھەتتىن ھەر خىل دىنلارنىڭ تەلىماتلىرىغا قاراپ بىر ئاز ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ئاساسىي مەنىسى بولغان «مۇقەددەس»كە يېقىن مەنىدە تۈرلۈك تىل ۋە شىۋىلەردە ساقلىنىپ كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار «قۇت» ئىبارىسىنى ئىلاھىيەت ياكى ئېسىل زات مەنىسىدە قوللانمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا قۇتلۇق، ئۇلۇغلۇق، شەرەپلىك، سائادەت مەنىسىدە قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھەتتا كىشى ئىسىملىرى بولغان قۇتلۇق، ئەلقۇت دېگەندەك ناملار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئىزاھلار:


①②«قەدىمكى تۈركلەر دىنى» 1965-يىل تۈركچە نەشرى، 81-ئىزاھتىن ئېلىندى.

③④ باھائىددىن ئۆگەل: «تۈركلەردىكى دۆلەت چۈشەنچىسى» تۈركچە، 174-175-بەتلەر.

⑤⑧ «تۈرك قامۇسى» تۈركچە، XXI توم 389-بەت.

⑥ «ئىسلام قامۇسى» تۈركچە XI توم 2-قىسىم 229-بەت.

⑦ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ئۇيغۇرچە 453-بەت.

⑫⑨ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا» شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 1989-يىللىق 4-سان. 71-بەت

⑩⑰ «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» رۇسچە 471-بەت.

⑪مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 395-400-بەتلەر.

⑬ رەشىت رەھمەتى ئارات تەييارلىغان «قۇتادغۇبىلىك» تۈركچە 676-بەت.

⑭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرچە 113-بەت 350-بېيىت.

⑮⑯ ئىبراھىم كافەس: «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 1980-يىللىق تۈركچە نەشرى 10-بەت.



(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى)



مەسئۇل مۇھەررىر: رەشىدە مامۇت

# خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ فونېتىكا جەھەتتىن ئۆزلىشىشى توغرىسىدا

ماھىرە    چېڭ خۇيىۋ

خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى سۈپىتىدە ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى تارىختىن بېرى ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ گۈزەل، نەقىش، باي تىل ئىكەنلىكى بىلەن ۋە تۇراقلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇلۇپ كەلمەكتە.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە كۆچۈش مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى، دىنىنىڭ تارقىلىشى، مۇستەملىكە زۇلۇمى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سودا ئالاقە قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر خىل تىللار بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. دېمەك بىللە ئولتۇراقلىشىپ ئۆزئارا ئالاقە قىلىش جەريانىدا سۆز قوبۇل قىلىش نورمال ئەھۋال، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ قالغان سۆزلەردىن خېلى كۆپ تاپالايمىز.

ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلىشىپ ئۇيغۇرچىلاشقان سۆزلەر توغرىسىدا خېلى كۆپ تەتقىقاتچىلار ئىزدەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان. شۇڭا بۇ ماقالىدە بىز پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلىشىپ ئۇيغۇرچىلاشقان سۆزلەرنىڭ فونېتىكا جەھەتتىن ئۆزلىشىشى توغرىسىدا ئۆزىمىزنىڭ قىسقىچە تونۇشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشى باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ئىچىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە تىل، خەنزۇ تىلى بولسا خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى ئىچىدىكى خەنزۇ تىلى ئائىلىسىگە تەۋە تىل. بۇ ئىككى تىل ئوخشاش بولمىغان سىستېمىدىكى تىل بولغانلىقى ئۈچۈن فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بولۇپمۇ فونېتىكا ۋە يېزىق پەرقى جەھەتتە تېخىمۇ روشەن. شۇڭا خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ ئۇيغۇرچىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

I  فونېتىكا جەھەتتىكى ئۆزلىشىش

خەنزۇ تىلىدىكى سۆز ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تەۋەسىدىكى فونېتىكا سىستېمىسىدىن ئايرىلىپ ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا ماسلىشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى خەنزۇ تىلى فونېتىكا سىستېمىسىدىكى بەزى ئاۋاز ئامىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغانلىقىدىن، گەرچە خەنزۇ تىلىدىكى بەزى ئاۋاز تەلەپپۇز جەھەتتىن ئوخشاشتەك قىلسىمۇ، لېكىن ئاۋاز بوغۇم سىستېمىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا قائىدىسىگە بويسۇنۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە:

1. خەنزۇ تىلىدىكى ئارىلىق تاۋۇش [u][i]نىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا قوشما سوزۇق تاۋۇش بولمىغانلىقتىن خەنزۇ تىلىدىكى [u][i] ئارىلىق تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 韭菜 | jiu cai | [dʐusæj] | جۇسەي |
| 花生 | hua sheng | [xasiŋ] | خاسىڭ |
| 架子 | jia zi | [dʐaza] | جازا |
| 萝卜 | luo bu | [lobo] | لوبو |

2. خەنزۇ تىلىدىكى [tʂ] قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىغا «زە» ياكى «زا» [zæ]، [za] بولۇپ ئۆزلىشىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى بولغانلىقتىن خەنزۇ تىلىدىكى [ts] ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن ئالدىنقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاھاڭداشلىشىش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن «زە» «زا» [za][zæ] شەكلىدە ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 筷子 | kuai zi | [kojza] | كويزا |
| 辣子 | la zi | [laza] | لازا |

3. خەنزۇ تىلىدىكى [f] ئۇيغۇر تىلىدىكى [p] تاۋۇشقا ئۆزلىشىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا لەۋچىش تاۋۇشى [f] بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭ ئورنىغا تاۋۇش ئورنى جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان قوش لەۋ ئۈزۈك تاۋۇشى [P] ئۆزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 凉粉 | liang fen | [læŋpuŋ] | لەڭپۇڭ |
| 裁缝 | cai feng | [sæj puŋ] | سەيپۇڭ |
| 干饭 | gan fan | [ gaŋ pæn] | گاڭپەن |
| 粉条 | fen tiao | [pintoza] | پىنتوزا |

4. خەنزۇ تىلىدىكى [ts]تاۋۇشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى [s] تاۋۇشىغا ئۆزلىشىشى.

ئۇيغۇر تىلىدا تىل ئۇچى ئالدى [tʂ] تاۋۇشى بولمىغانلىقتىن خەنزۇ تىلىدىكى [tʂ] تاۋۇشىغا ئورۇن جەھەتتە يېقىن كېلىدىغان [s] تاۋۇشى ئۆزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 白菜 | bai cai | [bæs æj] | بەسەي |
| 青菜 | qing cai | [tɕiŋsæj ] | چىڭسەي |
| 韭菜 | jiu cai | [dʐusæj] | جۇسەي |
| 葱 | cong | [suŋ] | سۇڭ |

5. خەنزۇ تىلىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇش [tʂ][tʂ][s] لارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى [t][][d] تاۋۇشىغا ئۆزلىشىشى ئۇيغۇر تىلىدا قوشما ئۈزۈك تاۋۇش، يەنى تىل قايرىغۇچ فونېما بولمىغانلىقتىن خەنزۇ تىلىدىكى [s][tʂ][tʂ] تاۋۇشىغا ئورۇن جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان [ʃ][tʃ][dʐ] تاۋۇشى ئۆزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 铡刀 | zha dao | [dʐado] | جادو |
| 唱戏 | chang xi | [tʂaŋtʃl] | چاڭچىل |

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئۈرۈمچى چوڭلار ماكارىپ شۆيۈەنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: رىشىدە مامۇت

# جۇرجان خانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشى

## — قوشۇمچە دېگىلىك، تېلى قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە باش كۆتۈرۈشى (داۋامى)

شۆ زۇڭجېڭ

### 3. داتان، ئۇت دەۋرىدە جۇرجانلار كۈچىنىڭ ئېۋۇرغول، قوجۇ، كىنكىت، كوسەن، پىشامشانلارغا سىڭىپ كىرىشى

ياغىپاق گالج قاغان قوغۇرسۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا قوغۇرسۇنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى بۇرۇدىن ۋارىسلىق قىلدى (414-يىلدىن 415-يىلغىچە). ئۇ ياپىلانلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى، ئىپتالىتلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى، غەربكە قىلىنغان ئۇزۇن سەپەرلىك يۈرۈشنىڭ غەلىبە مېۋىلىرى قولدىن كېتىشىدەك ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى، ئۇ بۇ ۋەزىيەت ئالدىدا تەمتىرەپ قالغانلىقتىن، خەلقنىڭ رايى قايتىپ، داتاننى تەختكە چىقاردى. داتان ئۆزىدىن بۇيان ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، غەربكە قىلىنغان يۈرۈشتە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، «ئەلنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئۇ مۇخانغېشىگەي ( 牟汗纥升盖 ) قاغان دەپ ئاتالدى، تۇقبات تىلىدا بۇ سۆز غەلىبە قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ»⑰. بۇ قاغان تەختتىكى مەزگىلدە (415—429)، توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان يايلاق يىپەك يولىنى ئېچىشنى چوڭ قوملۇق ئېغىزىنى كونترول قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولىنى باشقۇردى. ئۇنىڭ كېيىنكى لياڭ ھاكىمىيىتىنىڭ بەيئەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېۋۇرغولنى كونترول قىلىشى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي لياڭ خەنزۇ مىللىتىدىن لى جەمەتى قۇرغان خېشىدىكى يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى غەربتە چوڭ قوملۇقنىڭ سىرتىدىكى ئېۋۇرغول، قوجۇغىچە يېتىپ بارغان. جۇرجانلارنىڭ كۈچى قوغۇرسۇ دەۋرىدىلا ئۇنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا قىستاپ كەلگەنىدى. شۇڭا غەربىي لياڭنىڭ قۇرغۇچىسى لى خاۋچىيەنچۇنىڭ 9-يىلى (مىلادى 413) «شىمالدىكى دۈشمەننىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دۈنخۇاڭنىڭ كونا قەلئەسىنى شەرق ۋە غەربكە ئۇزارتىپ ياسىغان⑱. بۇ يەردە دېيىلگەن «شىمالدىكى دۈشمەن» جۇرجانلارنى كۆرسىتىدۇ. داتان تەختكە چىققاندا، غەربىي لياڭ شىمالىي لياڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، شۈەنشىنىڭ 8-يىلى (مىلادى 419) جيۇچۈەننى، 9-يىلى (مىلادى 420) دۈنخۇاڭنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ئادەتتە غەربىي لياڭ مۇشۇ يىلى ھالاك بولغان دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چاغدا لى جەمەتىنىڭ خانلىق نەسەبى تېخى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن، غەربىي لياڭنىڭ قېپقالغان قوۋمى تېخى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئۆز سەلتەنىتىنى قايتا تىكلەش كويىدا ئىدى. تاكى شۈەنشىنىڭ 11-يىلى (مىلادى 422) جىنچاڭ قولدىن كەتكەنگە قەدەر، غەربىي لياڭنىڭ قالغان قوۋمىغا خېشىدا ئۆزىنى ساقلىغۇدەك جاي قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا چوڭ قوملۇقنىڭ غەربىدىكى ئالغىرقى بازىسىغا چېكىنىش ئىمكانىيىتى بولغاچقا، ئۇلار ئېۋۇرغولغا كېلىپ توپلىشىپ، غەربىي لياڭ خانلىق نەسەبىنى يېڭىدىن باشلاپ داۋاملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ سەردارى

لىخاۋنىڭ نەۋرىسى لىباۋ بولۇپ، ئۇ «تاغىسى تالڭ چى بىلەن ئېۋىرغولغا كېلىپ، جۇرجانلارغا بەيئەت قىلدى، ئۇلىنىڭغا ئەگىشىپ بەيئەت قىلغانلار ئىككى مىڭ (ئائىلە)چە ئىدى، لى باۋ ئەدەب-قائىدىلىك بولغاچقا، خەلق ئۇنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەل نومۇسىنى ئاقلاشنى ئۈمىد قىلاتتى»[19]. بۇ ھاكىمىيەت 20 يىل (مىلادى 422ـــ442) مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئەمەلىيەتتە بۇ غەربىي لياڭ خاندانلىقى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئۇنىڭ داۋامى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ نامى كېيىنكى غەربىي لياڭ دەپ ئاتالدى. داتان بۇ ھاكىمىيەتنىڭ بەيئەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، چولڭ قۇملۇق ئېغىزىدىكى مۇھىم شەھەر ئېۋىرغولنى مەھكەم كونترول قىلدى. ئاندىن جەنۇب تەرەپتىكى شىمالىي لياڭ ۋە شىمالىي ۋېي خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. تەيچاڭنىڭ 8-يىلى (مىلادى 423) بىرىنچى ئايدا ۋېي خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى «2-ئايدا سەددىچىن سېپىلنى چاڭچۇەننىڭ جەنۇبىدىكى چىچېڭ شەھىرىدىن غەربتىكى ۋۇيۈەنگىچە ئىككى مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا يىلىپ، ھەر قايسى بۆلەكلىرىگە قاراۋۇلخانا قۇرۇش»[20]قا مەجبۇر قىلدى، شۇ يىلى 7-ئايدا، «جۇرجانلار خېشىغا بېسىپ كىردى.»[21]، شىمالىي لياڭنىڭ تەخت ۋارىسى قۇتقۇجېگدېنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى خاندانلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك سارامسىمىگە سالدى.

شىمالىي ۋېينىڭ شېنجيا 2-يىلى (مىلادى 429) مۇخانخېشىگكەي قاغان داتان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ «ئوغلى ئۇتى تەختكە چىقىپ، تىلەپ قاغان دەپ ئاتالدى (مىلادى 429ـــ444)، تىلەپ توقبات تىلىدا مۇقەددەس دېگەن بولىدۇ» [22]. ئۇتى ئىلگىركى قاغانلارنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مۇھىم نۇقتىنى ئۆز كۈچىنى يېپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولىغا كېڭەيتىشكە قارىتىدۇ. بۇ ھەقتە «سۇگنامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«جۇرجانلار داتان، تانتان دېيىمۇ ئاتىلىدۇ...، ئۇلار كۈچلۈك قۇۋۋەت بولۇپ، ھەر يىلى ئۈچ قېتىم پايتەختكە ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇڭگو بىلەن قارشىلاشتى، غەربىي يۇرتتىكى كىنكىت، كۈسەن، قۇم (ئاقسۇ) بەگلىكلىرى ۋە شەرقىي يولدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى.»

ليۇ جەمەتى قۇرغان سۇڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى مىلادى 420-يىلدىن 478-يىلغىچە داۋام قىلغانىدى، يۇقىرىقى خاتىرە مۇشۇ ۋاقىت بىلەن چەكلىنىشى كېرەك. يۈيتەيشەن ئېيىقەندى بۇ ۋەقە سەللان قاغان دەۋرىدە[23] دەپ بىراقلا ھۆكۈم قىلىۋېتكەن: ۋەھالەنكى، ئۇ چاغدا سەللان ئاللىقاچان ۋاپات بولغانىدى، شۇڭا ئۇ ھۆكۈمنىڭ يىل-دەۋر جەھەتتىن ئىلمىي ئاساسى يوق. سۇگتىيەنشۇنەن (ياپونىيە تارىخشۇناسى) يۇقىرىقى خاتىرىدە جۇرجانلار بىلەن داتاننى ئوخشاش قىلىپ قويۇلغانلىقىغا قاراپ، بۇ بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى داتان دەۋرىدە يۈز بەرگەن[24] دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئىزاھلىشى دەل داتاننىڭ ئېۋىرغولنى كونترول قىلغانلىق ۋەقەسى بىلەن زىچ ئۇلىشىپ، جۇرجانلارنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىگە ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى داۋالىسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمما «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 968-جىلدىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇرجانلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى يۈەنجيانىڭ 19-يىلى (مىلادى 442) باشلانغان بولۇپ، دەل ئۇتىنىڭ تەختتىكى ۋاقتى ئىدى. بۇ قاغان تەختكە ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا شىمالىي ۋېي بىلەن بولغان توقۇنۇشنى توختىتىپ ياراشتى، «(شېنجيا) نىڭ 4-يىلى (مىلادى 431) ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى»[25]، شىمالىي ۋېي ئوردىسىمۇ ئۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى؛ «يەنخېنىڭ 3-يىلى (مىلادى 434) 2-ئايدا، ئۇتى شىخەي مەلىكىنى ئەمرىگە ئالدى، (ۋېي خانى) يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇتىنىڭ سىڭلىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا سول قانات خانىش دەپ نام بەردى... تەيىەننىڭ 2-يىلى (مىلادى 436)، ئۇتى يارىشىشنى بۇزۇپ، سەددىچىنغا ھۇجۇم قىلدى»[26]. قارىغاندا، ئۇتىنىڭ شىمالىي ۋېي بىلەن توقۇنۇشۇشنى توختاتقانلىقى راستىنلا يارىشىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ۋاقىتچە غەرەزى بارلىقىدىن بولسا كېرەك. مۇشۇ يارىشىش ھاسىل قىلىنغان 431ـــ436-يىل ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن غەربىي يۇرتنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن تەرەددۇت قىلغان مەزگىل بولۇپ، كىنكىت، قۇم، كۈسەن قاتارلىق «ئوتتۇرا يولدىكى ئەللەر» نى بويسۇندۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندالغان. شۇنداق قىلىپ، يايلاق يېپەك يولى ئاللىقاچان توسۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە بىر يېڭى قاتناش يولى ئېچىپ، ئېۋىرغول ـــ كىنكىتنىڭ شىمالى ئارقىلىق، تيانشاننى كېسىپ ئۆتۈپ كىنكىتكە كېلىپ، كۈسەن ئارقىلىق يەنە كۆكتارتنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

جۇرجانلارنىڭ غەربىي يۇرتنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى شىمالىي ۋېي ئوردىسىنى قاتتىق قايغۇ ۋە ئەنسىزلىككە سالدى. تەيىەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 435) دىن باشلاپ ئۇمۇ غەربىي يۇرتنى تالىششقا كىرىشتى. ئۇتىننىڭ «يارىششىنى بۇزۇپ سەددىچىنغا ھۇجۇم قىلىشى» دېگىنى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ ئىدى.

شىمالىي ۋېي سىيانپېي توقبات جەمەتى ئېلىمىزنىڭ شىمال تەرىپىدە قۇرغان قۇدرەتلىك بىر خاندانلىق بولۇپ، پىڭچېڭ شەھىرى (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)نى پايتەخت قىلغان، بۇ چاغدا شىمالىي جوڭگو بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەت كۈچى كۈنسايىن ئېشىپ، جۇرجانلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان بىردىنبىر سىياسىي كۈچ بولۇپ قالغانىدى. تەيىەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 435) 5-ئايدا، «كۇسەن، سۇلى، ئۇيسۇن، ياپيان، تاشقورغان، پىشامشان، كىنكەت، كۇسەن، قاگقىل (قوش)، سوغدىيان قاتارلىق توققۇز ئەل ئوردىغا سوۋغات يوللىدى»㉗. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى جۇرجانلارنىڭ بېقىندىسى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئوردىغا سوۋغات يوللىشى غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئىدى. شۇ ئايدا، ۋېي ھۆكۈمرانى ۋاڭ ئېنشىڭ، شۈيگاڭ قاتارلىق «20 نەپەر كىشىنى غەربىي يۇرتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن»㉘ ئىدى، لېكىن «ۋاڭ ئېنشېڭ قاتارلىقلار قۇملۇقتىن ئۆتتۇۋاتقاندا، جۇرجانلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ»㉙، جۇرجان قاغانىنىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى، بۇ چاغدا ئىككى دۆلەت توقۇنۇشنى توختىتىپ، ئەلچىلەر قويۇپ بېرىلدى. «شۈيگاڭ دۇنخۇاڭغا بېرىپ كېسەل بىلەن ئۆلدى»㉚. بۇ ۋەقەنىڭ «ۋېينامە. قاگقىللار ھەققىدە قىسسە» گە كىرگۈزۈلگەنلىكى ۋاڭ ئېنشېڭ، شۈيگاڭ قاتارلىقلارنىڭ قاگقىلدا تۇتۇۋېلىنغانلىقىنى، ئالدى قاگقىلنىڭمۇ جۇرجانلارنىڭ بېقىندى ئېلىگە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تەيىەننىڭ 2-يىلى (مىلادى 436) 8-ئايدا، ۋېي ھۆكۈمرانى يەنە «ئالتە نەپەر ئەلچىنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن»㉛ ئىدى، ئەمما جۇرجانلار «يارىششىنى بۇزۇپ سەددىچىنغا ھۇجۇم قىلىپ»، ئەسكەر ئەۋەتىپ ئەلچىلەرنى توسىۋالغانلىقتىن، ئۇلار ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىدى. 3-يىلى (مىلادى 437) 2-ئايدا، ياپيانلار ئەلچى ئەۋەتىپ ۋېي خاندانلىقى بىلەن ئالاقىلاشتى»㉜، جۇرجانلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى، 11-ئايدا «ۋېي پادىشاھى ياڭداش چەۋەنداز بەگ دۇڭۋەن، گاۋمىڭ قاتارلىقلارنى نۇرغۇن ئالتۇن، يىپەك رەخت بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، توققۇز ئەلدىن ھال سورىدى»㉝. بۇ چاغدا شىمالىي لياڭ شىمالىي ۋېيگە قارام بولۇپ بولغانىدى، «قۇبقۇمۇقان ئۇلارغا ئەلچىلەرنى قوغداپ قۇملۇقتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇغان»㉞ لىقتىن، يۈرۈش يولىنى ئۆزگەرتىپ، شىمالىي لياڭ تەۋەسىدىكى قۇجۇ ۋىلايىتى ئارقىلىق غەربكە يۈرۈپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۇيسۇن ئېلىگە يېتىپ باردى. «ئۇيسۇنلار يەنە يول باشلىغۇچى ۋە تىلماچ بەلگىلەپ، دۇڭۋەننى فەرغانىگە، گاۋمىڭنى شىلىش شەھىرى (تاشكەنت) گە ئاپىرىپ قويدى»㉟، شۇنداق قىلىپ غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر بىلەن جۇرجانلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشتىن ئىبارەت سىياسىي نىشانى ئىشقا ئاشۇردى. «باشقا ئەللەر ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەلچى ئەۋەتىپ، دۇڭ ۋەن قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئوردىغا سالامغا باردى، جەمئىي 16 ئەلدىن ئەلچى باردى»㊱. دۇڭ ۋەن، گاۋمىڭلارنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقتىن، جۇرجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە تەۋرەندى. 4-يىلى (مىلادى 438) «باھار 3-ئايدا، پىشامشان خانىنىڭ ئىنىسى سۇيەنكى ئوردىغا سالامغا كەلدى»㊲ ھەمدە پايتەختتە قېلىپ پادىشاھقا خىلس مۇلازىم (تۇتقۇن ئوغۇل) بولدى. بۇ، پىشامشانىنىڭ ۋېي خاندانلىقىغا بېيئەت قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، جۇرجانلار بىلەن بولغان كەسكىن تالىشىش كۈرىشىدە شىمالىي ۋېينىڭ بىر مەھەل ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دەل پىشامشان خانى ئۆز ئىنىسىنى ۋېي ئوردىسىغا خىلس مۇلازىم قىلىپ ئەۋەتكەن تەيىەن 4-يىلى (مىلادى 438)، ۋېي ھۆكۈمرانى زور قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، تۆت يولغا بۆلۈنۈپ جۇرجانلارغا زور كۆلەملىك جازا يۈرۈشى قىلدى. ئەمما «شۇ چاغدا شىمالىي قۇملۇقتا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، سۇ، ئوت-چۆپ يوق بولغاچقا، جەڭ ئاتلىرىنىڭ كۆپى ئۆلۈپ كېتىپ»㊳، زور مەغلۇبىيەت بىلەن قايتىپ كەلدى. خانىنىڭ ئىنىسى لېبىڭ دېگەن جايدا تۇتۇلۇپ قالدى، ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۇتى غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، «ۋېي خاندانلىقى ئاجىزلاشتى، ھازىر بارلىق خانلار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى مەن، ئەمدى ۋېي ئەلچىلىرىگە ئەمەلات بېرىپ

كۆتمەكلار، دەپ كەلگۈ ئۇقتۇرۇش قىلدى»[39]. خېشىنى ئىگىلەپ تۇرغان قۇتقۇ جەمەتى ھاكىمىيىتى — شىمالىي لياڭمۇ ۋېي خاندانلىقىدىن يۇز ئۆرۈپ، جۇرجانلارغا بېقىندى، شۇڭا شىمالىي ۋېي شىمالىي لياڭنى قەتئىي يوقىتىش قارارىغا كەلدى، نەتىجىدە قۇملۇقنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ بىرلەشتىن تەشكىللىنىشى كېلىپ چىقتى. تەيپىڭنىڭ 5-يىلى (مىلادى 439) 9-ئايدا ۋېي قوشۇنلىرى شىمالىي ۋېينىڭ پايتەختى گۇزاڭغا ھۇجۇم قىلدى، شىمالىي لياڭ خانى جۈرچى مۇقان تەسلىم بولدى. لېكىن شىمالىي لياڭنىڭ خان جەمەتىدىن جۈرچى ئۇرغۇجىيۇچۇەن، جىنچاڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى چىڭ ساقلاپ، ئۆز خانلىقىنى قايتا تىكلەش نىيىتىدە بولدى. تەيپىڭنىڭ جېنجۈن 2-يىلى (مىلادى 441)، شىمالىي ۋېينىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئالدىدا، جۈرچى ئۇرغۇ دۇنخۇاڭغا چېكىنىپ، ئۆزىنىڭ شىمالدىكى جۈرچى ئارگۇنى قۇملۇقتىن ئاۋۋال ئۆتۈشكە ئەۋەتتى. 3-يىلى (مىلادى 442) 4-ئايدا «ئۇرغۇ تۈمەن ئۆيلۈك ئادەمنى دۇنخۇاڭغا تاشلاپ، غەربكە يۈرۈپ كەتتى، ئارگۇ تېخى يېتىپ بارماي تۇرۇپ، پىشامشان خانى قورقۇپ كېتىپ، تۆت مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ چارقىلىققا قاچتى، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى قۇتقۇ ئارگۇغا ئەل بولدى، خانلىق تازا مالىمانلاشتى، ئۇرغۇ پىشامشاننى ئىشغال قىلدى»[40]. ئېۋۇرغولنى ئىگىلەپ ياتقان كېيىنكى غەربىي لياڭ ھۆكۈمرانى لى باۋ ئۆزىنىڭ كونا خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدە بولغاچقا، قۇتقۇ جەمەتىنىڭ غەربكە كۆچۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، «ئېۋۇرغولدىن تۆت مىڭ ئاۋۋال ئادەمنى باشلاپ بېرىپ دۇنخۇاڭنى ئىگىلىدى، شەھەر سېپىلى ۋە ئوردىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، يەرلىك ئاھالىنى خاتىرجەم قىلدى»[41]، جۇرجانلاردىن يۈز ئۆرۈپ شىمالىي ۋېيگە بەيئەت قىلدى. ئاندىن تاغىسى تاڭچى بىلەن تاڭخې ئاكا-ئۇكا ئىككىسىنى قوجۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار يېتىپ بارغىچە «جۇرجان سەردارى سەركەردە ئارونى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، تاڭ چى ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئىنىسى تاڭ خې قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ ئالدى قاڭقىلغا كەتتى»[42]. ئۇ چاغدا ئالدى قاڭقىلمۇ جۇرجانلاردىن ئاللىقاچان يۈز ئۆرۈپ شىمالىي ۋېيگە بېقىنغانىدى. قوجۇ ئەسلى ھەر قايسى لياڭ ھاكىمىيىتى زېمىنى ئىچىدىكى بىر ۋىلايەت ئىدى، خېشىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، دۇنخۇاڭلىق كەنشۇاڭ ئۆزىنى ۋالىي دەپ جاكارلاپ، ۋىلايەتنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالدى. تاڭ چى قوجۇغا ھۇجۇم قىلغاندا قۇتقۇ ئۇرغۇدىن ياردەم سورىغانىدى. شىمالىي لياڭ قوشۇنلىرى پىشامشاننى ھۇجۇم بىلەن تارتىۋالغاندىن كېيىن غەربكە يۈرۈپ كىنگىتقا كىرمەكچى ئىدى، ئەمما ئارقىغا بۇرۇلۇپ شەرققە قايتتى. ئۇ چاغدا غەربىي لياڭنىڭ تاڭ چى قوشۇنى تارمار بولغانىدى، ئۇلار يېتىپ بارغاندا، «كەنشۇاڭ دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ كىرگۈزمىدى. غەزەپلىنىپ، ئادەم ئەۋەتىپ كەنشۇاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى ئالداپ تەسلىم قىلدۇرۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى»[43]، قوجۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلىپ، يەنىلا شىمالىي لياڭ سەلتەنىتىنى يېڭىدىن باشلىدى ھەمدە جەنۇبىي سۇلالىنىڭ ليۇ جەمەتى قۇرغان سۇڭ خانلىقى ۋە جۇرجانلارغا بەيئەت قىلدى، بۇ ھاكىمىيەت تارىختا كېيىنكى شىمالىي لياڭ دەپ ئاتالدى (442-يىلدىن 460-يىلغىچە). ئېۋۇرغولغا كەلسەك، ئۇنى كېيىنكى غەربىي لياڭنىڭ لى جەمەتى تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ، جۇرجانلار يەنە گاۋگاۋزى دېگەن ئادەمنى ئۇ يەرگە ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تەيىنلىدى. گاۋگاۋزى دېگەن بۇ ئادەم، ئېھتىمال، لى باۋغا ئەگىشىپ شەرققە قايتىشقا ئۇنىمىغان خەنزۇلارنىڭ سەردارى بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇملۇقنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدە يۈز بەرگەن بۇ زور ئۆزگىرىش داۋامىدا، جۇرجانلارنىڭ ئىگە بولغىنى مەھرۇم بولغىنىدىن چوڭراق بولغان. ئۇلار ئېۋۇرغولنى داۋاملىق كونترول قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى كېيىنكى شىمالىي لياڭنىڭ قۇتقۇ جەمەتىدىن ئىبارەت سىياسىي كۈچى ئارقىلىق قوجۇ، پىشامشان ئەللىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كونترول قىلدى. يۈز ئۆرىگىنى كىچىككىنە ئەل-ئالدى قاڭقىل بولۇپ، بۇ كىچىك ئەل ئۇزۇن ئۆتمەي قوجۇدىكى كېيىنكى شىمالىي لياڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن يوقىتىۋېلىندى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇتى قاغان تەختتە تۇرغان مەزگىلدە ئۇنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىدى.

## 4. توغاچىن، يۇچېڭ دەۋرلىرىدە جۇرجانلار بىلەن شىمالىي ۋېينىڭ غەربىي يۇرتنى كەسكىن تالىشىشى

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى تالىشىشقا كىرىشكەنلىكتىن، جۇرجانلارنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تارىخىي خاراكتېرلىك قايتىلىنىش يۈز بەردى. چىلەن قاغان ئۇتى تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 5-يىلى (مىلادى

444-يىلى) ۋاپات بولۇپ، «ئوغلى تۇغلىجىن تەختكە چىقىپ، چۇقاغان دەپ ئاتىلىدۇ، ۋېي تىلىدا (چۇ) نىڭ مەنىسى (بىردەنبىر) دېگەن بولىدۇ.»㊹ چۇقاغان تەختتە تۇرغان مەزگىل (مىلادى 444—464) دەل شىمالىي ۋېي پادىشاھى تەبۇۋنىڭ زېمىن قوچقان مەزگىلى بولۇپ، ئارقىمۇ-ئارقا ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، پىشامشان، كىنگىتنى قولدىن بېرىپ قويىدى، لېكىن كۇسەن ۋە قوجۇنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى.

تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 5-يىلى (مىلادى 444) تۇغلىجىن دەسلەپ تەختكە چىققان چاغدىلا قوجۇنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ كەتكەنىدى. شۇ يىلى قۇتقۇ ئۇرغۇ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى قۇتقۇ چيەنشۇ تەختكە چىقتى، شىمالىي ۋېي ئالدى قاغتىل خانى ئىرۇس ئارقىلىق ئۇنى جۇرجانلاردىن يۈز ئۆرۈشكە دالالەت قىلدى. «قۇتقۇ ئەنجۇ ئۇنىڭ ئوغلى چيەنشۇدىن ھەربىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، ئۆز قوۋمىگە باشچى بولۇپ ئۆزى تەختكە چىقتى»㊺، بۇ كۈرەشكە جۇرجانلار چوقۇم قول تىقتى ھەمدە قوجۇنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. 6-يىلى (مىلادى 445) شىمالىي ۋېي بىرىنچى قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلىشنى باشلىدى، چەۋەنداز مەھرەم—چېڭجۇ شەھىرىنىڭ تۆرىسى ۋەن دۇگۇي لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىدىكى ئەسكەرلەر، يەنى ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغان غەربىي لياڭ قوۋمىگە قوماندانلىق قىلىپ، پىشامشانغا ھۇجۇم قىلدى. پىشامشان خانى بىلۇڭ دەۋرىدىلا بۇ ئەل جۇرجانلاردىن يۈز ئۆرۈپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانىدى، لېكىن قۇتقۇ جەمەتى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، پىشامشان خانى جېندا ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ، جۇرجانلارنىڭ ۋاستىلىق كونترول قىلىشىغا تەۋە بولدى. شۇ يۈرۈشتە، «ۋەن دۇگۇي دۇنخۇاڭغا كېلىپ، ئېغىر يۈك-تاقلارنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، 5000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، پىشامشان چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پىشامشان ئاھالىلىرى قورقۇپ داللارغا پىتراپ كەتكەنىدى، ۋەن دۇگۇي ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرگە ئۇلارغا چېقىلماسلىق ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، چېگرانى ساقلاۋاتقان پىشامشان ئەسكەرلىرى بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، بايراقنى قاراپ بىلىش ئېگىپ ئەل بولۇشنى بىلدۈردى، ئۇلارنىڭ خانى جېندا ئۆزىنى باغلاپ قەلئەدىن چىقىپ تەسلىم بولدى، ۋەن دۇگۇي ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىپ، ئەسكەرلىرىنى شۇ يەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، جېندا بىلەن بىللە پايتەختكە باردى»㊻، 9-يىلى (مىلادى 448) 5-ئايدا شىمالىي ۋېي ئوردىسى جياۋجىز ئايمىقىنىڭ تۆرىسى خەن بانى پىشامشان خانى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ پىشامشاننى باشقۇرۇپ، پۇقرالاردىن باج-خىراج ئالدى، پىشامشاننى ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمى بويىچە ئىدارە قىلدى»㊼. پىشامشان دۆلىتى ئىچىدىكى كروران شەھىرى ئۆزۈندىن بۇيان غەربىي يۇرت دورغابىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ كەلگەنىدى، شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان خەت، جىن دەۋرلىرىگە ئائىت خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەر ئۇ يەردە بۇرۇن ناھايىتى نۇرغۇن خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش شارائىتىنىڭ ھازىرلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەن باغا بېرىلگەن خان (ۋاڭ)لىق نامى پەقەت بىر خىل ئۇنۋان نامىلا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي سالاھىيىتى پۈتۈنلەي ئوردا تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان ۋە قالدۇرۇلىدىغان يەرلىك ئەمەلداردىنلا ئىبارەت. يەنە «ۋېينامە» 30-جىلدتىكى ۋاڭ ئەندۇنىڭ تەرجىمىھالىغا قارىساق، ئۇ ئەسلى توقال خانىشتىن تۇغۇلغان بەگزادە بولۇپ، پىشامشاننىڭ بىلىقلىق سانغۇنلىقىغا تەيىنلەنگەن، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شىمالىي ۋېي پىشامشاندا قورغان تەسىس قىلغان، شۇڭا ئۇ يەرگە بىلىقلىق سانغۇن تەيىنلەپ قورغاننى ساقلىغان، ئۇ چاغدا جۇرجانلارنىڭ كۈچ تەسىرى بۇ رايوندىن قوغلاپ چىقىرىلغان.

تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 9-يىلى (مىلادى 448) ۋەن دۇگۇي ئەسكەر باشلاپ ئىككىنچى قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلدى. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، «شۇ يىلى، (ياپيان خانى) ئوردىغا يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، خاندانلىق قوشۇنى بىلەن ھەمكارلىشىپ جۇرجانلارغا شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن تەڭلا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلدى، شىزۇ (ۋېي پادىشاھى) بۇ پىكىرنى ماقۇللاپ، مەركەزدىكى ۋە سىرتتىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ جەڭگە ھازىرلىنىشىنى، خۇمىيەن خانى تۇ (他 ئادەم ئىسمى) نىڭ ئاۋانگارت قوشۇننى باشلاپ جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى»㊽. دېمەك بۇ، ياپيانلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بىر قېتىملىق زور ستراتېگىيىلىك پىلان ئىدى. خۇمىيەن خانى تو قوشۇنى شىمال تەرەپتىن، ۋەن دۇگۇي قوشۇنى غەرب تەرەپتىن يۈرۈش قىلدى، ياپيانلارمۇ قوشۇن چىقىرىپ ماسلاشتى، جۇرجانلارنى خېلى سارىسىمگە سالدى، لېكىن شىمالدىن يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ھۇجۇمغا ئاتلانغان

بولسىمۇ، جەڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولمىدى، غەربتىن يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ غەلىبە خەۋىرى ئۈزۈلۈكسىز كېلىپ تۇردى، ئۇلار ئالدى بىلەن كىنگىتكە ھۇجۇم قىلدى، «يۈرۈش قىلغاندا، ئەسكەرلەر كۆپ ئېلىشلىقنى يوشۇرۇۋالماي يەڭگىل يۈرۈپ، يېمەكلىكنى يولدىن ھەل قىلىپ ماڭدى. ۋېن دۇگۈي كىنگىتنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى چوقۇر، قارا قۇم دېگەن ئىككى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئالدى، ئاندىن كىنگىتنى مۇھاسىرە قىلدى. گۇشبىنا 40ـ50 مىڭ ئادەمنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ۋېن دۇگۈي قاۋۇل ئەسكەرلىرىنى تاللاپ، ئۇدۇلدىن قەھرى غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلدى. گۇشبىنانىڭ ئەسكەرلىرى تارمار بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى، گۇشبىنا ئۆزى يالغۇز ئاتقا منىپ تاغ ئىچىگە قېچىپ كەتتى. ۋېن دۇگۈي شەھەرگە كىرىپ قىرغىن قىلدى، ئەتراپتىكى شەھەرلەر كەينى-كەينىدىن تەسلىم بولدى»[49]. تاڭ خې قوماندانلىقىدىكى غەربىي لياڭ قوشۇنى ۋە ئىرۇس قوماندانلىقىدىكى ئالدى قاغىل قوشۇنىمۇ بۇ جەڭگە قاتناشتى. گۇشبىنا قوشۇنى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۇسەنگە قېچىپ كەتكەندى، «12-ئايدا، ۋېن دۇگۈي كىنگىتتىن غەربكە يۈرۈپ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلدى»[50]، «كۇسەن تەرەپ ئۇجمۇت قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ جەڭگە ئاتلاندۇردى، ۋېن دۇگۈي ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، 20 نەچچە مىڭ ئەسكىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، نۇرغۇن تۆگە، ئات ئولجا ئېلىپ قايتتى»[51]. بۇ خاتىرىدە مەسىلە ئاز ئەمەس، كۇسەن تەرەپتىن جەڭگە چىققان ئەسكەر ئۈچ مىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسا، ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى قانداقچە 20 مىڭ كۇسەن ئەسكىرىنىڭ كاللىسىنى ئالغان بولىدۇ؟ روشەنكى، مەلۇم قىلىنغان غەلىبە خەۋىرى ئەمەلىي ئەمەس، يەنە كۇسەننىمۇ ئېلىنمىغان، ۋېن دۇگۈي يول ئۈستىدىنلا ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتكەن، بۇ ھال ۋېن دۇگۈينىڭ كۇسەنگە قىلغان يۈرۈشىنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا تارىخ كىتابلىرىدا ۋېن دۇگۈينىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «تاڭ خې كىنگىتتە قېلىپ كىنگىتنى ساقلاۋاتقاندا، ليۇلۇي شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئەجگا ئىسيان كۆتۈردى، تاڭ خې ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن غۇزلار تەسلىم بولۇپ، غەربىي يۇرت تىنچىدى»[52]. ليۇلۇي شەھىرىنىڭ ھاكىمى بۇرۇنلا ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغان، بۇ قېتىم قايتا ئىسيان كۆتۈرۈشى ۋېن دۇگۈينىڭ كۇسەنگە قىلغان يۈرۈشىنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولمىغانلىقى مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى چوقۇم.

بەزى ئالامەتلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، توغاچىن گەرچە شىمالىي ۋېي بىلەن يايپانلارنىڭ ئىككى تەرەپلەپ قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى ئىلكىدە، غەربىي يۇرتنى قۇتقۇزۇپ قالالماي، پىشامشان بىلەن كىنگىتنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئالغىرى بۇ بىرلەشمە ھۇجۇمنى تارمار قىلدى ھەمدە قوچۇدا دۆلەت قۇرغان شىمالىي لياڭ ھاكىمىيىتى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە جىددىي قايتارما ھۇجۇم قوزغىدى. تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 11-يىلى (مىلادى 450) قاغىل خانى ئىرۇس ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئوغلى شېكىنى شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ كەتكەندە، قوتقۇ ئەنجۇ قاغىللارنىڭ شەھەردىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئازلىقىدىن پايدىلىنىپ، «جۇرجانلارنى ئارا يولدىن باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالدى، شېك دادىسى ئىرۇس تەرەپكە كېتىپ، كىنگىتنى بىرلىكتە قوغدىدى، ئەسكەرلىرىنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسمى ھالاكەتتىن ساقلىنىپ قالدى، ۋېي پادىشاھى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كىنگىتنىڭ ئاشلىق ئامبىرىنى ئېچىپ ئۇلارغا ياردەم بەردى»[53]، شۇ چاغدا ئالدى قاغىللىنىڭ بىر قىسمى قوچوغا قوشۇۋېلىندى، خەلقىنىڭ بىر قىسمى كىنگىتكە كۆچۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۆلەت (خانلىق) نامى تارىخ سەھىپىسىدىن غايىب بولدى. كېيىنكى يىلى (مىلادى 451) «تاڭ خې ئوردىغا قايتتى»[54]، كىنگىتنى ساقلاشقا سابىق ئالدى قاغىل خانى ئىرۇس تەيىنلەندى، ئەمۋالدىن قارىغاندا، ئۇمۇ جۇرجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىغاندەك قىلىدۇ. «جېڭپىڭنىڭ 2-يىلى (مىلادى 452) ئىرۇس پايتەختكە سالامغا باردى، ئۇنىڭغا مالاي-دېدەك، تېرىلغۇ يەر ۋە ئۆي-جاي، كالا-قوي ئىنئام قىلدى ھەمدە بۇرۇنقى خان (ۋاڭ) لىق نامىنى ساقلاپ قېلىپ، سانغۇنلۇق ئۇنۋان بەردى»[55]، ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ ئىچكىرىگە چاقىرتىپ كەلدى. بۇ ھال، شۇ يىلدىن كېيىن كىنگىتنى جۇرجانلارنىڭ قايتۇرۇۋالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قوتقۇ ئەنجۇنىڭ جۇرجانلارغا قارشى تۇرغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، ئۇنىڭغا قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىلغاندەك قىلىدۇ. خېپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى460) «جۇرجانلار قوچوغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قوتقۇ ئەنجۇدىن تارتىۋالدى، قوتقۇ جەمەتىنى ھالاك قىلدى، كەن بوجۇ قوچۇ خانى

بولدى»[56]. كەمن بوجۇ دېگەن بۇ ئادەم ئېلكىرى قوجونىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى بولۇپ تۇرغان كەمن شۋاڭنىڭ بىر جەمەت تۇغقىنى ياكى ئەۋلادى بولسا كېرەك، شۇنىڭ بىلەن جۇرجانلار قوجونى ئىلگىرىلەپ كونترول قىلدى.

خېپىڭنىڭ 5-يىلى (مىلادى 464) چۇ قاغان تۇغلىجىن ئۆلدى، ئۇنىڭ «ئوغلى يۇچېڭ تەختكە چىقىپ، شۇلوبجىن قاغان دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ ۋېي تىلىدىكى مەنىسى ‹ئىلتىپات، پايدا-مەنپەئەت› دېگەن بولىدۇ»[57]. بۇ قاغان تەختكە چىقىش بىلەنلا خەنزۇچە يىلنامىنى قوللىنىپ، خانلىق يىلنامىسى يۇڭكاڭ دەپ ئۆزگەرتتى ھەمدە جەنۇبىي چى سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىشىشقا بەل باغلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئىدى. دەل مۇشۇ قاغان تەختتە تۇرغان مەزگىلدە (مىلادى 464—485) كۇسەن، كىنكىت قاتارلىق تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي ۋېي ئوردىسىغا سوۋغا-سالام يوللاش ئىشلىرى تامامەن ئۈزۈلگەنىدى، بۇ ھال جۇرجان كۈچلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ ئىسلىگە كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ چاغدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قاراشلىق بولغان غەربىي يۇرت ئەللىرىدىن پەقەت ئۇدۇن، پىشامشانلا قالغان، شۇڭا تيەنئەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 466) خەن ياڭپىنى ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ»[58] بۇ بازىنى مۇستەھكەملىگەن. ئەمما خۇاڭشىڭنىڭ 4-يىلى (مىلادى 470) جۇرجانلار ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، ئۇدۇن خانى ۋساراچۇرىن ۋېي سۇلالىسىدىن ياردەم سورىدى، شۇ چاغدا پىشامشاندا ۋېي سۇلالىسى قوشۇنى بار ئىدى، لېكىن ۋېي ئوردىسى بىر قارارغا كېلەلمەي، ئۇدۇن خانىغا شەھەرنى چىڭ ساقلاپ ياردەم كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى»[59]، ئەمەلىيەتتە قوشۇن ئەۋەتمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ۋېي ئوردىسىغا سوۋغا-سالام يوللاشنى توختاتتى، بۇ ھال، ئۇدۇن خانىنىڭ جۇرجانلارغا بەيئەت قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا پىشامشانمۇ جۇرجانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدىكى خاتىرىلەر»دە، يەنشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 471) 10-ئاينىڭ مەلۇم كۈنى غەربىي يۇرتنى قوغدىغۇچى چېرىكچى تۇرىدىغان جاي پىشامشاندىن لياڭجۇغا يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى نەنئەن خانى باشقۇرىدىغان بولدى[60]. ئىلگىرى پىشامشاننىڭ تۇرغاق سانغۇنى خەن بامۇ يۆتكەپ كېتىلگەنىدى، يەنشىڭنىڭ 2-يىلى (مىلادى 472) 1-ئايدا، ئۇ بۇيرۇق بويىچە ھەر قايسى شەھەرلەردىكى غوزلارنىڭ ئىسيانلىرىنى تىنجىتىشقا ماڭدى[61]، بۇ، شۇ چاغدا پىشامشان، چەرچەنلەردىكى ۋېي قوشۇنلىرىنىڭمۇ بۇ جۇرجانلاردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ، يەنشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 471) جۇرجان كۈچلىرىنىڭ يەنە ئۇدۇندىن پىشامشانغا سىلجىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، سۇڭ دەۋرىدىكى بۇددا راھىبى فاشيەن يۈەنخۈينىڭ 3-يىلى (مىلادى 475) غەربكە بۇددا ئىلمىنى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا، «خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن يولغا چىقىپ، جۇرجانلار تەۋەسىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇنغا بارغان[62]، تويغۇنلار زېمىنى (تارىخ ماتېرىياللىرىدا يېزىلغان ‹خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى›) دىن ئۇدۇنغا بېرىشتا چوقۇم پىشامشان ۋە چەرچەندىن ئۆتۈش توغرا كېلىدۇ، بۇ، يۇچېڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتنى يەنە قايتۇرۇۋالغانلىقىنى بىتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، يۈەنخۈينىڭ 12-يىلى (مىلادى 475) ۋېي سۇلالىسىگە قۇدىلىشىپ يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، رەت قىلىنغان. 13-يىلى (مىلادى 476) جۇرجانلار يۆلەپ تەختكە چىقارغان قوجو خانى كەمن بوجۇ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى كەمن يىچېڭ تەختكە چىقتى، قارىغاندا، ئۇ ۋەزىيەتنى كونترول قىلالمىغان بولسا كېرەك، 14-يىلى (مىلادى 477) كەمن شۇگۇي ئىنىسى كەمن يىچېڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى تەختكە چىقتى[63]، يۇچېڭ قوملۇقنىڭ ئېغىزىدىكى بۇ مۇھىم شەھەرنى مەھكەم كونترول قىلىش ئۈچۈن، بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە بىۋاسىتە قول تىققان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. 15-يىلى (مىلادى 478) ۋېي ئوردىسىغا يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىششنى تەلەپ قىلدى. ۋېي پادىشاھى بۇنى ماقۇل كۆرگەن ئىدى، لېكىن جەنۇبىي سۇلالە ئەلچىسى يېتىپ كېلىپ، «شېڭمىڭنىڭ 2-يىلى (مىلادى 478) لياڭ تەيزۇ نايىبلىق قىلىپ، شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنى ۋاڭ خۇڭگۇينى جۇرجانلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ۋېي سۇلالىسىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى[64]. بۇ پىلان جۇرجانلار يۈزگۈزىۋاتقان ۋېي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىگە تازىمۇ بابلاپ كەلگەنلىكتىن، ۋېي سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش تاشلاپ قويۇلغان. جيەنيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 479) 8-ئايدا، جۇرجان خانى 300 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلدى، 700 چاقىرىم يول يۈرۈپ پىڭچېڭ شەھىرىگە

يېتىپ بارغاندا، ۋېي قوشۇنلىرى سېپىلنى مەھكەم ساقلاپ، جەڭگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، جۇرجان خانى يەنىلا ئىچىدە بىر قۇر بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ قايتتى[65]. شۇ يىلى جەنۇبىي سۇلالىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىسيانچىلار ئىچىگە تىگىشلىك قوشۇن چىقىرالمىدى. شۇڭا، يۈچېڭ جېيەنيۈەننىڭ 2-ۋە 3-يىلى (مىلادى 479 ۋە 480-يىلى) جەنۇبىي چى ئوردىسىغا ئارقا-ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇن چىقىرىپ كېلىشىمنى ئادا قىلىشنى سۆيلىدى. جۇرجان خانلىقىنىڭ ۋەزىرى شىڭ جىلو چى پادىشاھىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «ۋۇ بىلەن خەننىڭ زېمىنى بۆلۈنگەن بولسىمۇ، مەقسەت ئوخشاش بولغانچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىكتە قايتۇرۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلغاندۇق، تەڭرىنىڭ جازاسىنى بىرلىكتە ئىجرا قىلىپ ...... يامانلارنى يوقىتىپ، بۆلۈنمە جىنايەتكارلارنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىلا، ئاندىن پادىشاھنىڭ تەختى مۇستەھكەملىنىپ، جۇڭخۇانى ئىسلىگە كەلتۈرگىلى، قوشنا ئەللەر بىلەن مەڭگۈ ئىناق ئۆتكىلى بولىدۇ»[66] دېگەنلىكنى تەكىتلەپ، لياڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملىشىشنى ۋەدە قىلغانلىقى يۈچېڭنىڭ ۋېي سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش قارانىيىتى بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى ھەمدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە غايەت زور تەھدىت سېلىش رولىنى ئوينىدى.

ۋەھالەنكى، يۈچېڭ يۈرگۈزگەن ۋېي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتى ھەربىي خىزمەتنى كۆپەيتىپ، باج-خىراج، ئالۋان-ياساقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، نەتىجىدە ئۆز قارىمىقىدىكىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، جۇرجان ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋىپلىك چوغ كۆمۈپ قويدى.

## 5. قاڭقىل ۋە ئېفتالىتلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشقا كىرىشىشى ۋە دۇلۇن، ناغاي، بۇت، چۇنۇ خانلىقلىرىنىڭ روناق تېپىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشى

شۇلوبېن قاغان يۈچېڭ يۈرگۈزگەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئۇمۇمىيۈزلۈك قارشىلىشىش سىياسىتىنىڭ مەغلۇب بولۇشى ئىلگىرى ئۇنىڭ قارىمىقىدا بولغان قاڭقىل ۋە ئېفتالىتلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى ۋە غەربىي يۇرتنى تالىشىشقا كىرىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شىمالىي ۋېي بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ قول تىقتى، جۇرجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كىرىزىسى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ۋەزىيەتتە مۇرەككەپ ۋە قايتا-قايتا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

«تەيخېنىڭ 9-يىلى (مىلادى 485) يۈچېڭ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى دۇلۇن تەختكە چىقتى، ئۇ فۇمىڭدۇن قاغان دەپ ئاتالدى، ۋېي تىلىدا ئۇنىڭ مەنىسى ‹مەڭگۈ› دېگەن بولىدۇ»[67]. لېكىن جۇرجانلارنىڭ «تەيپىڭ»(ئەمىنلىك) دەپ ئاتالغان يىلنامىسىدىكى يىللاردا ئەمەلىيەتتە ئەمىنلىك بولمىدى. فۇمىڭدۇن قاغان دۇلۇن تەختتىكى مەزگىلدە (مىلادى 485—492)، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئۇمۇمىيۈزلۈك قارشىلىشىش سىياسىتى داۋاملىق يۈرگۈزۈلدى، ئۇرۇش كۆپىنچە مەغلۇبىيەتلىك بولدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قاڭقىللار ئىسيان بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقىپ قاغان تىكلەپ خانلىق قۇردى، بۇ خانلىق جۇرجانلارنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇپ قالدى، نەتىجىدە جۇرجانلار قۇجۇ، ئېبۇرغول، كىنكىت، پىشامشان قاتارلىق غەربىي يۇرت ئەللىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى.

قاڭقىللارنىڭ مۇستەقىل خانلىق قۇرۇشى جۇرجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك تەۋرىنىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. بۇ ھەقتە تارىختا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل خاتىرە بار، بىرى «ۋېينامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە، تەيخېنىڭ 16-يىلى (مىلادى 492) دەپ يېزىلغان، بۇ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى، يەنە بىرى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «تەيخېنىڭ 11-يىلى (مىلادى 487) دۇلۇن سەددىچىنگە بېسىپ كىرمەكچى بولغاندا، ئاپۇرغۇر قاتارلىقلار ئۇنىڭغا بويسۇنماي، غەزەپلىنىپ، ئۆز قوۋمىنى باشلاپ يۈز ئۆرۈپ غەربكە كېتىپ، ئالدى قاڭقىلنىڭ غەربىي شىمالىغا بېرىپ، ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلىدى، ئۆز خەلقى ئۇنى كۆل بىلگە ئۇلۇغبەگ دەپ ئاتىدى، ۋېي تىلىدا ئۇنىڭ مەنىسى ‹چوڭ تەڭرىقۇت› دېگەن بولىدۇ، چۈڭچى كۆل بەگ

دەپ ئاتالدى، ۋەي تىلىدا ئۇنىڭ مەنىسى «ئەل ئىگىسى» دېگەن بولىدۇ، ئىككىسى خانلىقنى ئىككى قىسمغا بۆلۈپ بېشقۇردى، ئاپۇرغۇر شىمال تەرەپتە تۇردى، چۇڭچې جەنۇب تەرەپتە تۇردى» دېيىلگەن. سىماگۇاڭدىن بۇيان تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ خاتىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، مەنمۇ مۇشۇ قاراشقا قوشۇلىمەن، لېكىن تۆۋەندىكى تولۇقلىمىنى قوشۇش كېرەك دەپ قارايمەن: (1) ئېگىز ھارۋىلىقلار ( 高车 ) دېگەن نام قاڭقىللارنىڭ ئۆز نامى بولماستىن، بېشقىلارنىڭ ئاتىشى. گاۋچې ( 高车 ) دېگەن نام ئومۇمەن ئېگىز ھارۋىدا ئولتۇرىدىغان دېگەنلىك (تېلې) قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. جۇرجانلار غەربكە يۈرۈش قىلغان چاغدىن باشلاپ، قاڭقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى تارماققا ئايرىلغان بولۇپ، قاڭقىل (قوش)نىڭ غەربىي شىمالىدا خانلىق قۇرغانلار ئۇلارنىڭ غەربىي تارماق 12 قەبىلىسى ئىدى، ئۇلارنىڭ يادروسى يۈۋۈرغۇر قەبىلىسى بولۇپ، ئاپۇرغۇر، چۇڭچې مۇشۇ قەبىلىدىن كېلىپ چىققان. «يۈۋۈرغۇر» نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى (تەلەپپۇز قىلىنىشى) ئۇكبيېتر(ukbietr) ياكى ئابىئېرا (abiera) بولۇپ، غەربنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ئاۋارېس (Avares) ياكى ئابارېس (Abares) دەپ يېزىلغان، قاڭقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) نىڭ خانلىق نامى يۈۋۈرغۇر[68] ئىدى، بۇ قەبىلە خانلىق قۇرۇشتىن بۇرۇن جۇرجانلارنىڭ قارمىقىدا بولغاچقا، غەربنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا جۇرجانلارنى خاتا ھالدا ئاۋارلار (Avares) دەپ ئاتىغان. (2) يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان تارىخ ماتېرىياللىرىدا، قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچكەن ۋە خانلىق قۇرغانلىقى گويا تەيخېنىڭ 11-يىلى (مىلادى 487) بولغان ئىش دېيىلگەندەك قىلىدۇ، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، يۈۋۈرغۇر قاتارلىق غەربىي تارماق قاڭقىلنىڭ 12 قەبىلىسى سەللان، قوغۇرسۇ دەۋرىدىلا چاقىرىق بويىچە غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماكانلاشقان جايى—«ئالدى قاڭقىلنىڭ غەربىي شىمالى» سەللاننىڭ غەربىي چېگراسى يەنى «كىنگىتنىڭ شىمالى» بولۇپ، ھازىرقى مانىس دەرياسىدىن ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىغىچە بولغان رايونلار ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بۇرۇن بولغان، تەيخېنىڭ 11-يىلى (مىلادى 487) ئاپۇرغۇر ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ خانلىق قۇرغان يىل قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. (3) سەللان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، گەرچە يىلمۇ-يىل ۋەي سۇلالىسىگە چېقىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قاڭقىللارنىڭ يۈز ئۆرۈشى بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ياپيانلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئېفتالىتلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. ياپيانلار تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 9-يىلى (مىلادى 448) ۋەي سۇلالىسى بىلەن ئۇتتۇشۇپ، بىرلىكتە جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان، كېيىن بۇ دۆلەتنىڭ نامى تارىخ سەھىپىسىدىن غايىپ بولدى، بۇ، شۇ يىلى جۇرجانلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ دۆلەتنى يوقاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قاڭقىللار جۇرجانلارنىڭ غەربتىكى قارام ئېلى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ قېتىمقى يۈرۈشكە قاتنىشىپ، بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكى چوقۇم. شۇ چاغلاردا ئېفتالىتلار سوغدىيانادا ئاللىقاچان دەۋر سۈرگەن بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان جۇرجانلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماس بولۇۋالغانىدى، قاڭقىللار ئېفتالىتلار بىلەن قوشنا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بارا-بارا گەدەنكەشلىك قىلىشقا باشلىغان، بۇنى تەيخېنىڭ 11-يىلى (مىلادى 487) جۇرجانلارنىڭ ۋەي سۇلالىسىگە قارشى ھۇجۇم قىلىش چاقىرىقىنى قوبۇل قىلماسلىق ئارقىلىق ئىپادىلىگەن، خالاس.

تەيخېنىڭ 12-يىلى (مىلادى 488) قاڭقىللارنىڭ مۇستەقىل بولغانلىق تەسىرى بىلەن، «12-ئايدا، جۇرجانلارنىڭ ئىبۇرغولدىكى قورول باشلىقى گاۋگاۋزى 3000 ئادەمنى باشلاپ ئەل بولدى»[69]. كېيىنكى غەربىي لياڭنىڭ داتانغا ئەل بولغان ۋاقتىدىن ھېسابلىغاندا، جۇرجانلارنىڭ ئىبۇرغولغا بولغان 66 يىللىق كونتروللۇقى (مىلادى 422—488) مۇشۇ چاغدا ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، پىشامشان، كىنگىت، كۇسەن قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى قاڭقىللارنىڭ قولىغا ئۆتتى. تەيخېنىڭ 14-يىلى (مىلادى 490) 3-ئايدا، جۇرجانلار ۋەي ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھلىشىشنى تەلەپ قىلدى، شۇ يىلى «قاڭقىل خانى ئاپۇرغۇر ۋە چۇڭچېلار ۋەي ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تەڭرىقۇتنىڭ جۇرجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ۋەي پادىشاھى ئەلچىگە كىشتىلەنگەن پۈرمەشم ۋە 40 توپ ھەر خىل رەڭدار يىپەك رەخت ئىنئام قىلدى»[70]، بۇ ئىككى ئىشتا مۇقەررەر ئىچكى باغلىنىش بولۇپ، بۇ، شۇ يىلى جۇرجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتا قاڭقىللار بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، نەتىجىدە پىشامشاننى قولدىن بېرىپ

قويغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «جەنۇبىي چىنامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئالدى بىلەن، يېجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ليۇجۇن جياڭ جىڭشۇمىنى دىڭلىڭلار (يەنى قاڭقىللار) غا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، ئۇ پىشامشاندىن ئۆتۈپ ئۇدۇنغا بارغان. ئۇ چاغدا پىشامشان دىڭلىڭلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىپ، خەلقى تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن.» فېڭ چېڭجۇننىڭ ئىسپاتلىشىچە، ليۇجۇننىڭ يېجۇ ئايماق بېگى بولۇپ تۇرغان ۋاقتى چى سۇلالىسىنىڭ يۇڭمىڭ 9-يىلى 1-ئايدىن 11-يىلى 2-ئايغىچە (مىلادى 491—493) بولۇپ، قاڭقىللارنىڭ پىشامشاننى ھالاك قىلغان ۋاقتى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن، يەنى شىمالىي ۋېي ئوردىسى قاڭقىل خانىغا نۇرغۇن ئىنئام بەرگەن تەيخېنىڭ 14-يىلى (مىلادى 490) بولۇشى كېرەك[71]. يەنە چى سۇلالىسى ئەلچىسى جياڭ شۇمىنياۋ يېجۇ ئايمىقىدىن قاڭقىلغا ئەلچى بولۇپ ماڭغاندا، پىشامشان، ئۇدۇن لىنيىسىنى بويلاپ، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولىدىكى سۇلې، كۇسەن، كىنكىتلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ «قاڭقىلنىڭ غەربىي شىمالىي يەنى (كىنكىتنىڭ شىمالىي) دىكى قاڭقىل بارگاھىغا يېتىپ بېرىشى كېرەك، بۇمۇ يەنە يۇقىرىقى ئەللەرنىڭ جۇرجانلاردىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭ ۋاقتىمۇ شۇ يىلى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بولۇشى كېرەك. تەيخېنىڭ 15-يىلى (مىلادى 491) قاڭقىللار يەنە قوچۇغا يۈرۈش قىلىپ، كەن جەمەتى ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جاڭ جەمەتىنى تىكلىدى، «تەيخېنىڭ 5-يىلى، قاڭقىل خانى ئاپۇرغۇر كەن شۇگۇينىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى خان قىلىپ تەيىنلىدى»[72]. خوۋسەننىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ ئىش تەيخېنىڭ 5-يىلى» ئەمەس، «تەيخېنىڭ 15-يىلى بولغان»[73]، بۇنى تۇرپاندىن يېڭى قېزىۋېلىنغان (75TKM88' A) قاتارلىق ھۆججەتلەر ئىسپاتلىدى. بۇ ھۆججەتلەر جيەنچۇنىڭ 2-يىلى (مىلادى 790) يەنى كەن شۇگۇي ئۆلتۈرۈلۈشتىن دەل بىر يىل بۇرۇن يېزىلغان. كەن جەمەتى خانلىقى ئالمىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى جاڭ جەمەتى خانلىقى ئالغانلىقى قوچۇنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنىڭمۇ جۇرجانلارنىڭ قولىدىن قاڭقىللارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تەيخېنىڭ 16-يىلى (مىلادى 492) غەربىي سەپتىكى ئۇرۇشتا ئۇدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان دۆلۈن شەرقىي سەپتىمۇ شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىدى. شۇ يىلى ۋېي سۇلالىسىنىڭ 100 مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلىرى ئۈچ يولدىن تەڭلا يۈرۈش قىلدى، «ئوتتۇرا يولدىكىسى قارا تاغدىن يولغا چىقتى، شەرقىي يولدىكىسى تۆلا دەرياسىدىن، غەربىي يولدىكىسى قويان دەرياسىدىن ئۆتتى. قوشۇنلار چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، جۇرجانلارنى ۋاقىتلىق مەغلۇب قىلىپ قايتتى»[74]، دۆلۈننىڭ ئابرۇيى تۆكۈلۈپ، خەلقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

فۇمىڭدۇن قاغان دۆلۈن ئۆلگەندىن كېيىن، ناغاينى خەلق قاغان قىلىپ تىكلىدى. «ئىلگىرى، جۇرجانلارنىڭ قاغانى فۇمىڭدۇن ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغاي ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قاڭقىل ئاپۇرغۇرغا ھۇجۇم قىلدى، فۇمىڭدۇن ئارقىمۇ-ئارقا مەغلۇب بولدى، ناغاي بولسا ئارقىمۇ-ئارقا غەلىبە قىلدى، خەلقى ناغايغا تەڭرى مەدەت بەردى دەپ قاراپ، فۇمىڭدۇننى ئۆلتۈرۈپ، ناغاينى قاغان قىلىپ تىكلەپ، فۇدەي قۇچە قاغان دەپ ئاتىدى، يىلنامىنى يۇمىن تەيپىڭ دەپ ئۆزگەرتتى»[75]. قاغانلىق نامى «ۋېي تىلىدا (شاد خوراملىق) دېگەن بولىدۇ»[76]. بۇ قاغاننىڭ تەختتە تۇرغان مەزگىل (مىلادى 492—506) دىكى ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا «ۋېينامە» نىڭ ئۆزىدە كۆرۈنەرلىك خاتىرە يوق دېگۈدەك، لېكىن باشقا ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئەتراپتىكى سىياسىي ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، جۇرجانلارنىڭ دۆلەت كۈچى يەنە ئاشقان. (1) شىمالىي ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندى پۈتۈن كۈچى بىلەن خەنزۇلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، تەيخېنىڭ 18-يىلى (مىلادى 494) پايتەختنى لوياڭغا كۆچۈرگەن، 19-يىلى (مىلادى 495) پادىشاھ جەمەتىنىڭ توغبات دېگەن فامىلىسىنى يۈەن فامىلىسىگە ئۆزگەرتكەن، قالغان سيانپېي چوڭ قەبىلىلىرىنىڭ فامىلىسىنى خەنزۇچە فامىلىگە ئۆزگەرتكەن، نەتىجىدە بىر مەھەل ئىچكى سىياسىي ماجىرا يۈز بېرىپ، جۇرجانلار جەنۇبتىن كېلىدىغان زور تەھدىتتىن قۇتۇلۇپ قالغان. (2) قاڭقىللار بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېرىكلىشىپ قالغان ھەمدە ئۇلار غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش كۈرىشىگە كىرىشىپ كەتكەن. قاڭقىللار دەسلەپتە ئېفتالىتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندەك قىلاتتى، لېكىن قاڭقىللارنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى، بولۇپمۇ چوڭچىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جەنۇب تەرىپىنىڭ ئىشلىرى بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پىشامشان،

(داۋامى 50 — بەتتە)

# تۈرك قاغانى ئىستەمى توغرىسىدا

چىمەن نەجمىدىن

تۈركلەر ئېلىمىز تارىخىدىكى قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئاشىنا ئۇرۇقىدىن تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ، مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان توپ-توغرا 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تەسىر كۈچىنى موڭغۇل چۆللىكى بىلەن غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتكەنىدى.

تۈرك خانلىقى كېيىن شەرق ۋە غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي تۈركلەر تارىخىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى توغرىسىدا تارىخ ساھەسىدىكىلەرنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس، ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، روسىيىلىك بارتولد: «تۈرك خانلىقىنى بىر ئادەم ئىدارە قىلمىغان. غەرب تەرەپكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاغان باشتىلا پۈتۈنلەي ئەركىن ئىدى»① دېيدۇ.

ئىككىنچى، فرانسىيىلىك تارىخشۇناس چاۋاننېس: «ئىستەمى غەربىي تۈركلەرنىڭ قۇرغۇچىسى بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي تۈركلەر (يەنى شەرقىي تۈركلەر) بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ئىستەمىنىڭ ئوغلى تاردۇ قاغاننىڭ ۋاقتىدا مۇقىملاشقان. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي بۆلۈنۈش 582-يىلى تاماملانغانىدى»② دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدىكى ۋاڭ خۇيمىن، ياپونىيىلىك شەرقشۇناس مورى ماساۋ قاتارلىقلار بولسا: «تۈرك خانلىقى تۇمەن قوۋمى ۋە ئىستەمى قوۋمى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان ئەمەس، بەلكى تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان. غەربىي تۈركلەر تارىخىنىڭ باشلىنىشى 582-يىلىدىكى تۈركلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىن باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئۈچىنچى ئەۋلاد غەرب تەرەپ قاغانى ئاپا قاغاندۇر»③ دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاساسلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە، ئىستەمىنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ياكى قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ۋاڭ خۇيمىن تۈرك خانلىقىنى تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان دەپ قاراپ، ئاپا قاغاننى غەربىي تۈركلەرنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز كۆڭلىدە يەنە، ئىستەمىنىڭ تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچىدىكى غەربىي قىسىم قاغانى دەپ قارىدى. مەن ئىستەمى قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ قۇرغۇچىسى ياكى قاغانى، غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتى ئىستەمى مىلادى 582-يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان ۋاقىتتىن باشلاپ، تاكى مىلادى 742-يىلى ئون ئوق قاغانى ئاشىنا قۇئاتىنىڭ دەۋرىگىچە جەمئىي 180 يىل داۋام قىلغان دەپ قارايمەن.

ئىستەمى (مىلادى 562-576-يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاشىنا تۇمەن (ئىل قاغان) نىڭ ئىنىسى ئىدى. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى نارىلەكشادنىڭ نەۋرىسى تۈرك ئىدى. تۈركنىڭ نامى ئۇلۇغ بولۇپ،

چوڭ ئوغلى تۇمەن ئېل قاغان، ئىككىنچى ئوغلى ئىستەمى بولۇپ، ئۇ ئىستىمى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئىستەمىنىڭ ئوغلى تاردو قاغان بۆرى قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. زېمىن دائىرىسى شەرقتە تۈرك ئېلىگە، غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا سۇلىغىچە، شىمالدا دەشت ماكان (ھازىرقى مۇڭغۇلىيىدىكى چوڭ قۇملۇق) غىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»④ دېيىلگەن.

تارىخنامىلەردە، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان ئىستەمىنىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە مانا مۇشۇنچىلىكلا مەلۇمات بېرىلگەن، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى تاردو قاغان تەختتە ئولتۇرغان دەۋر (يەنى مىلادى 562 - 582 - يىللار) دە، غەربىي تۈركلەر سىياسىي ، ئىقتىسادىي ھەربىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى. ئىستەمى قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ زورىيىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان تۈرك قاغانىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن «كۈلتېكىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا تۈركلەرنىڭ ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى ئەجدادلىرى توغرىسىدا توختىلىپ «ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا - بوۋام بۇمىن قاغان، ئىستەمى قاغان ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ» دەپ تەرىپلەنگەنىدى. دېمەك، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىمۇ، ئىستەمى قاغان تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانى تۇمەن (بۇمىن) قاغان قاتارىدا مەدھىيىلەنگەن.

ئىستەمى قاغانىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى تۆھپىلىرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە مەركەزلىك گەۋدىلىنىدۇ:

1 - سىياسىي جەھەتتە:

تۈرك قەبىلىسى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، كۈچىيىشكە باشلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر بىلەن غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇپ، كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ چىققانىدى. ئەمما تۇمەن قاغانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي قىسىم زېمىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئىستەمىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا بېرىلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستەمى قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان غەربىي تۈركلەر ئەينى ۋاقىتتا، تۈرك خانلىقىنىڭ بىر بۆلۈكى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغانىدى.

ئىستەمى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ چوڭ قاغانغا ۋاكالىتەن ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان. يەنە غەربىي تۈركلەرنى كۈچ جەھەتتىمۇ شەرقىي تۈركلەر بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان سىياسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. ھەتتا بەزى جەھەتلەردە، ئۇلار شەرقىي تۈركلەردىن ئېشىپ چۈشكەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئىستەمى قاغان شەرقىي تۈركلەرنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇش، غەربىي تۈرك خانلىقىنى قۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىغانىدى. بىراق ئىستەمى قاغان تۈرك خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقمىدى. بۇنداق روھ ئۇنىڭ ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ تۈركلەرنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئىستەمى قاغانىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قابىلىيىتى يۇقىرىقى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى يات مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە زۇلۇمىغا قارشى كۈرەشلەردىمۇ نامايان قىلىنغانىدى. ئۇ يەنە ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ئېفتالىتلارغا قارشى تۇرۇش، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە، شەرق بىلەن غەرب قاتنىشىدىكى «يىپەك يولى» نى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يىراقنى كۆرەرلىكىنى ئىپادىلىگەن.

**2. ھەربىي جەھەتتە:**

ئىستەمى باشقا تۈرك قاغانلىرىغا قارىغاندا ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر، تەجرىبىگە باي، پاراسەتلىك بولغانلىقى سەۋەبلىك مەڭگۈ تاشتىمۇ ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغانىدى.

مىلادى 563 ـ 567 ـ يىللار ئارىلىقىدا تۈركلەر ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ئېفتالىتلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، «ئېفتالىتلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشىۋالغانىدى. ئوكسۇس دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى) تۈركلەر بىلەن ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئېفتالىتلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشىۋالغاندىن كېيىنكى پاسىلى ئىدى. ھالبۇكى ئوكسۇس دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈر قاپقا بولسا، تۈركلەرنىڭ ئەڭ غەربىي نۇقتىسىدىكى قورولى ئىدى». ⑤ كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلاردا، مەسىلەن: «سۈينامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «قانۇنلار قامۇسى » قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئېفتالىتلارنى مەغلۇب قىلغانلىق تۆھپىسىنى مۇقان قاغانغا مەنسۇپ قىلىپ قويۇلغانىدى. لېكىن تەبەرى ئۆزىنىڭ « يىلنامە »سىدا، ئېفتالىتلارنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرگەن تۈرك قاغانىنى Sindjibu دەپ، شەرقىي رىمنىڭ تارىخچىسى مېناندىر Sizibul ياكى Dizabulus دەپ كۆرسەتكەنىدى. چاۋاننېسنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىستەمى قاغانغا قارىتىلغان بولۇپ، ئېفتالىتلارنى يوقىتىش ئىشى ئىستەمى قاغان ئارقىلىق ئورۇندالغانىدى ⑥ . شۇڭا «كونا تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن «دەسلەپتە ئىستەمى تەگرىقۇتقا ۋاكالىتەن ئون چوڭ قەبىلە باشلىقىنى ئىدارە قىلغان، ئون تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى. غەربىي يۇرتتىكى غوزلارنىڭ دۆلەتلىرىنى دائىم تىنجىتىپ تۇرغان» دېگىنىمۇ، ئۇنىڭ ئېفتالىتلارنى يوقاتقانلىق تۆھپىسى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى كېرەك.

ئىستەمىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى قابىلىيىتى يالغۇز مۇشۇ جەھەتتىلا گەۋدىلىنىپ قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ «يىپەك يولى» نى قوغدىشىدىمۇ گەۋدىلەنگەنىدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، «يىپەك يولى» نى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى كونترول قىلىۋالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئېلىپ كېلىنگەن خام يىپەك ساسانىيلار سۇلالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇھىم خام ئەشيا بولۇپ، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ تاشقى سودىسىدىكى مۇھىم تاۋارمال ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى يۇقىرى باھادا ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) گە ساتاتتى، ساسانىيلار سۇلالىسى يەنە جۇڭگونىڭ خام يىپىكىنى خام ئەشيا قىلىپ، ئۇنىڭدىن پېرسىيە يىپەكلىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى. مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك ماللارمۇ ساسانىيلار سۇلالىسىگە غايەت زور پايدا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋال تەبىئىيكى، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈرك خانلىقىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتتى. شۇڭا تۈركلەرمۇ ۋىزانتىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ساسانىيلار سۇلالىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ياكى چەكلەش رولىنى ئۆتەشكە باشلىدى. چۈنكى تۈركلەر يىپەك يولىنىڭ لىنىيىلىرىدە ئۆتەڭلەرنى قۇرۇپ، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايدا مەنبەسىنى تارتىۋالغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەينى ۋاقىتتا غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودىسىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان سوغدى سودىگەرلىرىمۇ، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئىستەمى قاغاندىن ساسانىيلار سۇلالىسىگە قارىتىلغان يىپەك سودىسىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. ئىستەمىمۇ ۋەزىيەتكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دەرھال شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ئەلچى ئارقىلىق خەت ماڭدۇرۇپ، تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ، قىزغىن قوللاپ 569 ـ يىلى زېماركۇس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئىتىبارەن ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئىستېپاق تۈزۈلدى ھەمدە تۈركلەر ۋە شەرقىي رىم ئىستېپاقى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئون يىللىق ئۇرۇش پارتلىدى. غەربلىكلەر تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانىنى ئەمەس، بەلكى ئىستەمىنى بىلىشكە باشلىدى. «يۇنان تارىخىنىڭ فراگمېنتلىرى»دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي رىملىقلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەردە «Singibou قاغانىنىڭ تۈركلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ دۆلەتمەن، ئەڭ ھوقۇقدار، ئەلكىدىكى قوشۇنى ھەممىدىن كۆپ»⑦ لىكى ئېيتىلغانىدى. ئەلۋەتتە ئىستەمى قاغاننىڭ بۇ ئىش-ئىزلىرى سۇبيېكتىپ جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۇنىڭ يىپەك سودىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە «يىپەك يولى»نى قوغداشتا پائال رول ئوينىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە ئىجابىي باھا بېرىش كېرەك ئەلۋەتتە.

3. ئىگىلىك جەھەتتە:

ئىستەمى قاغاننىڭ غەربىي يۇرتتا ئېلىپ بارغان بىر قاتار ھەربىي ھەرىكەتلىرى، شەكسىزكى بۇ دەۋردىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ئالدىنقى شەرت ھازىرلىغانىدى. نەتىجىدە غەربىي تۈركلەر مەيلى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول سانائەت، سودا، تاشقى سودا قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

ئىستەمى قاغان دەۋرىدە غەربىي تۈركلەر چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سۇلى، ئاگىنى، كۇسەن، قوچۇ قاتارلىق جايلاردا تۈركلەر خېلى بۇرۇنلا تۆمۈر تاۋلاش بىلەن داڭ چىقارغانىدى. ئىستەمى قاغان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئەلچىلىككە كەلگەن شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىسى زېماركۇس قايتىش سەپىرىدە نۇرغۇن يول يۈرۈپ، سوغدىلارنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرگەن، ئۇلار ئاتتىن چۈشۈشىگە، ئېھتىمال غەرب تەرەپتىن كەلگەن تۈركلەردىن بولسا كېرەك ئۈچ ئادەم ئۇلاردىن تۆمۈرلىرىنى سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان، تۈرك قاغانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەشەمەتچىلىكلەردىنمۇ تۈركلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: زېماكۇس قاتارلىق شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەلچىلىرى بىرىنچى كۈنى قاغان بىلەن ئۇنىڭ چېدىرىدا كۆرۈشكەندە، قاغاننىڭ تۆت چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنىدىكى كۆرۈشۈشتە قاغان چېدىرىنىڭ ئالتۇندىن زىننەتلەنگەنلىكى ۋە رەڭگارەڭ يىپەك رەختلەر بىلەن بېزەلگەنلىكىنى كۆرگەن⑧.

4 - مەدەنىيەت جەھەتتە:

غەربىي تۈركلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى، بولۇپمۇ سودا ۋە قول سانائەت جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى مەدەنىيەتكىمۇ ئىنتايىن زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەنىدى. جۇغراپىيىلىك جەھەتتىكى پايدىلىق شارائىت، غەربىي تۈركلەرنى يېڭى بىر مۇھىتقا باشلاپ كىرگەچكە، تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى كەشىپ قىلغانىدى. بۇ تۈرك تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تاۋۇش ۋە ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، خۇددى ۋاڭ جىلەي ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

بۇ مەزگىلدە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىچىدىكى «يىپەك يولى» گۈللەنگەن. بۇنى تۈرك خانلىقى دائىرىسىدىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يوللىرى تېپىلغانلىقى ئىسپاتلايدۇ. غەربىي تۈركلەر مانى، نىستورىيان، ئاتەشپەرەسلىك دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغانىدى.

(داۋامى 100 - بەتتە)

# يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

ۋېي لياڭتاۋ

## 1. بېشىدىن ھەممە خەۋپ-خەتەرنى ئۆتكۈزمەك

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيە 892-يىلى (مىلادى 1487-يىلى) تۇرپاندا تۇغۇلغان. ھىجرىيە 907-يىلى (مىلادى 1501—1502-يىلى) ئۇ 14 ياش ۋاقتىدا، دادىسى بىلەن بىللە تاشكەنتكە بېرىپ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ ئۆزبېك خانى شەيبانىخانغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇب بولۇپ قاچقاندا، سۇلتان (ئەسەردە «شاھزادە» مەنىسىدە كەلگەن) سەئىدخاننىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ ئۇستىخىنى سۇنۇپ كەتكەنلىكتىن، قاچالماي جەڭ مەيدانىدا تاشلىنىپ قالىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يارىسى بىر ئاز ياخشىلىنىدۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى ئەلخىسىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئەلخىسى ھاكىمى شەيخ بايەزىد شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا ئاسىيلىق قىلىپ سەئىدخاننى تۈرمىگە تاشلايدۇ.

بىر يىلدىن كېيىن، شەيبانىخان پەرغانىگە يەنە بىر قېتىم قوشۇن باشلاپ كىرىپ، ئەلخىسى شەھىرىنى ئىگىلەپ، سۇلتان سەئىدخاننى تۈرمىدىن چىقىرىدۇ. شەيبانىخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇ بەختسىزلىكلىرىگە ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆز ئادەملىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىدۇ، كېيىن يەنە ئۇنى ھېسار بىلەن قۇندۇزغا جەڭگە ئېلىپ بارىدۇ، جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىدۇ. ئارقىدىنلا شەيبانىخان يەنە خارەزمگە ھۇجۇم قىلىدۇ؛ سەئىدخان شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنتتىن كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 16 ئادەم بىلەن قېچىپ چىقىپ، سايرامدىن ئۆتۈپ، تاغىسى مەھمۇدخان تۇرۇشلۇق يەتتىكەنتكە يېتىپ كېلىدۇ.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەدخاننىڭ قوشۇنلىرى شەيبانىخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، دەرتكە چىدىماي ھىجرىيە 909-يىلى (مىلادى 1503—1504-يىلى) ئاقسۇدا ۋاپات بولىدۇ. مەھمۇدخان «يارامسىز، ئەلنى ئىدارە قىلىشنى بىلمەيدىغان، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان» پادىشاھ بولۇپ موغۇلىستاننى ساقلاپ قېلىش قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى؛ شۇ چاغدا ئۇمۇ «مەدەنىي تۇرمۇش» كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يەتتىكەنتكە كەلگەنىدى. بۇ چاغدا بىر قىسىم كىشىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەھمۇدخان يەتتىكەنتكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇلتان سەئىدخانمۇ بۇ يەرگە كېلىپ، خان ئوردىسىدا ئىشلەيدۇ. سەئىدخان «زېرەك، قابىلىيەتلىك ۋە تالانتلىق ئادەم بولغاچقا، تاغىسىنىڭ لامزەللە ۋە بىپەرۋالىقىغا چىداپ تۇرالماي، تاغىسىنىڭ ئوردىسىدىن قېچىپ كېتىدۇ». سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەنلەرنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، موغۇلىستانغا بېرىپ ئىنىسى خەلىل سۇلتاندىن پاناھ تىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى شۇ ۋاقىتتا قىرغىزلار رايونىنىڭ ۋالىيسى ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستاندىكى قىرغىزلار ئارىسىدا ئىنىسى بىلەن تۆت يىل تۇرۇپ، قىرغىزلار تەرىپىدىن

سەردار قىلىپ تىكلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا، تاغىسى مەھمۇدخان بىلەن چوڭ ئاكىسى مەنسۇرخان ئۇلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ھىجرىيە 914-يىلى (مىلادى 1508-يىلى) مەھمۇدخان سەئىدخان بىلەن خەلىلخاننىڭ ھۇجۇمىدىن مەغلۇپ بولۇپ، شەيبانىخاندىن پاناھ تىلەپ بېرىپ، خوجەنت (ھازىرقى تاجىكىستاندىكى لېنىنئاباد)نىڭ قېشىدىكى سىر دەرياسىغا غەرق قىلىنىدۇ. شۇ يىلى مەنسۇرخان تۇرپاندىن قوشۇن تارتىپ سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان خەلىلخانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. بۇ ئىككى سۇلتان بارلىق قىرغىز ۋە موغۇل ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، ئالمۇتانىڭ كەڭ دالىسىدا مەنسۇرخان بىلەن بىر قېتىم شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان خەلىلخان ئۇززۇل-كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ، مەنسۇرخان قىرغىزلارنى چالىش (ھازىرقى قاراشەھەر)قا يۆتكەپ كېتىدۇ. سۇلتان خەلىلخان موغۇلىستاننىڭ ئىستىقبالىغا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، تاغىسى مەھمۇدخانغا ئوخشاش شەيبانىخاننىڭ يېنىغا پاناھ تىلەپ بارىدۇ. بىراق ئۇ ئالدىغا كەلگەندە پەرغانە رايونىنىڭ ھاكىمى، شەيبانىخاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى سۇلتان جانىبەگ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان ئەللىكتەك ئادىمى بىلەن مەيداندىن قېچىپ، دۇلانغا (ئالمۇتانىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 15 كۈنلۈك يىراقلىقتا) كېلىدۇ. بۇ قالدۇق ئەسكەرلەرنىڭ يۈرىكى ئىستا-ئىستا ئىزىغا چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئۇرۇق دېگەن جايدا بىر تۇركۈم بارىن قەبىلىلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. سۇلتان سەئىدخان خوجا ئېلى باتۇر ئىسىملىك كىشى بىلەن بىللە بېرىپ، بارىن قەبىلىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. بىراق بارىن قەبىلىسى كىشىلىرى بۇ سۇلتاننى ھەيدىۋېتىدۇ ھەمدە خوجا ئېلى باتۇرنى ئېلىپ قالىدۇ. سۇلتان سەئىدخان كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى 50 نەچچە ئادىمى بۆلۈنۈپ، تەرەپ-تەرەپكە كېتىپ قالغانىدى. سۇلتان سەئىدخان يالغۇز قالىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ: «مەن ....بىرپەس ئۇيقۇغا پاتقاندىن كېيىن، ئالغىرى ئېتىمنى مىنگەش قىيىن بولغان نارىن دەرياسى بويىدىكى دالىدا قالدۇرۇپ، مۆكۈپ يېتىپ ئارقار ئېتىپ؛ گۆشىنى ئوزۇق، تېرىسىنى كىيىم قىلىش قارارىغا كەلدىم، بۇنداق قىلغاندا، بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى بايقىغىلى بولاتتى» شۇ ۋاقىتتىكى موغۇللارنىڭ ئادىتىدە، ئەڭ باتۇر ياشلار ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى يالغۇز بىر-ئىككى ئاي قومۇلۇقتا ياكى ئېگىز تاغدا، ياكى ئورمانلىقتا يۈرۈپ، ئوۋغا تايىنىپ ئۇزۇن مەزگىل ياشىسا، ئاندىن ھەقىقىي ئەر ھېسابلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايتتى. شۇ چاغدا 18-19 ياشلارغا كىرگەن سۇلتان سەئىدخان تەبىئىي ھالدا بۇ يولنى خىيالىغا كەلتۈردى. بىراق ئىككىنچى كۈنى خوجا ئېلى باتۇر بارىن قەبىلىسىدىن قېچىپ چىقىپ سەئىدخاننىڭ يېنىغا باردى، ئەتىسى يەنە بىر قىسىم چېچىلىپ كەتكەن ئادەملىرى يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئۇلارنى باشلاپ، پارچىلىنىپ ھەرياقلارغا كەتكەن ئادەملىرىنى ئىزلەيدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايالى ۋە بىر قىسىم چېچىلىپ كەتكەن ئادەملىرىنى تاپىدۇ. سەئىدخان «يەنە غېرىبلىق ھېس قىلمايدىغان بولدۇ» ، «كۆپچىلىك جەم بولدۇ» ، «ھەممىسى ئائىلىتى خۇشال ئۆتتۇشىدۇ» . بىراق بىر كۈنى كېچىدە، ئۇلار يەنە يەكەن ھۆكۈمرانى مىرزا ئابابەكرى موغۇلىستاننى تالان-تاراج قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بىر قىسىم قوشۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. كۆپ قىسمى ئەسىرگە ئېلىنىپ، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا، يەنى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئايالى ھەمدە بىرنەچچە مۇلازىملىرىلا قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يەنە ئورمانلىققا كىرىپ ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلاردا زۆرۈر بولغان قوراللار يوق، بولۇپمۇ ئوقيا يوق ئىدى؛ قورال بولمىسا دەشت قىپچاق (موغۇللارنىڭ پاناھ جايى) قا بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئەگەر قەشقەرگە بارسا، ئۆزىنى مىرزائابابەكرىگە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىلەن ئوخشاش ئىدى. ماڭىدىغانغا يول تاپالماي ئامالسىزلىقتىن، سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

پەرغانە رايونىنىڭ ھاكىمى سۇلتان جانىبەگ ئەنجاننى خوجائېلى باتۇر (بۇ باشقا خوجائېلى باتۇر، شەيبانىخاننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى) غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى ئالدىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. سۇلتان سەئىدخان ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، خوجائېلى باتۇر ئۇنى سولاپ، سۇلتان جانىبەگكە تېزلىك بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا سۇلتان جانىبەگ ئاتتىن يىقىلىپ، باش قىسمى يارىلىنىپ، نېرۋىسى ئېلىشىپ قالغانلىقىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغانىدى، خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خوجائېلى باتۇرغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سەئىدخاننى «شەپقەت قىلىپ، قولايلىق يول بىلەن

ئۈزۈتۈپ قويۇڭلار، خالىغان يېرىگە كەتسۇن» دېدى. خوجائېلى باتۇر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، دەرھال سۇلتان سەئىدخانغا زىيارەت بېرىپ، ئۇنى تېزدىن يولغا چىقىشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە سۇلتان جانىبەگ پات ئارىدا پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن دېدى. راست دېگەندەك، سۇلتان سەئىدخان زىيارەتتىن قايتقىچە، سۇلتان جانىبەگنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى. بىراق خوجائېلى باتۇر يەنىلا سۇلتان سەئىدخاننى قويۇپ بەردى ھەمدە بىرنەچچە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى قوشۇپ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

سۇلتان سەئىدخان يولغا چىقىپ ئۆلىما، سودىگەر ۋە قەلەندەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ، ھىندىكۇش تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 1508-يىلىنىڭ ئاخىرى كابۇلغا يېتىپ بېرىپ، بابۇر پادىشاھنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. بابۇر بارلاس قەبىلىسىدىكى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خېنىم يۇنۇسخاننىڭ قىزى. سەئىدخان بىلەن بابۇر بىر نەۋرە قېرىنداشلاردىن بولۇپ، مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. ئۇ بۇ يەردە قەدىرلىنىپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق تىنچ ۋە خۇشال-خۇرام ئۆتتى.

1510-يىلى قىشتا، ئۆزبېك خانى شەيبانىخان مەرۋىدە ئىران سافاۋىي خانلىقىنىڭ شاھى ئىسمايىل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىنچى يىلى باھاردا بارلىق ئۆزبېك سۇلتانلىرى سەمەرقەنتكە يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى، سۇلتان جانىبەگ دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئەمىر سەئىد مۇھەممەدنى بىرگە ئېلىپ پەرغانىدىن كېڭەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن باردى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ بۇ ئەمىرى بىر چاغلاردا مەھمۇدخاننىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ، ئوردىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. «تارىخىي رەشىدى» ئاپتورىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ «ئەسكى» تەرەپدىن قەستلىنىپ، تۇتۇلۇپ ئەنجاندىكى ئۆزبېكلەرگە ئاپىرىپ بېرىلگەن. سۇلتان جانىبەگ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيلا قالماي، بەلكى ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا «ئىززەتلەپ كۈتىۋالغان». بۇ كېڭەشتە، ماۋەرائۇننەھر رايونىدا قالغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بارلىق موڭغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈش قارار قىلىندى. سۇلتان جانىبەگ بۇ قېتىمقى قارارغا قوشۇلماي، سەئىد مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق موڭغۇللارنى قويۇۋەتتى. سەئىدمۇھەممەد سۇلتان جانىبەگنىڭ پۇشايمان قىلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال قېچىپ كەتتى. راست دېگەندەك، سۇلتان جانىبەگ پۇشايمان قىلىپ، قوغلاپ تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتتى، بىراق سەئىدمۇھەممەد ئاللىقاچان ئەنجانغا بېرىپ بولغانىدى. ئۇ شۇ يەردىكى موڭغۇللار ۋە ئائىلىلەرنى توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بارلىق ئۆزبېكلەرنى پەرغانە رايونىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاندىن بابۇر شاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى ھەمدە ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ خەۋەر قۇندۇزغا يېتىپ بارغىچە، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم موڭغۇل ئەمىرلىرى سۇلتان سەئىدخاننى بابۇر شاھنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. بىراق سۇلتان قوشۇلمىدى. ئۇ ئەمۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئويلاپ، ئوردىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ: «ئەگەر جانابىي ئالىيلىرى مېنى بىر يەرگە ئەۋەتسە، ئىلگىرىكى مېھىر-مۇھەببەتلەر داۋاملىق مۇستەھكەملىنىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىمىز دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بابۇرشاھ سەئىدمۇھەممەد ياردەم تەلەپ قىلىپ يازغان خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ سۇلتان سەئىدخاننى ئەنجانغا ئەۋەتتى، «بېرىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسى باردى». يەنى سۇلتان سەئىدخاننى ھىمايە قىلىدىغان موڭغۇل ئەمىرلىرى بىللە يولغا چىقتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بارلاس قەبىلىسىدىن مىر (پارسچە سۆز، «يولباشچى»، «سەردار» دېگەن مەنىدە) قۇلى، دوخوئىت قەبىلىسىدىن مىرادان ئېلى ھەمدە ئىنىسى ئەھمەد ئېلى، دوغلات قەبىلىسىدىن شاھ مىرزا («تۆرە»، «كېنەز» دېگەن مەنىدە)، مىرزا ئەلى، قوڭغىرات قەبىلىسىدىن ئەمىر قۇلنەزەر مىرزا قاتارلىقلار بار ئىدى.

## 2. پەرغانىنى ئىشغال قىلىش

1511-يىلى سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا يېتىپ بارغاندا، سەئىد مۇھەممەد مىرزا ۋە شۇ يەرلىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىغا چىقىپ سۇلتاننىڭ ئۆزەڭگىسىنى سۆيۈپ، بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. سەئىدمۇھەممەد ئەمدىلا ئۆزىگە بويسۇندۇرغان بارلىق زېمىنلارنى سۇلتان سەئىدخانغا تاپشۇردى. سۇلتان سەئىدخانمۇ ئۇنى «نىھايىتى ھۆرمەت قىلىپ» موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە ئۇنىڭغا ئۇلۇسبېگى دېگەن ئەمەلنى ئىنئام قىلدى. سەمەرقەنتتىكى ئۆزبېك سۇلتانلىرى سەئىدخاننىڭ ئەنجانغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى تېزلا تاپشۇرۇۋالدى، جانىبەگ سۇلتان

كۆچۈمخان ۋە سۈيۈنچلىك سۇلتانلار قوشۇن باشلاپ پەرغانە رايونىدىن يولغا چىقىدۇ. سۇلتان سەئىدخان ئۇلارنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال سۇلتان ئىبلى مىرزا ۋە توبۇل نۇيلغ مىرزىلارنى كاسان قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىشقا ئەۋەتىدۇ، بۇ ئۆزبېك سۇلتانلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال ھۇجۇم قىلماقچى بولغان جاي ئىدى. ئۇلارنىڭ قورشاپ يوقۇتۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، سەئىدخان يەنە بارلىق ھەربىي كۈچىنى كاسان تاغلىرىغا ئەۋەتىدۇ، ئىككى ياندىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى پاراكەندە بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلالماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋال كاسان قەلئەسىدىكى قوشۇنلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. دەل سۇلتان سەئىدخان بارلىق ھەربىي سەركەردىلىرىنى كاسان قەلئەسىگە ياردەمگە ئەۋەتىۋەتكەن ۋاقىتتا، پەرغانە رايونىدىن ماتۇ ۋە ئوش شەھەرلىرىنى ئىگىلىگەن بولغان مىرزا ئابابەكرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇن باشلاپ، ئەنجانغا يېقىن جايغا بارگاھ قۇرۇپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قورال-ياراق تەييارلايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ ھەر قايسى قوشۇنلىرى كاسان قەلئەسىگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ، مۇھاسىرىنى يېمىرىپ تاشلايدۇ، تاغلىق رايوندىكى قوشۇنلار يىغىلىپ، بىرلىكتە ئەنجانغا چېكىنىدۇ. بۇ چاغدا مىرزا ئابابەكرى قورال-ياراقلارنى تەييارلاپ، ئەتىسى شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. بىراق ئەتىسى تاڭ سەھەردە، سۇلتان سەئىدخان قېپقالغان قوشۇنلارنى چېكىندۈرۈپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ، شەھەردىن ئىككى پەرسەخ يىراقلىقتىكى تۇتلۇق دېگەن جايدا سەپ تۈزۈپ، كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىدۇ. مىرزا ئابابەكرى ئىلاجسىزلىقتىن ھەربىي كۈچىنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاقتىنچە بىرلەشمە جەڭگە ئۆزگەرتىدۇ. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنلىرى روھى ئۇرغۇپ، بار كۈچى بىلەن يۈسۈپ كىرىپ، 1500 ئادەم مىرزا ئابابەكرىنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، 3000 ئادىمىنى ئەسىرگە ئالىدۇ. شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە، بۇ ئەسىرلەرنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈشكە بولاتتى، ئۇلار كاللىسىنىڭ ئېلىنىشىنى كۈتۈپ ئەنجاننىڭ باغچىسىدا ئولتۇراتتى. سەئىدمۇھەممەد مىرزا سۇلتان سەئىدخانغا بۇ ئەسىرلەرنى جازادىن كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ، ئۇ: «بۇ قېتىمقى غەلىبىمىز ئۈچۈن، ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇشىمىز ۋە تەشەككۈر ئېيتىشىمىز لازىم. چۈنكى بۇ پۈتۈن قەشقەر خانلىقىنى ئېلىشنىڭ ئالچىقى. بىز قەشقەرنىمۇ ئاسانلا قولىمىزغا كېلىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ئەسىرلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئۆچ ئېلىشىمىزغا شەرىئەت رۇخسەت قىلسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرلىك، ئەگەر ئاتىلىرى بۇ يەردە ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلمىسا، قەشقەردە بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ-ئاخىرى سىلىنى پۇشايمانغا قويىدۇ. ئەگەر ئاتىلىرى بۇ ھايات قالغان ئادەملەرنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇرۇش غەنىمىتى ئورنىدا ماڭا بەرسىلە، ئاتىلىرى ئۇدۇنيا-بۇدۇنيا ئۇنىڭ ساۋابىنى كۆرىلا» دەيدۇ. سۇلتان سەئىدخان بۇ دوغلات ئەبىلىسىدىن بولغان ئەمىرنىڭ يىراقنى كۆرۈپ قىلغان پىكرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ، سۇلتان سەئىدخاننى قەشقەرگە قوشۇن تارتىش ئۈچۈن مۇھىم ئادەم كۈچى مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يەنە خەلقنىڭ رايىغا ئىگە قىلدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەننى يېڭىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلغانلىقى ئۆزبېكلەرنى قاتتىق چۆچۈتىدۇ. بۇ چاغدا يەنە بابۇرشاھنىڭ سەمەرقەنتنى ئىگىلىگەنلىك خەۋىرى كېلىدۇ، ئۆزبېك سۇلتانلىرى پەرغانە رايونىدىن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، تاشكەنتكە يىغىلماقچى بولىدۇ.

1512-يىلى باھاردا ئۆزبېك خانى سۇلتان ئۇبەيدۇللا بۇخارا ئەتراپىدا بابۇرشاھنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شاھ سەمەرقەنتكە قايتىپ، قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بالا-چاقىسىنى ئېلىپ، ھىسارغا قاچىدۇ؛ ئۆزبېكلەر ماۋرائۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بابۇرشاھ ئىسمائىلخان ۋە ئەنجاندىكى سۇلتان سەئىدخاندىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. شاھ ئىسمائىل مىرنىزام باشچىلىقىدىكى 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئېلىپ بابۇرشاھ بىلەن بىللە سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. سۇلتان سەئىدخانمۇ 5000 كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ ياردەمگە بارىدۇ، بىراق تاشكەنتكە يېقىن كەلگەندە سۈيۈنچخاننىڭ 7000 ئاتلىق ئادىمىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن، سۇلتان سەئىدخان يېڭىلىپ، ئەنجانغا قېچىپ بارىدۇ. ئارقىدىنلا بابۇرشاھ ۋە مىر نىزامنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرىنى ئۆزبېكلەر ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر كېلىدۇ، سۈيۈنچخان ئەنجانغا قوشۇن تارتماقچى

بولدۇ. سۇلتان سەئىدخان بۇ قېتىم ۋەزىيەتتە، ئەمىرلىرى بىلەن قايتا-قايتا مۇزاكىرىلىشىپ، ئەنجاننى سەئىد مۇھەممەد دوغلاتقا؛ ئاخسىنى مىرقۇلى بارلاسقا؛ مەرغىلاننى مىرايىم ئېلى دوخوئىتكە تاپشۇرۇپ، سۇلتان سەئىدخان بالا-چاقىسى ۋە قېپقالغان قوشۇننى ئەنجاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا چېكىندۇرۇپ، ئۆزبېك قوشۇنلىرىنى چۈشەپ ھەر قايسى شەھەرلەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. سۈيۈنچخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، قوشۇن تارتىشنى توختىتىدۇ، كېيىن، سۇلتان سەئىدخان قوشۇن باشلاپ يەنە تاشكەنتنىڭ مۇھىم جايى ھېسابلانغان ئالماڭگىرات دېگەن جايغا ھۇجۇم قىلىدۇ. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئۆزى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتكە قاتناشقان، سەئىدخان سېپىلنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مىسلىسىز قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى تارمار قىلغان. ئۇلارنىڭ قوشۇنى مول غەنىمەت بىلەن قايتقانىكەن. ئېنىقكى، بۇ بىر قېتىملىق مال-مۈلۈكلەرنى تالان-تاراج قىلىش ھەربىي ھەرىكىتى ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قازاقلار خانى قاسىمخاننىڭ تاشكەنتتە سۈيۈنچخانغا ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. سەئىدخان شۇ ھامان قوشۇن باشلاپ تاشكەنتكە ئاتلىنىدۇ، بىراق يول ئۈستىدە يەنە قاسىمخاننىڭ تاشكەنت شەھەر ئەتراپىنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سۇلتان سەئىدخان ئاخسىغا قايتىپ كېلىپ، پەرغانە رايونىنىڭ مۇداپىئەسىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، قاسىمخاننى تاشكەنتكە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدۇرماقچى بولۇپ، بىر قىسىم ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قاسىمخاننىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاسىمخان «300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن» غا ئىگە ئىدى. سۇلتان سەئىدخان قاسىمخان تۇرۇشلۇق چۇ دەرياسى رايونىدىكى جۇرغا بارغاندا، ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ، قاسىمخان ئۆزى ئېيتقاندەك «قىممىتى بارلىق چارۋىلاردىن يۇقىرى» بولغان ئىككى ئاتنىڭ بىرىنى سۇلتان سەئىدخانغا تارتۇق قىلىدۇ، توختىماي سەيلە-تاماشا قىلىپ، «قانغۇچە قىمىز ئىچىدۇ» . ياز كېتىپ كۈز كەلگەن كۈنلەردە، قاسىمخان قازاق قەبىلىلىرىگە قىشلاققا كۆچۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇ، بۇ پەيىتتە ئۆزبېكلەرگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتى قىيىن، «قوشۇن تارتىشنى ئويلىشىشلىق كېرەك» دېيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا، سالام بېرىپ سۇلتان سەئىدخان بىلەن خوشلىشىدۇ. سەئىدخانمۇ ئەنجانغا قايتىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ھىجرىيە 919-يىلى (مىلادى 1513-يىلى) بولغان ئىش، بۇ ئۇچرىشىش ئارقىلىق بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ئۆزبېكلەرنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ يەكەن خانلىقى بىلەن قازاق خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، سۇلتان سەئىدخاندا «مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز» تەسىر قالدۇرىدۇ.

## 2. قەشقەرنىڭ ئېلىنىشى ھەمدە يەكەن خانلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى

### 1) ستراتېگىيىنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەر رايونىغا ئەسكەر تارتىش

ئۆزبېك سۇلتانلىرى شاھ ئىسمايىل بىلەن بابۇر شاھنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ماۋرائۇننەھر رايونىنى كونترول قىلىۋالدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، سىرتقا كېڭىيىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، جىددىي مۇداپىئە ھالىتىدە تۇردى. لېكىن ھىجرىيە 920-يىلى (1514-يىل) باش ئەتىيازدا، ئۆزبېك سۇلتانلىرى سۈيۈنچخاننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا يەنە پەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان سەئىدخان ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئەمىرلەر بىلەن يىغىن ئېچىپ تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلەشتى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد مۇھەممەد مىرزا: «ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ كۈچى زور، چاغاتاي دۆلىتىنىڭ سۇلتانلىرى بولسا، ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇرۇش قىلمىغان، ئەگەر سۇلتان سەئىدخان ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا، بۇ تەۋەككۈلچىلىك ھەم «بىمەنە ئىش بولۇپ قالىدۇ» «ئەگەر ئىشنى پۇختا قىلالايلى دېسەك، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئاتلىرىنىڭ چاڭ-توزاڭلىرى چېكىنمىزگە

كىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇرۇش كىشەنلىرىنى تاشلاپ، بالدۇرراق چېقىشمىز ئەۋزەل» دېدى. ئۇلار ئەككى يەرگە بېرىشى مۇمكىن، بىرى موگغۇلستان بولۇپ، ئۇ گەرچە ئۇلارنىڭ يۇرتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەر ھازىر مەنسۇرخاننىڭ زېمىنى، سۇلتان سەئىدخان ئەنە شۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان؛ يەنە بىرى قەشقەر بولۇپ، ئۇ دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى مىرزا ئابابەكرى. سەئىدمۇھەممەد قەشقەرگە بېرىش كېرەك دەپ قارىدى. چۈنكى ئابابەكرى ئىلگىرى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغان. گەرچە ئۇ «ئۆلۈم ئالدىدا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن بولسىمۇ»، لېكىن ئۇ قانداقلا بولسۇن ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىن كۆپ ئاسان. ئابابەكرى بولسا 60 تىن ئاشقان ئادەم، 40 نەچچە يىل خەلققە زۇلۇم سېلىپ، خەلقنىڭ غەزىپىگە قالدى، «گۇمران بولىدىغان كۈنى يېتىپ كەلدى». ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر پايدىلىق شەرت بار ئىدى. ئۇ «مىرزا ئابابەكرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاكامنىڭ يېنىدىكى بالا ۋاقتىمىدىكى دوستلىرىم، ئۇلار سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇۋاتقىنىمنى كۆرسىلا، بەلكىم مېنىڭ يېنىمغا كېلىشى مۇمكىن». سەئىدمۇھەممەد قەشقەر رايونىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى ئوبدان بىلەتتى. قەشقەرنىڭ شىمالى، غەربىي ۋە جەنۇبىي تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەپلىك، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز، زېمىنى كەڭ، دېھقانچىلىقىمۇ، چارۋىچىلىقىمۇ ئەپلىك، قولغا چۈشۈرۈۋالساق، خاننىڭ تەختىگە ئاساس بولۇپ قالاتتى. ئۇ سۇلتان سەئىدخانغا: «مىرزا ئابابەكرى گۇمران بولسا، سىلىنىڭ ئىستىقباللىرى پارلاق بولىدۇ» دېدى. سۇلتان سەئىدخان سەئىدمۇھەممەدنىڭ تەكلىپىگە تامامەن قوشۇلدى، بارلىق ئەمىرلەرمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى.

كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بىردەك بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخان ۋە قول ئاستىدىكىلەر ھىجرىيە 920-يىلى 3-ئاي (1514-يىل 4-5-ئاي)دا سۈيۈنچخاننىڭ قوشۇنلىرى پەرغانە چېگرىسىغا كىرىشتىن ئىلگىرى يولغا چىقىپ، موگغۇلستان ئارقىلىق قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

ئابابەكرى ئەنجاندا مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھېسسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. ئۇ قەشقەر كونا شەھەر ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۆي-جايلارنى ۋەيران قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئاھالىلەرنى يەكەنگە كۆچۈردى ھەمدە بىر قىسىم ئاھالىلەر رايونىنى تېرىلغۇ يەر قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنىنىڭ قەشقەر رايونىغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال تۈمەن دەرياسى بويىغا كۆلىمى تەخمىنەن 50 زارىپ، ئېگىزلىكى 20 ماداجلىس، سېپىلىدا تۆت ئاتلىق تەڭ ماڭالايدىغان بىر قەلئە ياسىتىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ قەلئە ئەينى ۋاقىتتا خېلى مۇستەھكەم قەلئە ھېسابلىناتتى. ئابابەكرى بۇ يەردە مىڭ كىشىلىك ئەسكەر توپلىدى، نەچچە يىل يېتەكۈدەك ئاشلىق تەييارلىدى. ئەمىر يۈسۈپنى ئىشلارغا مۇئەككەل قىلدى. ئاندىن كېيىن يېڭىسارىدا مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن مەركەز يەكەنگە قايتتى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنلىرى ئاتبېشىغا يېتىپ باردى، بۇ قەشقەر رايونىنىڭ موگغۇلستانغا يېقىن چېگرا شەھىرى ئىدى. سۇلتان سەئىدخان قوشۇنلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئېغىر-يېنىكلىرىنى مۇشۇ يەرگە راۋۇرۇس ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلىپ، بويۇيېشى (بۈگۈنكى تورغات) ئارقىلىق 3-كۈنى ئاتۇش (بۈگۈنكى ئاتۇش بازىرىنىڭ شەرق جەنۇب تەرىپىدىكى ئۈستۈن ئاتۇش) قا يېتىپ باردى.

شۇ كۈنى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئاتۇشتىن يولغا چىقىپ، ئۈچبارخانغا يېتىپ بېرىپ، بۇ يەردىن چاقماق دەرياسىدىن ئۆتتى. ئاندىن كېيىن دەريا قىرغىقى ئۈستىدىكى جىلغا ئارقىلىق قەشقەرگە كىردى. سۇلتان سەئىدخان جىلغا ئېغىزىدا ھەر بىر قەبىلە ئەمىرلىرىنىڭ ئەسكەر سانىنى دەپتەرگە ئېنىق تىزىملاشقا بۇيرىدى. ئېنىق تىزىملانغان ئادەم سانى 4700 بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. موگغۇل قەبىلىسىنىڭ دوغلات، دوغلاتاي، بارلاس، بارىش، ئوردوبېگى، يىتارچ، قونچ، جوراس، بالىن، بېكى قاتارلىق قەبىلىدىن سىرت يەنە كاراج، خارلۇ، مەخلىت، شولكارچ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە خوراسانلىق ئۇيغۇرلار بار ئىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنى قەشقەردىن ئىككى پەرسەخ يىراقلىقتىكى سەمەندە تۈمەن دەرياسىدىن ئۆتتى.

بىر قىسىم ئەمىرلەر ئاتلىق قوشۇنى باشلاپ قەشقەر قەلئەسىگە يېقىن بېرىپ، ۋەزىيەتنى كۆزەتتى. ئۇلار دۈشمەن قوشۇنى قەلئەنى ساقلاپ ياتىدۇ، شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلمايدۇ دەپ پەرەز قىلغانىدى. لېكىن دۈشمەن قوشۇنى تۇساتتىن پەيدا بولۇپ، سەپ تۈزۈپ، نەيزىلىشىشكە تەييارلاندى. دەل شۇ ۋاقىتتا سۇلتان سەئىدخانمۇ يېتىپ كەلدى-دە، ئىككى تەرەپ قاتتىق سوقۇشتى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى قاتتىق مەغلۇب قىلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى قەلئەگە چېكىنىپ كىرىپ كەتتى. قايتا چىقىپ ئۇرۇش قىلمىدى. قەشقەر قەلئەسى مۇستەھكەم بولۇپ، ئالماق تەس ئىدى. سۇلتان سەئىدخان 3-كۈنى قوشۇننى باشلاپ يېڭىسارغا يۈرۈپ كەتتى.

يېڭىساردا تۇرۇشلۇق قوشۇن قەلئەنى چىڭ مۇداپىئە قىلدى، شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلمىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنى قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ پەشۋا يېڭىندىن كېيىن، قەلئەگە يېقىن جايدا بارگاھ قۇرۇپ، ئابابەكرىنىڭ قوشۇنىنىڭ كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشىنى كۈتتى. ئىككى ئاي ئۆتتى، لېكىن ئابابەكرىنىڭ قوشۇنىنىڭ ھېچقانداق تىۋىشى ئاڭلانمىدى. بۇ ۋاقىتتا قىرغىزلارنىڭ باشلىقى مۇھەممەد كېلىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ پېشىنى تۇتتى ۋە يالغۇز مۇئامىلە بىلەن قارشى ئېلىندى. ئۇ يەكەنگە بېرىپ ئەمۋال ئۇقۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەد قىرغىز يەكەنگە ئىككى پەرسەخ كېلىدىغان ئارسلانباغ دېگەن يەردە ئەسكەرلىرىنى بۆلەكچىلىق قىلىشقا قويۇپ بەردى ھەمدە ئابابەكرى جېنىنىڭ بېرىچە ئەسكەر توپلاۋاتىدۇ، ئات ۋە قورالالارنى دېھقان ۋە شەھەر ئاھالىسىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ. لېكىن ئىشەنچلىك بىر قوشۇنى يوقكەن دېگەن مۇھىم خەۋەرنى يەتكۈزدى.

سەئىد بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. لېكىن يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە بىر قىسىم ھەربىي ئەمەلدار قورقۇپ، قارتېكىن ۋە ھېسارغا بېرىشنى مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. بۇ ئىش ئاشكارىلانغان ۋاقىتتا، بىر قىسىم كىشىلەر ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تېخى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. سۇلتان سەئىدخان بۇ ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلدى، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرگە جازا قوللانمىدى، يەنىلا ئۇلارغا ئىشىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى، ئادەملىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن، سۇلتان سەئىدخان ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئالدى بىلەن يېڭىسارنى ئېلىش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، سۇلتان سەئىدخان ئەسكەر باشلاپ يېڭىسارغا تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈش قىلىپ، چىڭ چۈشتە سېپىل تۈۋىگە يېتىپ باردى ھەم قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى، سۇلتان سەئىدخان ئۆزى بىۋاسىتە ھۇجۇمغا ئۆتتى ھەمدە بارگاھنى يېڭىسار قەلئەسىنىڭ تۈۋىگە قۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۇرغۇدى. بەش كېچە كۈندۈز لەخمە كولاپ قەلئەنى پارتلاتتى؛ قەلئەدىكى ئەسكەرلەرمۇ جېنىنىڭ بېرىچە توسقانلىقتىن، قەلئە ئىچىگە كىرىش تەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرىنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن يەكەن تەرىپىگە بىر قىسىم ئەسكەر ئەۋەتتى. ئابابەكرىمۇ يېڭىسار تەرىپىگە بىر چارلىغۇچى قىسىم ئەۋەتتى. بۇ ئىككى قوشۇن قىزىلدا ئۇچراشتى، سەئىدخاننىڭ قوشۇنى دۈشمەن قوشۇنىنى مەغلۇب قىلدى. شۇنداقلا يېڭىسار قەلئەسىنىڭ باشلىقى ئالىمن دارۇغىچىنىڭ ئوغلى ئارغىنى ئەسىرگە ئالدى. جەڭ تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقىتتا، بۇ ئەسىر سۇلتان سەئىدخاننىڭ چېدىرىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئابابەكرىنىڭ قوشۇنى يىغىلىپ، يولدا چىقىشقا تەييار تۇرغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەسىرگە ئېلىنغان يەنە بىر كىشىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ كىشى: ئابابەكرى قوشۇنى يەكەندىن چىقىپ ئىككى پەرسەخ ماڭدى، دېدى.

بۇ ۋاقىتتا، بارلىق ئەمىرلەر بۇگۈن كەچتىلا مۇھاسىرىنى بۇزۇپ بېرىپ ئابابەكرى بىلەن ئېلىشايلى، بولمىسا، ئۇ قەشقەر، يېڭىسارىدىكى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىۋالىدۇ دېدى. لېكىن سۇلتان سەئىدخان: «مەن مۇشۇ ھالەت ئاستىدا قېلىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ كېلىشىنى ساقلايمەن، قەلئەگىمۇ، مىرزا ئابابەكرىگىمۇ تاقابىل تۇرىمەن. تاكى مەن مۇشۇ جەڭدە ئۆلگىچە قەدەر، مېنىڭ قىلىشىمنى خالىمىغانلار ئۆزى بىلگەن يولدا ماڭسا بولىدۇ» دېدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇ ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك مۇشۇ يەردە مىنا كۆمۈپ قەلئەنى پارتلاتتى. كۈچلۈك ھۇجۇم ئاستىدا، 6-كۈنى تاڭ سەھەردە قەلئە باشلىقى ئالىمن دارۇغىچ ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى

ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن تەسلىم بولۇپ شەھەرنى بېرىشكە ماقۇل بولدى. سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولدى. ئامىن دارۇغاچ قەلئەدىن چىقىپ تەسلىم بولدى، يېگىسار قەلئەسى سۇلتان سەئىدخان قەشقەر رايونىدا ئىگىلىگەن تۇنجى قەلئە بولۇپ قالدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتى يېگىسار قەلئەسىنى بويسۇندۇرۇش سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەشقەر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشىنىڭ ئاچقۇچى ئىدى دەپ قارىغان.

## 2) يەكەننىڭ پەتھ قىلىنىشى ۋە خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى

سەئىدخان يېگىسار قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، 3-كۈنى قەشقەردىكى ئەمىر ئەسكەرلەر قەلئەنى بىكار قىلىپ قېچىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ يەكەنگە يۈرۈش قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا، مىرزا ئابابەكرى يەكەن قەلئەسى سىرتىدا يېڭى ئالغان ئەسكەرلەرنى كۆرەك قىلىۋاتاتتى. ئەمما دېھقان، ھۈنەرۋەن ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسكەرلەر تەلىم-تەربىيە ئالمىغان ھەم قاتار تىزىلىشنىمۇ بىلمەيتتى، ھەتتا ئات مىنىشنىمۇ بىلمەيتتى، ئات ئۈركۈپ كەتسە، يىقىلىپ چۈشەتتى، ئوقيالىرىمۇ چېچىلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇنداق ئەسكەرلەر بىلەن ئۇتىلىش بولغىلىمۇ بولمايدۇ دەپ قارىدى. يېگىسار قەلئەسى قولدىن كەتتى. قەشقەرنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر شەھەرنى تاشلاپ قاچتى دېگەن خەۋەر كەلدى. مىرزا ئابابەكرى شەھەرگە قايتىپ كەتتى، چوڭ ئوغلى جاھانگىرنى يەكەننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى نۇرغۇن مال دۇنيالىرىنى ئېلىپ خوتەنگە قاچتى.

جاھانگىر مىرزا يەكەن تەختىدە ئىلگىرى-ئاخىر بەش كۈن ئولتۇرالىدى. ئۇ سەئىدخاننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خەۋەرنى ئاڭلاپ، پۈتۈن خەزىنە ئامبارلارنى ئېچىپ، كۆتۈرۈش مۇمكىن بولغانلىرىنى ئۆزى ئېلىپ، كىم نېمىنى خالىسا شۇنى ئالسۇن دەپ، قالغىنىنى بۇلىۋېلىشقا ھۆكۈم قىلدى. جاھانگىر مىرزا يەكەندىن كېتىپ 4-كۈنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ باشقاۋۇلى خوجا ئەلى باتۇر يەكەنگە يېتىپ كەلدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن سەئىدخانمۇ يېتىپ كەلدى.

مىرزا ئابابەكرىگە قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەمىر-لەشكەرلەرنى خوتەنگە ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا يەنە 7 نەپەر باتۇرنىمۇ يېتەرلىك ئەسكەر بىلەن ماڭغۇزدى. ئاندىن پۈتۈن ئەسكەرلەرنى ئىككى ئاي بۇلاڭچىلىققا قويۇۋەتتى. ئۇلار يەكەن شەھىرىنى تىرمىپىرماق قىلىۋەتتى. سۇلتان سەئىدخان مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھىجرىيە 920-يىل 7-ئاينىڭ 13-كۈنى (1514-يىل 9-ئاينىڭ 30-كۈنى) خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، يەكەن خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئابابەكرى ئاۋۋال خوتەنگە قېچىپ باردى، سەئىدخاننىڭ خوتەنگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قاراڭغۇ تاغقا قېچىپ كىرىۋالدى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنلىرى كەينىدىن قوغلىدى. قاراڭغۇ تاغنىڭ يولى ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە ئەگرى-توقاي بولغانلىقتىن، مىرزا ئابابەكرى ئېلىپ ماڭغان مال-دۇنيالارنى، بولۇپمۇ 900 قېچىرغا ئارتىپ ئېلىپ ماڭغان ماللارنى ئېلىپ ماڭالماي قالدى. ئۇ ھەممە ماللارغا ئوت قويۇۋەتتى. نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى يورۇڭقاش دەرياسىغا تۆكۈۋەتتى ھەم لاداخقا قاراپ قاچتى. لېكىن بۇ جايلارمۇ ئاللىقاچان كۇپارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ جايدا تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ سەئىدخانغا تەسلىم بولۇشنى توغرا تاپتى. يولدا كېتىۋاتقاندا سەئىدمۇھەممەدنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشقا كەلگەن ئادەملىرىگە ئۇچراپ قالدى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بېشى كېسىلىپ، زالىملىق ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى.

جاھانگىر لاداخقا بارىدىغان چوڭ يول بىلەن قاچتى، لېكىن سانجۇ قەلئەسىگە بارغاندا توختاپ قالدى. سەئىدخان بۇنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنى ئۇنى ئەكىلىشكە ئەۋەتتى. جاھانگىرنىڭ ئايالى ئەھمەدخاننىڭ 4-قىزى خادىزا سۇلتان خانىم دېگەن سەئىدخاننىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى ئىدى. ئۇلار ئەر-خوتۇن يېتىپ كەلگەندە، خان قارشى ئالدى. جاھانگىر خاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. لېكىن شۇ يىلى قىشتا، مۇھاپىزەتچىسى بىلەن يېگىساردا مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. «تارىخى رەشىدى»دە: «بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر گۇمان بار. پەقەت خۇدالا ھەقىقىي بىلىدۇ» دېيىلگەن. ھەممىگە مەلۇم، مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتىنىڭ «تارىخى رەشىدى»نى يېزىشتىكى مەقسىدى ئەجدادلىرىغا ئابىدە تىكلەش، «يېقىنلىرىنىڭ ئەيىبىنى يېپىش»

تۇرغان گەپ. بۇ ئىشنى ئاپتورنىڭ تاغىسى سەئىدمۇھەممەدنىڭ قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى بۇ قەبىلىنىڭ ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا دائىم ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشى بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھانگىر مىرزا بولسا مۇشۇ جەمەتنىڭ چوڭى، يەنە كېلىپ خاننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى، خاننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى. ئۇ ئۆزى «ئۇلۇس بېگى» سەئىد مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا تەھدىت بولاتتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۆزىگە تەھدىت سالىدىغان ئادەمدىن قۇتۇلاتتى ھەمدە سۇلتان سەئىدخاننىمۇ تىزگىنلىيەلەيتتى.

## 3. سىياسىي ھوقۇقنى مۇستەھكەملەپ، خاننىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش

### 1) سەئىدخاننىڭ تاكتىكىسى

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ «قۇرغۇچىسى» سەئىد مۇھەممەدنىڭ ھوقۇقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ «ئىككىنچى قېتىملىق تۆھپىكارى» خۇدايداتتىن قېلىشمايتتى. «تارىخى رەشىدى»دە دېيىلىشىچە، سەئىدخان 12 خىل ھوقۇقنىڭ ھەممىسىنى تاغىسى سەئىدمۇھەممەدكە بەرگەنىدى. بۇ ھوقۇقلارنىڭ ماھىيىتى كىتابنىڭ 2-بابىدا كۆرسىتىلگەن. يەنى «خانلىقنىڭ ھوقۇقى» قانۇنلۇق ھالدا دوغلات قەبىلىسىگە ئۆتكەن. لېكىن سەئىدخان خۇدايداتنىڭ قولىدا چوڭ بولغان خىزىر خوجا ئەمەس. ئۇ 14 يېشىدىن باشلاپ ئەسكەرلىكتە يارىدار بولغان، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدە سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، ئىككى قېتىم تۈرمىدە ياتقان، تۆت قېتىم خەتەردىن قۇتۇلغان. جەڭگە چېنىقىپ، مول ھەربىي تەجرىبە بىلەن سىياسىي تەجرىبىگە ئىگە بولغان، كۆپنى بىلىدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان سىياسىئون ئىدى. بۇنداق ھوقۇقنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، قورچاق بولۇشنى خالامدۇ؟ لېكىن بۇنداق ئەمۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، يەنى كىشلەر ئاتاقتا بولسىمۇ ئۇنى بۇ قانۇنلۇق خان دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەكلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمرى بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا خانلىق ھوقۇقىنى ئاستا-ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ تەرەپنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك: بىرى خانلىق ئىچىدىكى ھەر قايسى ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى، يەنە بىرى سىرتتىكى قوشنىلارنىڭ قوللىشى، ئىسلام دىنىدىكى ئەربابلارنىڭ قوللىشى ئىدى. ئۇنىڭ 20 يىل ئىچىدە قىلغان بارلىق دۆلەت ئىشلىرى مانا مۇشۇ مەزمۇننى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان.

1514-يىلى سەئىدخان يەكەن قەلئەسىنى ئېلىپلا، ئەسكەرلەرنى ئىككى ئاي بولاڭچىلىق قىلىشقا قويۇۋەتتى، ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن يەردە ئەمەس، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى ئالچىكۆز سەركەردىلەر دىۋەيلەپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «قەلئەنى بىرلا ئويىنىتىپ، كۆپچىلىكنى بولاڭچىلىققا قويۇۋەتتى» . ئىككى ئاي ئۆتتى، ھەممە ئادەم بولىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ سىلىق-سالامەت قايتىپ كەلدى ھەم بولىغان نەرسىلىرىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ، خانغا ھەدىيە تاپشۇردى. خان كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن، موڭغۇل ئادىتى بويىچە نەرسىلەرنى ئۆلۈشكە سيۇرغالغا ( Suyrghal) بۆلۈپ ئەسكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى» . بۇنىڭ بىلەن سەركەردىلەردىن ئەسكەرلەرگىچە ھەممە كىشى خۇش بولدى. ئارمىيە ھاكىمىيەتنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى ھەم تۈۋرۈكى. سەئىدخان دۆلەت مۇقىملاشقىچە، ئەسكەرلەرنى بولاڭچىلىققا قويۇۋېتىپ، بۇنىڭ بىلەن ھەم ئۇلارنىڭ شەھەر ئېلىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىگە تەشەككۈر ئېيتتى ھەم ئۇلارنى خۇش قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

1514-يىلى قىشتا، سەئىدخاننىڭ ئىنىسى ئايمان خوجا سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ يېنىدىن يەكەنگە باردى. سەئىدخان ئىنىسىنىڭ كەلگىنىگە خۇش بولۇپ، زىياپەت تەييارلاتقۇزدى. ئايمان خوجا سۇلتان سەئىدخاننى مەنسۇرخانغا ئۆچەكەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ئىنىلىرىگە ئۇنداق زالىملىق قىلدى، بۇنداق زالىملىق قىلدى دەپ مەنسۇرخان ئۈستىدىن دەرت ئېيتتى. شۇ چاغدا ئورنىدىكى ۋەزىر-ۋۇزرالار تۆرەپلەرنغا لەشكەر تارتىپ، مەنسۇرخاننىڭ جاجىسىنى بېرىپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى، لېكىن سەئىدخان، مەنسۇرخان بولسا بىزنىڭ ئاكىمىز، گويا بىز ئۇكا بولغۇچىلاردا، ئاكىمىزغا ھۆرمەت

قىلمىدۇق، دەپ قوشۇلمىدى ھەم مەنسۇرخاننىڭ نۇرغۇن يالغىشلىقلىرىنى تىلغا ئالدى. سەئىدخان ئۆزىنىڭ مەنسۇرخان بىلەن ياراشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇشۇنداق قىلساق، «دوست كۈلىدۇ، دۈشمەن يىغلايدۇ. بىز خۇش چىراي كۆرۈشسەك، ئارىدىكى نىزالار كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. تىلەشا كۆرگۈچىلەرنىڭ تەلپىكى يەرگە چۈشىدۇ» دېدى. ئۇ مەنسۇرخانغا ئەلچى ۋە قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى باردى-كەلدى قىلىشىپ، ئۇچرىشىشقا دائىر ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ۋە تەييارلىق كۆردى.

1515-يىلى ئەتىيازدا، سەئىدخان موغۇل قەبىلىلىرىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئايمان خوجا سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بەردى. دوغلات قەبىلىسىدىن سالىخ مىرزىنى ئايمان خوجا سۇلتانغا ئۇلۇس بېگى قىلىپ بەردى؛ ئايمان خوجا سۇلتاننى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى، يەنە ئىككى ئەمىرنى قوشنى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئاقسۇنى ئابابەكرى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن، ئاھالىسى قەشقەرگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەنىدى. بۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانىغا قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ يولغا چىقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئايمان خوجا سۇلتان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇچتۇرپان، ئاقسۇدا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، قەلئەنى قايتىدىن ياسattى.

1516-يىلى 2-ئايدا، سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قەشقەر، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، جالىشقا كېلىپ چۈشتى. مەنسۇرخانمۇ قارشى تەرەپتىن كېلىپ بايىنىڭ غەربىدىكى ئاۋاتقا كەلدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقى پەقەت پەرسەخ كېلەتتى. ۋەزىرلەر باردى-كەلدى قىلىشىپ، ئاخىر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى ئالدىغا يۈتكىلىپ رويۇرو بولۇپ، بارىمتاي ئالماشتۇرىدۇ، ئاندىن ئىككى خان 30 دىن يasاۋۇل ئېلىپ بېرىپ، ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىغا تىكلىگەن چېدىردا ئۇچرىشىدۇ، دەپ كېلىشىم تۈزدى. ئۇچراشقاندا، سەئىدخان موغۇللارنىڭ قەدىمكى ئادىتى بويىچە قاتتىق ئېگىلىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، مەنسۇرخاننى تولىمۇ ئىززەتلىدى. مەنسۇرخاننىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇشقا، مەنسۇرخاننىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرۇشقا ماقۇل بولدى. بۇ ئىككى ئىش ئىسلام ئادىتىدە ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى ھېسابلىناتتى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىرلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە تېنچ ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلدى. «تارىخىي رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مۇنداق دېيدۇ: «ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ يارىشىشى نەتىجىسىدە، پۇقرالار ئەمىن تاپتى، رونىق تاپتى. جۇڭگونىڭ قۇمۇل رايونى بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدا ھەر قانداق كىشى يالغۇز سەپەر قىلالايدىغان، ئوزۇق-تالقان ئالماي ماڭسىمۇ بولىدىغان، ئوغرى-قاراقچىدىنمۇ قورقمايدىغان بولدى.»[41] بۇ ئۆزۈندىدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان تېنچ، خاتىرجەم مۇھىت ئىدى. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇچرىشىشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كىشىلەر «ئىككى لەشكەر بولدى شاد» دېگەن سۆزنى شۇ يىلى-ھىجرىيە 992-يىلىنى خاتىرىلەيدىغان ئابىدە قىلدى.

سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچرىشىپ، شەكىل جەھەتتىكى قارامىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىتتىپاق تۈزۈپ، شەرق تەرەپ بىلەن غەرب تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپىدىن قۇتۇلدى. ئۇ يەكەنگە خۇشال قايتىپ بېرىپ، ئەمىرلەرنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، مۇھىم ھەربىي ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئەمىرلەر بېشىنى ئېگىپ تىقىۋالغان دۈشمەن ئۆزبېك خانى سۈيۈنچ خانغا ھۇجۇم قوزغاش كېرەك، «ھازىر ئىنتىقام ئالماي قاچانغىچە تۇرىمىز؟ ئۇلارنى ھازىر يوقاتمىساق، قاچاندا ئۇلارنى يوقاتقىدەك كۈچ توپلىيالايمىز؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان لەشكەرلەرنى قەشقەرگە يىغىپ، ئۇ يەردىن ئەنجانغا لەشكەر تارتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

سەئىدخان ئەنجانغا يۈرۈش قىلىشتا، مەنىۋىي جەھەتتە ئۆزبېك خانى سۈيۈنچ خاندىن ئىنتىقام ئېلىشنى مەقسەت قىلسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەنىدى. ھاكىمىيەتنى ساقلاش ئۈچۈن خېلى ساندا قوشۇن ساقلاش كېرەك، لېكىن نەچچە ئەسىردىن بۇيان يېغىلىق ئۈزۈلمەي، قەشقەر رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى خاراپلاشقانىدى، «دېھقانلار يەرگە قىلغان ئەجرىگە لايىق كىرىم قىلالمايتتى، يەردىن چىققان ھوسۇل بىر قوشۇننى بېقىشقا يەتمەيتتى» . پۇقرالاردىن ئالغان باج بىلەنمۇ ھاكىمىيەتنى قوغدىيالىغىدەك بىر قوشۇننى تەمىنلىگىلى بولمايتتى. شۇڭا بۇلاڭچىلىقتىن باشقا يول يوق ئىدى. لېكىن ھاكىمىيەتنى قۇرۇۋېلىپلا ئۆز خەلقىنى بۇلاش ھالاكەتكە ئېلىپ باراتتى. شۇڭا «ئىنتىقام ئېلىش» ، «غازات قىلىش» نامى بىلەن سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇرۇشتا غەلىبە

قىلسا، ئاشكارا، قالۇنلۇق بولالىغۇدەك قىلىپ، سەركەردە-سەرۋازلارنىڭ بىۋاسىتە كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنى خۇش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خانلىقنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ، باج تاپشۇرىدىغان پۇقرا كۆپىيەتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ توختىماي ئۇرۇش قوزغىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئەنە شۇ.

1516-يىلى ياز چىقىپ كېتەي دېگەندە، سەئىدخان لەشكەر تارتىپ قەشقەردىن يولغا چىقتى. تويۇنبېشىدىن ئۆتۈپ، چېدىركۆلگە باردى. بۇ چاغدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۈچى، بابىنى سورايدىغان ۋالىسى بابلجاق سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن كېلىپ سەئىدخانغا تازىم بەردى. بابلجاق سۇلتان، ئىنىڭ ئارا يولغا چىقىپ قىلىپ، ياردەمگە قوشۇن ئېلىپ كېلەلمىدىم، كېلەركى قېتىم ئەنجانغا لەشكەر تارتقاندا چوقۇم پۈتۈن ئادەملىرىمنى ئېلىپ كېلىپ جەڭگە ياردەملىشىمەن، دېدى. سەئىدخان ئۆزىنىڭ سۆيۈنچ سۇلتاننى جازالاشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئانچە ئىشەنچ قىلالماي تۇرغاندى، بابلجاقنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، پىلاننى ئۆزگەرتىپ ئارپا يازى ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا بابلجاق سۇلتان بىلەن بىرلىشىپ ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.

«تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئاپتورى، سەئىدخان «كېلەر قىشتا قىلىدىغان غازاتنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى» دېيدۇ. «غازات» ئارقىلىق ئادەتتىكى ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىگە يەتكىلى — مال-دۇنيا بۇلىغىلى، زېمىننى كېڭەيتكىلى، ھاكىمىيەتنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاپ، ئىسلام ئەھلىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولاتتى. بولۇپمۇ خان ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئۈستۈنلۈش ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى. سەئىدخان ئويلان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر سېرىق ئۇيغۇرلارغا قارشى غازات قىلىش قارارىغا كەلدى. مۇھەممەد ھەيدەر شۇ قېتىمقى «غازات» نىڭ نەتىجىسىنى ئەينەن خاتىرىلىگەن: 1517-يىلى سەئىدخان لەشكەر تارتىپ ئۇرۇشقا چىقتى، خوتەنگە بارغاندا ئاغرىپ قىلىپ يەكەنگە قايتىپ كەلدى. «سېرىق ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئەمىرلەر ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن كىدان (مەلىك سۇلالىسى) ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭلىكتە ئىككى ئاي يۈرگەندىن كېيىن، ئولجا-غەنىمەتلەرنى ئېلىپ تېنچ-ئامان قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۇلار كۇپپارلار توغرۇلۇق ھېچقانداق ئەھۋالنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان» .

سەئىدخان خوتەندىن يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىرغىزلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەرەددۇت قىلدى. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى مۇنداق: قىرغىزلارنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد سەئىدخان قەشقەرنى بويسۇندۇرغان ئۇرۇشتا كاتتا خىزمەت كۆرسەتتى. «ئۇ كۆپلىگەن ئولجا-غەنىمەتلەرنى ئالدى» ، ئۇ قايتقاندا سەئىدخان يەنە «كۆپلىگەن قىممەتلىك سوۋغاتلارنى بەردى» ، مۇھەممەد موغۇلىستانغا قايتىپ بارغاندا، ھەممە قىرغىزلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. ئۇ لەشكەر تارتىپ تاشكەنت ۋە سايرام قاتارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىنى بۇلاپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۆزبېك خانى ئابدۇللا سۇلتان ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. مۇھەممەد قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، تولۇق غەلىبە قازىنىدۇ. ئۆزبېك ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلىدۇ، ئابدۇللا سۇلتان ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئەتىسى مۇھەممەد ئابدۇللانى ۋە ئۆلتۈرۈلمەي قالغان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىدۇ. ئۇ سەئىدخانغا: «مەن ئۆز ۋاقتىدا شەيبان قەبىلىسىنىڭ سۇلتانلىرىدىن بىرەرسى قولۇمغا چۈشۈپ قالسا، قويۇپ بېرىمەن دەپ لەۋز قىلغانىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ لەۋزىگە ۋاپا قىلدىم. جانابىي ئالىيلىرىنىڭ كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دەپ بىرمۇنچە ئات، قورال ۋە سوۋغات بىلەن ئادەم ئەۋەتىدۇ. لېكىن سەئىدخان ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ، ئەسكەر توپلاپ، 1517-يىلى كۈزدە مۇھەممەدكە قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، سەئىدخان مۇھەممەد قىرغىزنىڭ باركاھى ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدا ئىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، تېزدىن يېتىپ بېرىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ، تۈن قاراڭغۇسىدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، مۇھەممەد قىرغىزنى ئەسىرگە ئالىدۇ. مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دېيدۇ: «بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئۇلارنىڭ توپ-توپ يىلقا، قوي ۋە تۆگىلىرىنى تارتىۋېلىپ، مول ئولجىلارغا ئىگە بولدى» ، «ئاندىن بەھۇزۇر يولغا چىقىپ» قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

1518-يىلى يازدا سەئىدخان لەشكەر تارتىپ بەدەخشانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئابابەكرى ئۆز دەۋرىدە بەدەخشانغا تەۋە يۇقىرى ھازارانىڭ بىر قىسىم يېرىنى، مەسىلەن، سارىغ چوپان (Sarigh Chupan)، قوند، پارۋاز، يارق (Yarkh)، پلسار ۋە شىرائى شغنان (Shighnan-i-Shira) قاتارلىق يەرلەرنى

ئىستېلا قىلغان، يەنى يۇقىرىقى بوغازدىن سارىخ چوپەكچە بولغان يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىدى. شۇڭا سەئىدخان قەشقەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن بۇ يەرلەرنى بىر نەچچە پارچىگە بۆلۈپ، ئۇ يەرنى سوراشقا ھۆكۈمدارلارنى ئەۋەتتى. كېيىن بەدەخشاننىڭ ھۆكۈمرانى مىرزىخان سارىخ چوپەنى ئىشغال قىلدى ۋە قارشى چىققۇچىلارنى قورقىتىش ئۈچۈن، بۇنداق قىلىشنى بابۇر شاھ قوللايدۇ دەپ داۋراڭ قىلدى. سەئىدخان ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، قوراللىق كۈچىنى ئىشقا سالدى. سەئىدخان لەشكەر تارتىپ بەدەخشانغا يېتىپ كىرگەندە، مىرزىخان تاقابىل تۇرالماي، قالائى زاخارغا چېكىندى. سەئىدخانمۇ مىرزاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تولۇق تارمار قىلماي، ئۆزلىكىدىن قوشۇنىنى چېكىندۇردى. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى، «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىدىمۇ سەئىدخاننىڭ «رەھىمى كەلگەنلىكى» ئەمەس، بەلكى سەئىدخاننىڭ بابۇرشاھ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى كۆزدە تۇتقان، بۇ دوستلۇقنى بۇزۇپ، دۈشمەنلىشىپ قېلىشنى خالىمىغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن. سەئىدخاننىڭ بۇ قېتىم ئەسكەر تارتىشىنىڭ ئەھمىيىتى يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق بېكىتكەنلىكىدە، 1520-يىلى يازدا، سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن ئۆتكەن قېتىمقى جايدا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، «دوستلۇق رىشتىنى تېخىمۇ چىڭىتتى» . سەئىدخان ئالتە يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاساسەن مۇقىملاشتۇردى. ئىچكى ئىشلار جەھەتتە، سەئىدخان ئابابەكرىنىڭ رەھىمسىز قانۇن ۋە ئېغىر ئالۋان-يasaقلىرىنى بىكار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي زىددىيەت پەسەيدى. مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (سەئىدخان) كەلگەن قۇرساق، ئادىل ئىدى، پۇقرالارنىڭ بېشىدىكى زۇلۇم-زۇلمەتنى تۈگەتتى، بۇرۇن سودىگەر-يولۇچىلار خەتەرلىك دەپ قارايدىغان يول ھازىر تېنچ-ئامان بولۇپ قالدى. شۇڭا كىشىلەر: «بىر قېرى خوتۇن بېشىغا بىر كومزەك ئالتۇننى ئېلىپ ماڭسىمۇ ھېچكىشى بۇلىمايدۇ» دېيىشەتتى. بۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق بىر قوشاقنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

يولدا يالغۇز ئېلىپ يۈرسە كوزا ئالتۇن،
چېقىلمايدۇ ئاڭا ھېچقانداق كىشى.
خان بولغاچقا ئادىل ھەم پازىل،
تېنچ-ئامانلىش بولدى ئەل-يۇرتنىڭ ئىچى.

ئۇ يەنىمۇ تەرىپلەپ مۇنداق دېدى: «تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، بىر مەزلۇم كىشى لىق بىر تاۋاق ئالتۇننى يولغا قويۇپ كەتسە، تاقايتىپ كەلگىچە ئالتۇن قويغان پېتى تۇراتتى» . بولۇپمۇ سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخان ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچى خاتىرجەم بولۇپلا قالماستىن، تاشقى جەھەتتىمۇ ھېچقانداق ۋەقە كۆرۈلمىدى. مۇھەممەد ھەيدەر «خانمۇ، پۇقرالارمۇ خاتىرجەم، غەم-قايغۇسىز ئۆتتى» دەيدۇ. تارىخشۇناسلار بولسىنى ئۈچۈن ئۇ «يازغىدەك ۋەقە يوق» دەيدۇ. بىر سىنىپىي جەمئىيەتتە، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئۇنچىلىك خاتىرجەم، خەلقنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئۇ قەدەر يۈكسەك دەرىجىگە يېتىپ يەتمىكى تەس بولسا كېرەك. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ھېچ بولمىغاندا، شۇ چاغدىكى ئەھۋالنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

## (2) موگغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنىڭ مەغلۇب بولۇشى

1522-يىلى يەكەن خانلىقى سىرتقا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى. سەئىدخان موگغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىشقا تەرەددۇت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ توپ سەۋەبى مۇنداق: ئۇ چاغدا ئاساسىي جەھەتتىن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موگغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ «ئۆزلىرى رونلىق تاپقان، چارۋا ماللىرى ئاۋۇغان» ئىدى. قەشقەر ئەتراپىدىكى يايلاقلار يېتىشمەيتتى، «پۇقرالار يايلاق تالىشىپ دائىم جاڭجال قىلىشاتتى» ، شۇنىڭدەك بەزى موگغۇل سەركەردىلىرى مەسىلەن، خوجا ئەلى باھادىر «تۇغۇلۇشىدىن مىجەزى شۇنداق بولغاچقا» ، موگغۇلىستاننى بەكمۇ سېغىناتتى، ئۇ ھەمىشە شەھەر تۇرمۇشىدىن زارلىنىپ، يايلاق تۇرمۇشىنى ئارزۇلايتتى. ئۇيۇشقاق جەھەتتە سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاق تۈزۈشى بىلەن موگغۇلىستان ئۇلارنىڭ ئورتاق يۇرتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەنسۇرخان شەرقىي

شىمال تەرىپىدىكى ئوپېراتسىيەلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى دېمەي، غەرب تەرىپىدىكى موغۇللارغا قارشى تۇرۇشنىڭمۇ ھالى يوق ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىرغىزلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن رەھبىرى يوق ئىدى، ئۇلار ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، ھەممە يەرنى پاراكەندە قىلىپ يۈرەتتى، ئۇلار ئۆزبېكلەر تەۋەسىدىكى سايرام، ئەنجان ۋە ئاخسىلارنى بۇلىدى، نۇرغۇن مۇسۇلمان خوتۇن-قىز، بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ ئۆزلىرىگە قۇل قىلدى. ئۆزبېك سۇلتانلىرى سەئىدخاننىڭ كونا دۈشمىنى ئىدى، لېكىن بۇمۇ «بىرمۇ مۇسۇلماننىڭ خورلىنىشىغا يول قويماسلىق، بىرمۇ كاپىرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىق»نى كۆزدە تۇتۇپ «غازات» قىلىشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، موغۇلىستانغا ئەسكەر چىقىرىپ، ئاتا تۇپراقتا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ تەلەپ قىلىنغان بولدى. لېكىن ھۆكۈمدار كىم بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە، ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدە پىكىر ئىككى خىل بولۇپ قالدى: خوجائەلى باھادىر ۋە كۆپ قىسىم ئەمىرلەر بابايى سۇلتاننى ئەۋەتىش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى خەلىل سۇلتان ئۆز ۋاقتىدا قىرغىزلارغا رەھبەر (نازارەتچى بەگ) بولغان، «ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھەقلىق» دېدى. لېكىن سەئىدمۇھەممەد دوغلات، بابايى سۇلتاننى ئەۋەتمەسلىك كېرەك، موغۇللار ئۇ يەردىن قىيالمايدۇ، بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئەگەر بابايى سۇلتان ئۇ يەرنى سورىسا، موغۇللارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىنى توسۇشىمىزغا نارازى بولىدۇ. ئەگەر توسىساق، ئۇلار ئۇ يەرنى بېسىپ كېتىدۇ. «شۇنىڭ بىلەن مالىمانچىلىق، ئالا-توپىلاڭنىڭ چىقىشى تۇرغان گەپ» دەپ قارشى چىقتى ۋە خاننىڭ كىچىك ئوغلى رەشىدنى ئەۋەتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، ئۇ ھەرقانچە كۈچلۈك بولۇپ كەتسىمۇ جانابىي ئالىيلىرى (سەئىدخان)غا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، «بىز موغۇللارنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىنى توساق، «ئۇ ھېچ بولمىغاندا قارشى تۇرمايدۇ» ، قارشى تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئىش يوق، دېدى. بۇ ئىككى خىل پىكىر ماھىيەتتە ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدىكى ئولتۇراقلىشىش بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بۆلۈپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل سىياسىي ئىدىيە خاھىشىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ئىككى خىل پىكىر تىركىشىۋاتقان چاغدا دېمىدۇ — «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئاپتورى، — «خوجائەلى باھادىر مېنى زىيادە ئېچىپ ئۆلۈپ كەتتى» ، خوجائەلى باھادىر راست «مەيى ئىچىپ» ئۆلدىمۇ؟ بۇ گۇمانلىق؛ لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن، شۈبھىسىزكى، دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەر جەمەتىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى يىراق سەپەرنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقى رەشىد سۇلتانغا بېرىلدى. ئۇ شۇ يىلى ئەتىيازدا لەشكەر تارتىپ يولغا چىقتى. مىرزا ئەلى تاغ دوغلات ئۇلۇس بېگى قىلىپ تەيىنلەندى، مۇھەممەد قىرغىز ئازاد قىلىندى ۋە قىرغىزلارنىڭ ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىنىپ، قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭغۇزۇلدى. ئۇلار موغۇلىستانغا كىرگەندىن كېيىن، مۇھەممەد قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسكەرلىككە ئالدى، ئاز بىر قىسمى چېكرا جايلارغا قېچىپ كەتتى. شۇ يىلى قىشتا، رەشىد سۇلتاننىڭ قوشۇنى قوچاردا قىشلىدى.

1523-يىلىنىڭ بېشىدا، سەئىدخان قوچارغا بېرىپ، رەشىد سۇلتان، مۇھەممەد قىرغىز ۋە باشقا بىر قىسىم ئەمىرلەرنى چەت-ياقا جايلارنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار بارغان يەردىن بىر قىسىم قىرغىزلارنى يىغىپ قايتۇرۇپ كەلدى. سەئىدخان ئۇ يەرنى تېنچىپ قاپتۇ دەپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

1524-يىلى قىشتا، رەشىد سۇلتان ئەسكەر ئەۋەتىپ ئوپېراتسىيەلەرنى بۇلىدى، بالاتالىش دېگەن بىر ئەمىرنى ئۆلتۈردى. شۇڭا غازى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. سەئىدخان يەكەندىن قوچارغا كېلىپ قىشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قازاقلارنىڭ خانى تاھىرخان تازىمغا كەلدى. تاھىرخان قىپچاق يايلىقىدا ماڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي، ئۆزبېكىستانغا كەتكەن، كېيىن قىرغىز مۇساپىرلار يەكەن خانلىقى بىلەن ئارىلىشىپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ سەئىدخان بىلەن يارىشىپ، موغۇللارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. تاھىرخان ئەدەپ-ئىكرام بىلەن سەئىدخانغا سالام بەردى. ئىككى تەرەپ ياراشتى. تاھىر سۇلتان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سىڭلىسى (سەئىدخاننىڭ ھامىسى سۇلتان خانىمنىڭ قىزى) نى رەشىد سۇلتانغا بەردى.

ئۆچرىشىشتىن كېيىن، مۇھەممەد قىرغىزنىڭ قازاقلار تەرەپكە قېچىپ كەتمەكچى بولغانلىقى سېزىلىپ قالدى، سەئىدخان ئۇنى يەنە بىر قېتىم سولاپ، قەشقەرگە ئالدۇرۇپ كەتتى.

1525-يىلى ھاۋائىللىغان چاغدا، سەئىدخان رەشىدنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، بالا-چاقىسى ۋە قوشۇننى ئېلىپ يەنە موغۇلىستانغا يول ئالدى. يولدا كېتىۋېتىپ، «قەشقەردە ئاغرىپ يېتىپ قالغان سەئىدمۇھەممەد دوغلات ئۆلدى، ئۆزبېك سۇلتانلىرى سەركىسىز پادىغا ئايلىنىپ قالدى، بۇ ئىنتىقام ئېلىشنىڭ تېپىلمەس پۇرسىتى» دېگەن مەلۇماتنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئەنجانغا ماڭدى، يول ئۈستىدە ئۆزكەنت، مادۇۋالارنى ئالدى. لېكىن يەرلىك خەلق ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، شەھەرگە كىرگۈزمىدى. ئۆزبېك قىسىملىرىمۇ ئەنجانغا يىغىلدى. «تارىخىي رەشىدى»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ سانى «يۈزمىڭدىن ئاشاتتى»، سەئىدخان ئاران 25 مىڭ ئەسكەر بىلەن غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: موغۇلىستاندا رەشىد سۇلتاننىڭ خەلقتىن ھال سورىشىغا ياردەملەشتىم، شۇنچە چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتسەممۇ «قىرغىزلارنى تىنچىتالمىدۇق». قىرغىزلار يەنە چەت چېگرىلارغا قېچىپ بېرىپ، ئۆزبېكىستاندىكى تاھىرخاننىڭ يېنىغا كەتتى. 1525-يىلى قىشتا، تاھىرخان موغۇلىستانغا كىرىپ، قوچقارنىڭ يېنىغا بېرىپ چۈشتى، قىرغىزلارنىڭ يېرىمى بېرىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. رەشىد سۇلتان دەرغەزەپ بولۇپ، قوچقاردىن ئاتبېشىغا چېكىندى. سەئىدخان قوشۇننى ئالاقزادە بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، شۇ ھامان يېتىپ باردى.

1526-يىلى باھاردا، قازاقلار موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلارغا كىردى، رەشىد سۇلتان تەۋەسىدىكى قىرغىزلار بۇرۇن قازاقلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن قىرغىزلارغا قوشۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. سەئىدخان رەشىد سۇلتانغا بۇ تۇراقسىز قىرغىزلارنى ئاتبېشىغا ئاپىرىۋېتىشنى يارلىق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قىرغىزلار قازاقلاردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا بولدى. سەئىدخان خەۋەر تېپىپ، رەشىد سۇلتانغا ئەسكەر باشلاپ قىرغىزلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا قىرغىزلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى بابلاجىق سۇلتاننىڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. رەشىد سۇلتان قىرغىزلاردىن قالغان 100 مىڭ قوينىلا تېپىپ ۋە ئولجا ئېلىپ قايتتى. بۇ تارىختا «قوي يىغىلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، سەئىدخان يەنە قىرغىزلار قازاقلار بىلەن بىرلىشىپتۇ، قازاقلارمۇ موغۇلىستاندا ئولتۇراقلاشقىدەك، ئادىمى 200 مىڭدىن ئېشىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. سەئىدخان شۇنچە جىق قازاقلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، رەشىد سۇلتان ۋە موغۇلىستاندىكى باشقا موغۇللارنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. سەئىدخاننىڭ موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان بەش يىللىق ھەرىكىتى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. بۇ ۋەقە يەكەن خانلىقىدىكى موغۇللارنى كۆچمەن يايلاق تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، موغۇلىستانغا قايتا خوجا بولۇش يولىدىكى چۈشىدىن ئويغىنىپ، ئۆزگىدىن كېيىنكى چىقىش يولىنى باشقىدىن ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى.

موغۇلىستاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مەغلۇب بولۇشىغا سەئىدخاننىڭ ئابروينىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. شۇ يىلى يازدا، بابايى سۇلتان يەكەندىن قېچىپ چىقىپ، ئاۋۋال ھېسارغا، ئاندىن بەدەخشانغا باردى، لېكىن پاناھ تاپالماي، قەشقەرگە قايتىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. سەئىدخان ئۇنى خانلىق تەختى ئۈچۈن يوشۇرۇن خەۋپ دەپ بىلىپ، ئۇ يەردە تۇرغۇزمىدى. ئۇ ھىندىستانغا بېرىپ بابۇرشاھتىن پاناھ تىلەشكە مەجبۇر بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يەردە ئاغرىپ ئۆلدى. ياندۇرقى يىلى، يەنى 1527-يىلى بىرسى شاھ مۇھەممەد سۇلتاننى خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتتى. شاھ مۇھەممەد سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، سەئىدخان ئۇنى بەك قەدىرلەيتتى. لېكىن بۇ ئىش خانلىق تەختىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا تاقىلىدىغان بولغاچقا، سەئىدخان ئۇنىمۇ سۈرگۈن قىلىپ، قارىتېكىنگىچە ئاپارغۇزۇۋەتتى. شاھ مۇھەممەد سۇلتان يولدا كېتىۋېتىپ، ئېلىپ ماڭغان ئەمىر مۇھەممەد بارلاس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، «كىشىلەر پاتپاراق بولۇشۇپ كەتتى». شاھ مۇھەممەد سۇلتاننىڭ تەختنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستىگە قاتناشقان كىشىلەر قېچىپ كەتتى؛ بەزى خان جەمەتلىرى شاھ مۇھەممەد سۇلتاننى «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆلتۈرگەن» قاتىلنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى. سەئىدخان بۇ ئىشنى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى، دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، قاتىلنى جازالاپ بېرىش

توغرىسىدىكى تەلەپلەرگە تاقابىل تۇردى. قالغان كىشىلەرنى «يالغۇز كىيىم-كېچەكلەر بىلەن پەيلەپ، ئۇلارغا ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى».

## (3) جەنۇبقا قىلغان يۈرۈش

يەكەن خانلىقىنىڭ ۋەزىيىتى يەنە ۋاقىتنچە تۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن موغۇل ئۇلۇسلىرى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئوزۇقى بىلەن يايلاقلارنىڭ تارلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ، خانلىقنىڭ مۇقىمسىزلىقىدىكى تۈپ ئامىل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يول: يا كەڭ يايلاقنى قايتىپ كېتىش، بۇ يولدا ئۇلار بەش يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى، قانلىق پاكىتلار ئۇلاردا ئۆز دەۋرىدىكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭكىدەك خۇلۇمىر يايلىقىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى؛ يا دېھقانچىلىققا كۆچۈش. بۇ يولنا ماڭغاندا، چارۋىچىلىققا قارىغاندا ئازىراق يەر بىلەن كۆپرەك ئادەمنى باقىلى بولىدۇ. لېكىن دېھقانچىلىق قىلىشنى پەس كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيە ھازىرچە ئۇلارنىڭ بۇ يولنى بەل باغلىشىغا، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ-ئادەتنى ئۆزگەرتىشكە يول قويمايدۇ. ئەمدى بىرلا يول، يەنى سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قوزغاپ، مال-دۇنيا بۇلاش قالدى. بۇنىڭ بىلەن ماددىي مەھسۇلاتنىڭ كەمچىل تولۇقلىنىشى بولۇپلا قالماي، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىش-ئىشرەتنىمۇ قاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ قەدىمكى ئەنئەنە يولنا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى تازا مەدھىيىلەيدىغان باتۇرانە ئىش. شۇڭا سەئىدخاننىڭ رەھبەرلىكىدە يەكەن خانلىقى مۇداپىئە كۈچى ئاجىز بولغان جەنۇبتىكى جايلاردا بىر قاتار ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

1527-يىلى قىشتا، سەئىدخان رەشىد سۇلتاننى لەشكەر تارتىپ كۆپار ئەللەرگە «غازات» قىلىشقا بۇيرىدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ھەيدەر شۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. ئۇ مۇنداق دېدۇ: «بىز بولورىستاندا قىشلىدۇق، كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق پۈتۈنلەي غەلىبە قىلدۇق. ئەتىيازدا، ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى ئېلىپ، تېنچ-ئامان قايتتۇق. سېرىغ چۆپىگە كەلگەندە بەشتىن بىر ئۈلۈش غەنىمەتنى شۇ يەردە قالدۇردۇق، بۇ بەشتىن بىر ئۈلۈش مىڭ ئۇلاغدىن ئارتۇق ئىدى». ئۇلار 1528-يىلى يەكەنگە قايتىپ كەلدى.

1529-يىلى سەئىدخان بەدەخشاندىكى بەزى ئەمىرلەرنىڭ «بابۇرشاھنىڭ چوڭ نەۋرىسى ھۇمايۇن ھىندىستانغا كەتتى. ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغىدەك ئادەم يوق. ئۆزلىرى (سەئىدخاننى دېمەكچى) كېلىپ يۇلتىك بولغايلا دېگەن ئىلتىماسىنى، ۋارىسلىق قانۇنى بويىچە، بەدەخشان مۆلىرى شاھ بېگىمنىڭ مىراسى بولۇپ، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك، «سىلىدىن مۇۋاپىق مىراسخور يوق» دېگەن خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى. سەئىدخان شۇ يىلى كۈزدە ئىككىنچى قېتىم بەدەخشانغا كىرىپ، مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتنى ئالدىدا ماڭغۇزدى. مۇھەممەد ھەيدەر كېتىۋېتىپ، ھۇمايۇننىڭ ئىنىسى ھىندال مىرزا بەدەخشاننىڭ مەركىزى قالائى زافارغا يېتىپ باردى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. بۇ تازا قارا قىش ۋاقتى بولۇپ، چېكىنىش قىيىن ئىدى. مۇھەممەد ھەيدەر قالائى زافارغا قاراپ داۋاملىق يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ ھىندالمىرزا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، بەدەخشاننىڭ بىر قىسىم يېرىنى كېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن بۇ تەلەپ رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزى مۇنداق دېدۇ: «خان يېتىپ كەلگىچە قالائى زافار قەلئەسى ئەتراپىدىكى جايلارنى قويماي بۇلىدىم، ماللارنى قويماي ھەيدەپ ماڭدىم، ھەتتا ئۇچرىغانلا نەرسىنى ئالدىم». سەئىدخان ئەسكەر باشلاپ كەلگەندىن كېيىن، «ئەسكەرلەر مەندىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى قالدۇرماي بۇلىدى». بۇ چاغدا سەئىدخان يەرلىك ئەمىرلەرگە: «مەن بابۇر شاھ بىلەن دۈشمەنلەشمەيمەن»، «ئەمدى بەدەخشاننى ئۆزبېكلەرنىڭ يۇتۇۋېلىش خەۋپى بولمىغاندىن كېيىن، «ھەممىيلەن قايتىپ كېتەيلى» دېدى. سەئىدخان 1530-يىلى ئەتىيازدا يەكەنگە قايتىپ كەلدى. بابۇر شاھ سەئىدخاننىڭ بەدەخشانغا ئىككى قېتىم ئەسكەر تارتىپ بارغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بولۇپ، سەئىدخانغا، مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسا، «قالغان ئىشنى ئۆزىڭىز بىلىڭ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ خەت ئەۋەتتى.

سەئىدخان بەدەخشانغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ھەربىي جەھەتتە زىيان-زەخمەت تارتمىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپلىگەن ئولجىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە مەغلۇپ بولدى، زېمىننى كېڭەيتىش، خانلىقنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىدى، بەلكى چوڭ بىر دوست دۆلەت بىلەن يىرىكلىشىپ قالدى،

دۆلىتىنىڭ تەرتىپىمۇ بىر ئاز تۇراقسىزلىشىپ قالدى. سەئىدخان ئالدىنقى قېتىمقى ساۋاقنى ئەسلەپ، ئىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، سەئىدمۇھەممەد دوغلاتنىڭ رازىلىقى ۋە قوللىشى بىلەن، ئۆزى بىلەن ئارازلىشىپ كەلگەن ئاقسۇ ۋالىيسى ئايمان خوجا سۇلتاننى يەكەنگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئورنىغا چوڭ ئوغلى رەشىد سۇلتاننى ئەۋەتتى. سەئىدخان ئۇردىسىدا تۇرغان بۇ بىر تۇغقان ئىنىسىدىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئايمان خوجا سۇلتاننى ئوغلى مەسئۇد سۇلتان ۋە باشقا بىرنەچچە سۇلتان بىلەن قوشۇپ ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى، چۈنكى بىرمۇ ئىش بولۇپ قالسا بۇ خان جەمەتلىرىنىڭ ئالتۇپەلەك كۆتۈرۈپ، خانلىق تەختىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئۆزۈن يىللىق سىياسىي ئەمەلىيەتتىن سەئىدخان دىننىڭ كاتتا رولىنى، يەنى دىننىڭ خان ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكىمۇ بولالايدىغانلىقىنى، خاننىڭ ئابرويىنىمۇ تۆكەلەيدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا دىنىي مۆتىۋەرلەرگە بەكمۇ ئىخلاس قىلدى ۋە خاۋاند مەھمۇد خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولدى. «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: سەئىدخان «ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە غازات قىلىشقا تەشنا، بولۇپمۇ ھازىر خوجىلارنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ مۇقەددەس يولدا كېتىۋاتىدۇ»، «مۇشۇنداق تەقۋادارلىق تۈپەيلى» 1532-يىلى يازدا تىبەتكە شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتتى. ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتنى ئوغلى ئىسكەندەرگە ھەمرا قىلىپ، بارتنى ئېلىشقا ئالدىدا ماڭغۇزدى، ئۆزى خوتەنگە يول ئالدى.

مۇھەممەد ھەيدەر ئەسكەرلەر بىلەن بىر ئاي يول يۈرۈپ، لاداخ تەۋەسىدىكى نۇبرا دېگەن يەرگە يېتىپ باردى، ئۇ يەرنىڭ رەھبىرى قارشىلىق كۆرسىتىپ بېقىپ، شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. مۇھەممەد ھەيدەر كەينىدىن قوغلاپ، پۈتۈن دۈشمەن ئەسكىرىنى يوقاتتى. «ئادەمنىڭ بېشى ئېگىز مۇنارەك دۆۋىلىنىپ كەتتى»، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن نۇبرا بويسۇندۇرۇلدى، «ئېلان چىقىرىپ ئاھالە تېنچلاندۇرۇلدى». ئاندىن مارىيۇلغا باردى. ئىككى پادىشاھ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. شۇ چاغدا سەئىدخاننىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خان يېتىپ كەلگىچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇردى.

سەئىدخان ئەسلىدە دۇلپاغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خوتەنگە قاراپ ماڭغانىدى. لېكىن خوتەندە بىر ياز تۇرغاندىن كېيىن، سوغۇق چۈشۈپ، تاغقا كىرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، قوشۇننى قايتۇرۇپ مۇھەممەد ھەيدەر ماڭغان يول بىلەن ماڭدى. قارا قۇرۇم تېغىدىن ئۆتكىچە، سەئىدخان ئېغىر دەم سىقىلىش كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، ھۇشىدىن كەتتى. لېكىن ئۇ مېڭىشنى توختاتمىدى، يەر شەكلى تۈزەن بولغان نۇبراغا بارغاندا ئوڭشىلىپ، ھۇشىغا كېلىپ قالدى. سەئىدخان قىشلاش مەسىلىسىنى مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئەمىرلەرنى يىغدى. مۇھەممەد ھەيدەر، بۇ رايوندا بىرمىڭ ئادەم قىشلىغىدەك يەر يوق ئىكەن، چوڭ قوشۇننى كەشمىرگە ئاپىرىپ قىشلاتماقتىن باشقا ئامال يوق. لېكىن ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئېگىز تاغدىن ئېشىشقا توغرا كېلىدۇ. خاننىڭ تېنى تاغدىن ئۆتۈشكە يار بەرمەسمىكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە خان 1000 ئادەم بىلەن قېلىپ، بارتقا ھۇجۇم قىلسۇن، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن تاغ ئېشىش ھاجەت ئەمەس؛ قالغان 4000 ئادەم بىلەن مەن كەشمىردە قىشلاي، قالغان ئىشنى كېلەر يىل ئەتىيازدا بىرنېمە دېسەك، دېدى. سەئىدخان بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆردى.

1532-يىلى 10-ئاينىڭ ئايىقىدا، سەئىدخان بارتقا كىردى، يەرلىك ئاقساقاللار قۇللۇق بىلدۈردى. لېكىن بەزى كىچىك كاتتىباشلار قارشىلىق كۆرسەتتى. سەئىدخان ئاقساقالنىڭ باشلاپ كىرىشى بىلەن قەلئەنى ئالدى. «ئۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىندى.... بالا-چاقىلىرى بىلەن مال-مۈلكى ئولجا قىلىندى». بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلق تېخىمۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنىمۇ زېمىستان قىشنى «دەككە-دۈككە» ئىچىدە ئۆتكۈزدى. قىش چىقىپ كېتەي دەپ قالغاندا، ئاندىن مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ قوشۇنى بىلەن خەۋەرلىشىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

مۇھەممەد ھەيدەر سەئىدخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، لەشكەرلەرنى باشلاپ تېز يۈرۈش قىلىپ، كەشمىرگە كىرىدىغان بوغازدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تۇيۇقسىز تارمار قىلىپ، كەشمىرنىڭ مەركىزى سىرىناگاغا ئاسانلا كىردى. كەشمىر قوشۇنى ئۆزلىكىدىن شەھەر تېشىغا چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. مۇھەممەد ھەيدەرمۇ ئەسكەرلىرىنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن سوقۇشمىدى. 1533-يىلى ئەتىيازدا، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ قوشۇنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا

باشلىدى. لېكىن زادىلا ئەپلەشمىدى. شۇڭا ئىچكى قىسمىدا سوغۇقچىلىق تۇغۇلدى، بەزى موگغۇل ئەمىرلەر، دېھقانچىلىق رايونىدا ئۇزۇن تۇرۇشنى خالىمىدى. مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىر بىلەن سۈلھىلىشىش قارارىغا كەلدى. كەشمىر سەئىدخان نامىغا قۇتبە ئوقۇتۇشقا، پۇل قويدۇرۇشقا ۋە باج تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى، يەنى ئۆزىنىڭ قارامىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. كەشمىرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەد شاھ بىر قىزىنى ئىسكەندەر سۇلتانغا ياتلىق قىلىپ، قۇدىلاشتى. كەشمىرنىڭ سۇلتان، مەلىكىلىرىمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئارمىيىسىدىكى ئەمىرلەر بىلەن مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئالاقە ئورناتتى، بىر-بىرىنى دوست دەپ ئاتاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر كەلگەن يولى بىلەن مارىيۇلغا قايتتى، يول بويى پۇقرالارنى بۇلاپ ماڭدى. مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ مال-دۇنياسىنى تەقدىم قىلدى»، بۇ ئولجىلارنى «ئەمىر، ئەسكەرلىرىمىزگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردۇق، بىر قىسىم قىممەتلىك ئېدىرىغ ماللارنى خانغا ئېلىپ قويدۇق». مۇھەممەد ھەيدەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەئىدخان ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «چىڭگىزخان دەۋرىدىن بۇيان، خانلار نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلدى، لېكىن ھېچ كىشى كەشمىرنى كارنىيىدىن بوغۇپ بويسۇندۇرالىغان ئەمەس. بۈگۈن سىزنىڭ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىگىلمەس-سۇلماس تىرىشچانلىقىڭىز ئارقىسىدا، كەشمىرنىڭ مېھرابىدا موغۇل (موگغۇل) خاننىڭ مۇبارەك نامى مەدھىيىلىنىدىغان بولدى. بۇرۇندىن ھېچكىشىگە كەتمەن چاپمىغان كەشمىر سۇلتانلىرى بىلەن ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ كەلگەن پادىشاھلار ئەمدى موگغۇل خاننىڭ پۇقراسىغا ئايلاندى. بۇ ئۇلۇغ تۆھپە ئۈچۈن مەنلا مىننەتدار بولۇپ قالماستىن، ھەممە موغۇل خانلىرى، خان جەمەت ئاقسۆڭەكلەر، خۇسۇسەن مېنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىممۇ سىزدىن مىننەتدار بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ».

سەئىدخان ئۇلارنىڭ زەپەر بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇراسىم ئۆتكۈزدى. ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن ئەمىرلەر كەشمىر ھۆكۈمرانى سەئىدخاننىڭ نامىدا قويدۇرغان تىللا، تەڭگىلەرنى ۋە باشقا جاۋاھىرلارنى تەقدىم قىلدى. سەئىدخان قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، ئادەت بويىچە ئادەملىرىگە ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي كېڭەش ئېچىپ، كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. سەئىدخان سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، يەكەنگە قايتىپ كېتىپ دەم ئېلىشىم كېرەك دېگەن يەرگە كەلدى. «چىن كۆڭلىدىكى ئارزۇسى»— «ئۇرۇساگلارنىڭ بۇتخانىسىنى پاچاقلاش» تىن ئىبارەت بۈگۈنكىچە ھېچقانداق مۇسۇلمان پادىشاھ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان شەرەپلىك ۋەزىپىنى مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئىسكەندەر سۇلتانغا يار بولۇپ ئورۇندىشىغا تاپشۇردى. ئاندىن يەكەنگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قارا قۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، دەم سىقىلىش كېسىلى يەنە قوزغالدى. يەر شەكلى پەسرەك يەرگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈزلەپ يول يۈردى. 1533-يىل 7-ئاينىڭ 9-كۈنى، دەم سىقىلىش كېسىلى ئانچە قوزغالمايدىغان يەرگە يەنە ئۈچ پەرسەخ قالغاندا، ئۆمرى ئات ئۈستىدە جەڭ بىلەن ئۆتكەن بۇ پادىشاھ تىنىقتىن توختىدى.

مۇسۇلمان يازغۇچىلار سەئىدخانغا بەك ئىخلاس قىلىدۇ. ئۇنى كەڭ قورساق، ۋاپادار، مەرت، چەبدەس، باتۇر، جەڭگىۋار، سۆزلەشنىمۇ، يېزىشنىمۇ بىلىدۇ، مۇزىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، ھەر خىل سازلارنى چالالايدۇ، دەپ تەرىپلەيدۇ. «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئاپتورى، سەئىدخان دۆلەتنى «بەك رەتلىك ئىدارە قىلدى، يۇقىرىسى تۆرە-ئېسىلزادىلەردىن تۆۋىنى ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە كىشى خوشال-خورام، غەم-قايغۇسىز ئۆتتى» دەيدۇ. سەئىدخان ھەقىقەتەن بىر قەدەر ياخشى پادىشاھ، يىراقنى كۆرەر سىياسىئون ئىدى. ئۇ خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئومۇملۇقنى ئەلا بىلىپ، مەنسۇرخان بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن يارىشىپ، نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى يېغىلىق تۈپەيلىدىن ھالىدىن كەتكەن ئاھالىگە دەم ئېلىپ دەرمان توپلاش پۇرسىتى، سۇنغان، چېكىنگەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىگە يېشىنلىش، يۈكسىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. لېكىن ئۇ مالىيە جەمئىيەتتىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش، ئەسكەرلەرنى رام قىلىش، ئەمىرلەرنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش، خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سىرتقا قارىتا بىر قاتار ئۇرۇشلارنىمۇ قىلدى. بۇنداق بۇلاڭچىلىق، زورلۇق-زومبۇلۇقنى ئادەتتە قىلچە يوشۇرمايتتى. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئۇرۇشلار كۆپىنچە ھەربىي ۋە سىياسىي جەمئىيەتتىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە

يېتەلىگەن ئەمۋال نالايىتى ئاز، ئەكسىچە، تولا چاغلاردا ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنى دېھقانچىلىق رايونىغا ئېلىپ كىرىپ دەسلەپكى ھاكىمىيىتنى قۇرغان خان بولغىنى ئۈچۈن، تارىخنىڭ بۇ «غەلىتە چەمبىرىكى»دىن ئۈزۈلۈپ چىقىشقا كۈچى يەتمىدى. بۇ «غەلىتە چەمبىرەك»نى بۆسۈپ چىقىپ، خانلىقنى رونەق تېپىش، گۈللىنىش دەۋرىگە ئېلىپ كىرىش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك ئەۋلادىغا ۋە خەلق ئاممىسىغا باقى قالدى. لېكىن ئۇ تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان خانلىقنىڭ ئاسىلچىسى سۈپىتىدە قولىدىن كەلگەننى قىلدى، ئۇ مەڭگۈ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى، خەلق تەرىپىدىن خاتىرىلىنىدۇ. (ئىزاھاتى قىسقارتىلدى).

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايشەمگۈل، رىشىدە مامۇت، جۇمەخۇن

---

(بېشى 82 ـ بەتتە)

## ئىزاھلار:

① «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، V توم 20ـ بەت، خەنزۇچە نەشرى.
⑥ ② چاۋاننېس: «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» فىڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى، جۇڭخۇا كىتاب نەشرىياتى 1958ـ يىل نەشرى 1ـ 201ـ بەتلەر.
③ ۋاڭ خۇمىن: «ئىلپا قاغان غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى»، «تارىخ تەتقىقات ژۇرنىلى» 1982ـ يىللىق 2ـ سان.
④ «يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 215ـ جىلد.
⑧ ⑤ لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 1988ـ يىللىق نەشرى، 104ـ، 105ـ بەتلەر.
⑦ مورى ملساۋ: «شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئەمەل مەنسەپ ناملىرى توغرىسىدا، غا كىرىش سۆز»، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى مەجمۇئەسى» 37ـ جىلد، 3ـ سان.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# قەدىمكى مەنبەلەردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قەبىلىلەر مۇناسىۋىتىگە نەزەر

قۇربان تۇران

مىلادى 745 - يىلى كۆل بىلگە ئۆزىنى «قاغان» دەپ ئېلان قىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «تېلې قەبىلىلەر ئىتتىپاقى» دېگەن نامنىڭ ئورنىنى «توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى»① دېگەن ئورتاق نام ئىگىلىدى. موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرمۇ بۇ ئىتتىپاققا كىردى. ئەمما «ئىككى تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى» غا كىرگەن ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ ھەقتە كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش - ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## I

كېيىنكى شەرقىي كۆك تۈرك خانلىقى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار شىمالىي ئاسىيا يايلىقىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزى بىلەن ھۆكۈمرانلىق سەلتەنىتىنى تالىشىۋاتقان باسمىل، قارلۇق، قىرغىز، قىتان - تاتابى ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ خىرىسلىرىغا دۇچ كېلىپ تۇردى. بولۇپمۇ باسمىل، قارلۇق، قىرغىز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەڭ كۆزدىلىك بولدى.

باسمىللار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت - ئۇيغۇرلار قارلۇق ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ، كېيىنكى شەرقىي كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى ئۆزمىش تېكىننى ئۆلتۈرۈپ، باسمىللارنىڭ ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى بىلەن باشلانغانىدى. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «تيەنباۋ(天宝)نىڭ دەسلەپىدە (742 - يىلى) كۆل بىلگە ۋە قارلۇق [ئاقساقىلى] ئۆزلىرىنى ئوڭ - سول يابغۇ دەپ ئېلان قىلىپ، باسمىللارغا ھەمدەملىشىپ، ئۆزمىش قاغاننى مەغلۇپ قىلدى. 3 - يىلى (745 - يىلى) ئۇيغۇرلار قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، باسمىللارغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە [باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى] ئېل تەرىش قاغاننى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.... ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ئارىلىقىدا بارگاھ قۇرۇپ، كۆل بىلگىنى [قۇتلۇق بىلگە قاغان] دەپ ئېلان قىلدى»②. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دەسلەپتە ئۇيغۇر قەبىلىسى مەيلى سىياسىي تەسىر، مەيلى ئەمەلىي كۈچ جەھەتتىن بولسۇن بىردەك باسمىللاردىن كېيىن تۇراتتى، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقىلىغا «يابغۇ» ئۇنۋانىنىڭ بېرىلىشىگە ۋە قاغانىنىڭ باسمىل قەبىلىسىدىن سايلىنىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرغانىدى. كېيىن كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار باسمىللارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز ئاقساقىلىنى [قاغان]لىق ئورنىغا كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دەسلەپكى ھۇل سېلىندى. ئەمما بۇ يەردە ئۇزۇندىن بېرى سەل قارىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن باسمىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە باسمىللار ئەنە شۇ يىلى (745 - يىلى) ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلدى دەپ قارالماقتا. ئۇلار بۇنداق دېيىشتە «يېڭى تاڭنامە» دىكى « كېيىن باسمىل ۋە قارلۇقلار

بىلىشتۇرۇلۇپ، [ئۇيغۇرلار رايوندا] جەمئىي 11 ئوتتۇق تەسىس قىلىندى، ئۇرۇش بولغاندا بۇ ئىككى قەبىلە ھەمىشە سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزىلىدۇ»③ دېگەن بايانلارنى ئاساس قىلغان. ھالبۇكى، «يېڭى تاڭنامە» دىكى «كېيىن» دېگەن سۆزنىڭ دەۋر مەسىلىسى ـ پىكىر مۇقەسسەدىن چەتتە قالدۇرۇلغانىدى، ئەمما «يېڭى تاڭنامە» دىكى مۇنۇ بايانلار يۇقىرىقى «ئۆزگۈل ـ كېيىل تارمار قىلىنىش» مەسىلىسىنى ئېنىكار قىلىدۇ: «تيەنباۋنىڭ دەسلەپىدە بىسمىللار ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈرك قاغانىنى ئۆلتۈردى، ئۈچ يىلدىن كېيىن (745 ـ يىلى) قارلۇق ۋە ئۇيغۇرلار ئۇنى قايتىق مەغلۇپ قىلغانلىقتىن، بىسمىل قاغانى بېشبالىققا قېچىپ كەتتى.»④

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا قاغان تەڭرىنىڭ شۇ خەلققە ئەۋەتكەن ئەلگە ئالىي ھۆكۈمرانى ھېسابلىناتتى، قاغاننىڭ مەۋجۇتلۇقى بولسا شۇ خەلقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ ئەلگە يارقىن ئىپادىسى ئىدى.⑤ بىسمىل قاغانمۇ بېشبالىققا قاچقاندا، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مۇئەييەن ساندىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى (بۇلارنىڭ ئىچىدە زور تەسىرگە ئىگە غوللۇق سانغۇنلار، بۇيرۇقلار بولۇشى مۇمكىن) ھەمراھ قىلغان. ئەمما بىسمىللارنىڭ ھەربىي كۈچى كۆپىرى زورىيىۋاتقان ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان قارشىلىقى زادىلا توختىمىدى. ئۇلار باشقا قەبىلىلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن دۈشمەن ھالەتتىكى قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى قاغانلىق سەلتەنىتىنى ئۇيغۇرلاردىن قايتۇرۇۋېلىشقا ئىزچىل تۇردە ئۇرۇنۇپ كەلدى، بەزىدە ھەتتا ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋاقىتمۇ بولدى. «ئىككى تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنمىغان بۇ ۋەقەلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى( I )» دا بايان قىلىنىدۇ. مەزكۇر مەڭگۈ تاشتىكى «بىسمىللار بىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۆيۈمگە (خان ئوردىسىنى كۆرسىتىدۇ ـ ئا) بېسىپ كەلدى، ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدىم»⑥ دېگەن قۇرلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بايانچۇر قاغاننىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەقەلەرنىڭ يىل دەۋرى مىلادى 752 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەمما بىزگە ئېنىق بولمايۋاتقان يەنە بىر مەسىلە ـ بىسمىللار زادى قايسى شەكىلدە، قانداق جەريان ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان؟ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە «ئىككى تاڭنامە»، «ئەلنى باشقۇرۇشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»، «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى مەكتۇپلار توپلىمى»، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ۋەسىقە توپلاملىرىدا ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن، مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدە بۇ ۋەقەلەرنىڭ راستىنلا يۈز بەرگەنلىكى تولۇق ئاساسلار بىلەن كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما تېبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى سەۋەبىدىن مەڭگۈ تاشتىكى بىر ئۈچۈن ئەلگە قىممەتلىك مەنبە ھېسابلانغان بەزى مەزمۇنلار بۇزۇلۇپ كەمتۈك بولۇپ قالغان. شۇنداق بولسىمۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىغان بۇ ۋەقەلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى يەنىلا مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «.....دۈشمەنلىشىپتۇ. تۈگۈنبەگ ۋە قارا بولۇقتا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلارغا ئادەم (ئەلچى) ئەۋەتىپ [سىلەر قوشۇن چىقىرىڭلار، چىكلارنىمۇ چىقىرىڭلار] دەپتۇ، [دىققەت قىلىڭلار ئورمانلىقتا ئۇچرىشايلى] دەپتۇ. [ئۆتۈكەن (دىكى خان ئوردىسىغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلايلى؟)] دەپتۇ. توققۇزىنچى كۈنى قوشۇن چىقاردىم، ئوتتۇق بېشى بىلەن چىكلارغا مىڭ ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ يۇرتىغا ئاز ساندىكى ئەرلەرنى ئەۋەتتىم. قىرغىز خانى كۆكمەن تېغى («تاڭنامە» دىكى 山 ني كۆرسەتسە كېرەك ـ ئا) ئىچىدىكى ئۆيىدە ئىكەن، ئاتلىق پايلاقچىسىنى ئىتتىپاقداشچىلىرىنىڭكىگە ئەۋەتىپتۇ. ئاتلىق پايلاقچىلىرىنى مېنىڭ يىگىتلىرىم يېڭىپ، [تىل] (ئەسىر) قىلىپ تۇنۇپتۇ. بۇ تۇتۇلغان تىل: [(قىرغىز) خانىغا ئىتتىپاقداشچىلىرى ياردەمگە كەلدى، لېكىن قارلۇقلار ياردەمگە كەلمىدى] دەپتۇ.»⑦

بۇ ئابزاستىكى «دۈشمەنلىشىپتۇ» دېگەن سۆز جۈملە خەۋىرى بولۇپ كەلگەن، ئەمما جۈملىنىڭ ئىگىسى بار ئورۇن مەڭگۈ تاشتا بۇزۇلغان بولۇپ، كىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس؛ ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدىكى يېڭى قۇرۇلغان ياكى قوشنا رايوندىكى ئۇيغۇرلارغا قارشى مەلۇم قەبىلە ـ خەلق ئىكەنلىكى ئېنىق، يەنە كېلىپ ئۇلار قىرغىزلار بىلەن يېقىن ئىتتىپاقداش بولۇپ ئۆتكەن. ئۇنداقتا ئۇ قايسى قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ؟

«يېڭى تاڭنامە» دە: «ئۇيغۇرلار بۆگۈ، تونگرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ تۈركلەرگە قارشى چىقتى ۋە ئۆزلىرىنى [ئېركىن] دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ [ئۇيغۇر] دەپ ئاتالدى»⑧ دەپ،

ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بايان قىلىنىدۇ ۋە بۆكۈ، توگرا، بايىرقۇ، خۇن قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. باشقا مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكمۇ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارغا قارشى قەبىلىلەر يۇقىرىقىلار ئەمەس بەلكى مۇئەييەن ھەربىي ھۇجۇم كۈچىگە ئىگە بولغان قىرغىزلار، چىكلار، توققۇز تاتارلار، سەككىز ئوغۇزلار، قارلۇقلار، باسمىللار قاتارلىق قەبىلىلەر ئىدى. مەڭگۈ تاشتىكى يۇقىرىقى ئابىزاستىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن «دۈشمەنلەشكەن» نامەلۇم قەبىلە ــ قىرغىزلار ئەمەس؛ نامەلۇم قەبىلىنىڭ ئەلچىسى قىرغىزلارغا چىكلارنىمۇ ھۇجۇمغا قاتناشتۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن، دېمەك بۇ نامەلۇم قەبىلە چىكلار ئەمەس؛ «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» نىڭ باش قىسمىدا: «يۈكەنگۈكتە سەككىز ئوغۇز (قېتانلار بۇ دەۋردە ئالشۇنداق ئاتىلاتتى ــ ئا)، توققۇز تاتارلارنى قالدۇرمىدۇق»⑨ دېيىلگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ئىككى قەبىلە ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۇزۇل ــ كېسىل بويسۇندۇرۇلغان، دېمەك بۇ نامەلۇم قەبىلە سەككىز ئوغۇز ياكى توققۇز تاتارلارمۇ ئەمەس؛ قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان پايلاقچىسى قىرغىزلارغا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكىنى، ئەمما قارلۇقلارنىڭ ياردەمگە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان، دېمەك بۇ نامەلۇم قەبىلە قارلۇقلارمۇ ئەمەس. مۇشۇنداق بولغاندا ئەڭ ئاخىرىدا ئېشىپ قالغىنى پەقەت باسمىل قەبىلىسى بولىدۇ. ھېچقانداق تارىخي مەلۇمات بولمىغان ئەھۋالدا، قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئاشۇ نامەلۇم قەبىلىنى باسمىللار، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ قىياسنى «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى «باسمىللار بىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۆيۈمگە بېسىپ كەلدى» دېگەن قۇرلارمۇ ئىسپاتلايدۇ.

باسمىللار ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئاۋۋال قىرغىزلار بىلەن، كېيىن قارلۇقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن. مەڭگۈ تاش مەزمۇنىدىن قارىغاندا، باسمىللار قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئۇرۇش قىلىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان، بۇنداق ئەھۋالدا باسمىللار ئىلاجىسىز قارلۇقلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما قارلۇقلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقان باسمىللارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى قارلۇقلارنىڭ شەرقىدە بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ زەربىسى ئالدى بىلەن باسمىللارغا تەگكەنىدى. مەڭگۈ تاشتا ئۇيغۇرلارنىڭ 752 ــ يىلدىن كېيىن باسمىللار بىلەن ئۈچ قېتىم قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى ۋە باسمىللارنىڭ ئارقا ــ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم 754 ــ يىلى يۈز بېرىدۇ، «شۇندىن تارتىپ باسمىل ۋە قارلۇقلار يوقىتىلدى».

I

بۇ چاغدا باسمىللار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلاشقان يېنىسەي قىرغىزلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي رەقىبى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرى، يۇقىرى دەرىجىدىكى جەڭگىۋارلىققا ئىگە زور ھەربىي قوشۇنىنىڭ مەۋجۇتلىقى قىرغىزلارنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ئۆزىگە بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە» دە: «جېنيۈەن (贞元) نىڭ 1 ــ يىلى (مىلادى 758 ــ يىلى) 9 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى ئۇيغۇرلار [تاڭ سۇلالىسىگە] ئەلچى ئەۋەتىپ، قىرغىزلارنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى مەغلۇب قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى» دېيىلسە، «يېڭى تاڭنامە» دە «جېنيۈەننىڭ دەسلەپىدە ئۇيغۇرلار قىرغىزلارنى قاتتىق مەغلۇب قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن قىرغىزلارنىڭ سۇلالىمىز بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى»⑪ دېيىلگەن. بۇ، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا قىرغىزلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە، ئوچۇق ــ ئاشكارا ئېلىپ بارغان قارشىلىقى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما خاتىرىلەرنىڭ بىرىدۇر. خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا قىرغىزلارنىڭ 80 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بولۇپ، تۈركلەر تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار شىمالىي ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئەمما كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇيغۇرلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەر قايسى قەبىلىلەرنى ئارقا ــ ئارقىدىن ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزىۋالدى. بۇ مەزگىلدە ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە قەدەم قويىۋاتقان بولغاچقا، شۇ قاتاردا قىرغىزلارنىمۇ بويسۇندۇردى ھەمدە

«ئۇيغۇرلار قىرغىز ئەقساقىلى ئارى ( 阿热 )غا [بىلگە تون كەچىن] دېگەن نام بېرىپ»[12] ئۇلارغا ھامىلىق شەكلىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئەمما، 795 ـ يىلىغا كەلگەندە خاقانلىق ئىمتىيازى ياغلاقار ئۇرۇقىدىن ئەدىز (ئابدال) ئۇرۇقىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋەقە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەخت تالىشىش كۈرەشنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. بۇ خىل ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان ئارى مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۇيغۇر خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئۆزىنى «قاغان» دەپ ئاتىدى.[13] ئۇلارغا قارشى ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر لەشكەرلىرى تۇنجى قېتىم ئېغىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى. «ئارى ئۇيغۇر قاغانىغا مەكتۇپ يوللاپ، [سېنىڭ ئەجەل ـ پەيمانىڭ توشتى. مەن ئوردائىنى ئىشغال قىلىپ، ئورداڭنىڭ ئالدىدا تۇلپارلىرىمنى چاپتۇرماقچى، تۇغ ـ ئەلەملىرىمنى تىكلىمەكچى، قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولساڭ كەل، بولمىسا يوقال] دەپ ھاقارەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمىدى.»[14]

مۇشۇ قېتىمقى مەكتۇپ ـ ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى تەشەببۇسكارلىق ئورنىدىن ھەقىقىي يوسۇندا ئايرىلىپ قالغانلىقىنى تولۇق ئاشكارا قىلدى. شۇنداقلا بۇ، كېيىنكى قېتىم قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنى ۋەيران قىلىدىغان بىردىن ـ بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ قالغانلىقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى بولۇپ قالدى.

## II

ئۇيغۇرلار تۈركلەرنى ئاغدۇرۇشتا ھەمكارلاشقان ئىتتىپاقداشلىرىنى «بىر ـ بىرلەپ يوقىتىش» ستراتېگىيىسى بىلەن تارمار كەلتۈرۈپ خانلىق قۇرغاندىن كېيىن، قارلۇقلارغا بولغان بېسىم تەبىئىي ھالدا ئېغىرلاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ توختاۋسىز ھۇجۇمىدا قارلۇقلار ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ بولدى. «يېڭى تاڭنامە» دە: «جىدى يىلى (756 ـ يىلى) دىن كېيىن قارلۇقلار تەدرىجىي كۈچىيىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن زېمىن تالىشىشقا باشلىدى ۋە ئون ئوق خاقان زېمىنىغا كۆچۈپ كەتتى» [15] دېيىلگەن. ئەمما «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «شۇنىڭدىن كېيىن، توخو يىلى (754 ـ يىلى) ئۈچ قارلۇق [16] كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى، غەربتىكى ئون ئوق خەلقىگە قوشۇلدى. توڭگۇز يىلى (747 ـ يىلى) مەغلۇپ قىلدىم»[17] دېيىلگەن.

يۇقىرىقى ئىككى مەنبەدە كۆرسىتىلگەن ۋاقىت ئون يىل ئەتراپىدا پەرقلىنىدىغان بولۇپ، كىشىنى دىماللىققا گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە، 745 ـ يىلىدىكى كۆچۈشتە قارلۇقلارنىڭ ھەممىسى كۆچمىگەن، بەلكى بىر قىسمى كۆچكەنىدى. چۈنكى مەڭگۈ تاشتىكى مۇنۇ قۇرلار قارلۇقلارنىڭ مۇئەييەن سانىدىكى بىر بۆلىكىنىڭ كېيىنمۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «سىرتتىن ئۈچ قارلۇق، ئۈچ ئىدۇق، تاتار....ئۆتۈنگەنىدە مەن ئۇلارغا زەربە بەردىم». بايانچۇر قاغان ئالشۇ قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۆتۈنگەن تېخىدا قارلۇقلارغا زەربە بەرگەن، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا» يەنە «ئۇلار(بەسمىللار) قارلۇقلارغا ئادەم ئەۋەتىپ [ئىچكى قىسمىنى قالايمىقانلاشتۇرايلى، سىرتتىن قاپسايلى] دېيىشىپتۇ» دېيىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: بەسمىللار ئون ئوق يېرىگە كۆچكەن قارلۇقلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن ئۆتۈكەن ۋادىسىدىكى قارلۇقلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، ئون ئوق زېمىنىدىكى قارلۇقلار بىلەن سىرتتىن ھەمدەملىشىش توغرىسىدا پىلان تۈزگەن. ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت يەنىلا مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار قارلۇقلارغا قارىتا قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇ بېسىم سىياسىتى «جىدى يىللىرىدىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ ئون ئوق خاقان زېمىنىغا (يەنىلا) كۆچۈپ كېتىشى» نى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا مەڭگۈ تاشتىكى ۋەقەلەر باياندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتۈكەن ياكى ئورخۇن ـ سېلىنگا ۋادىسىدا قارلۇقلارغا زەربە بەرگەنلىكى شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىمايدۇ. بەلكى «ئۇ يەردىن قوغلاپ ماڭدىم. بەسمىللارنى قالدۇرۇپ، قارلۇقلارنى يوغرا تۈزلەڭلىكىدە سانچىدىم. ئۆتۈپ ئون كۈن ئىلگىرى ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ» دېيىلىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل مەنبەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى [ئون يىل ئەتراپىدىكى پەرق] ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىگە تامامەن توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىن قاتتىق نارازى بولغان قارلۇقلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۈبۈتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن تۈبۈت قوشۇنىغا مالىلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇن ـ بېشبالىققا ھۇجۇم قىلدى. بېشبالىق تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى يېگەن قىلىس ئۇدا ئۈچ قېتىم قوشۇن تارتىپ بېشبالىقنى قايتۇرۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. «شۇنىڭ بىلەن قارلۇقلار قاغانسىي ( 浮图川 ) نى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇيغۇرلار قاتتىق چۆچۈپ، بۇ جايدىكى قەبىلە ۋە مال ـ چارۋىلىرىنى جەنۇبقا كۆچۈردى» . ئەمما، 787 ـ يىلى («يېڭى تاڭنامە» دە «جېنيۈەننىڭ 2 ـ يىلى» دېيىلگەن) يېگەن قىلىس ئاخىرى تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە بېشبالىقنى قايتۇرىۋالدى. ئەنە شۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، قارلۇقلار بېشبالىق ئەتراپىدىن تېخىمۇ يىراققا ـ چۇ ۋە تالاس ۋادىسىغا كۆچۈپ، قارلۇق خانلىقىنى قۇردى. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش تارىخىغا ئاخىرقى يوسۇندا خاتىمە بېرىلدى.

<u>ئىزاھلار:</u>

①قۇربان تۇران: «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر ھەققىدە مۇھاكىمە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»1995ـيىللىق 1ـسان. 87ـ104ـبەتلەر. «تېلې قەبىلىلەر ئىتتىپاقى»، «توققۇز ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقى» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر بىرلەشمىسى» توغرىسىدا يۇقىرىقى ماقالىدە تەپسىلى توختالغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ يەردە قايتا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلمىدى.

②③④⑧⑪⑫⑬⑭⑮ «يېڭى تاڭنامە» 217ـجىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6114ـ، 6144ـ، 6111ـ، 6149ـ، 6143ـبەتلەرگە قارالسۇن.

⑥⑦⑨⑩⑰ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 119ـ، 118ـ، 115ـ، 121ـ، 115ـبەتلەرگە قارالسۇن.

⑤ ئا.ۋ.ئانوخىن: «ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ شامان دىنىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، لېنىنگراد، 1925ـيىلى رۇسچە نەشرى، 137ـبەت.

⑯بۇ يەردە قارلۇقلارنىڭ ئۈچ قەبىلىدىن تەشكىللەنگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

# تارىخشۇناس راشىددىن ۋە ئۇنىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرى توغرىسىدا

ئىسمائىل مەخلىك

XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭگىزخان جەمەتى ئاساس قىلىنغان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھۇلاكۇ زور قوشۇن بىلەن غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، 1256 ـ يىلى پۈتكۈل ئىران زېمىنىنى ئىگىلىدى. كېيىندىنلا ئەرەب زېمىنىغا يۈرۈش قىلىپ، 1258 ـ يىلى 500 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىراننى مەركەز قىلغان غەربىي ئاسىيا رايونىدا بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىدىكى تۆت چوڭ خانلىقنىڭ بىرى ـ ئىلخان خانلىقىنى قۇردى.

ئىلخان خانلىقى قۇرۇلۇپ تەخمىنەن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇلاكۇنىڭ نەۋرىسى ـ يەتتىنچى ئەۋلاد ئىلخان غازان خان (1295 ـ يىلدىن 1304 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) چىڭگىزخان جەمەتى باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنى ھىجرىيىنىڭ 770 ـ يىلى (مىلادى 1300 ـ، 1301 ـ يىللار) شۇ چاغدىكى باش ۋەزىر راشىددىنغا تاپشۇردى. لېكىن راشىددىن بۇ تارىخنى يېزىپ پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن، يەنى 1304 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غازان خان ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇنىڭ ئىنىسى ئولجايتۇخان تەختكە چىقتى. 1307 ـ يىلى كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى رەسمىي يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئولجايتۇخان كىتابنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاكىسى غازان خاننى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن بۇ كىتابقا تارىخىي ئەسەرگە «تارىخى غازان خان» دەپ نام بەردى. كېيىندىنلا ئۇ راشىددىنغا يەنە دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى مەزمۇن قىلغان بىر تارىخ كىتاب يېزىپ چىقىشنى، ئاندىن يەنە دۇنيادىكى ھەر قايسى رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان بىر كىتاب يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇدى، بۇ ئۈچ كىتاب قوشۇلۇپ «جامىئۇل تاۋارىخ» دەپ ئاتالدى. ھىجرىيە 710 ـ يىلى (مىلادى 1310 ـ، 1311 ـ يىللار) «جامىئۇل تاۋارىخ» يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئولجايتۇخان مەزكۇر كىتابنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

راشىددىن فەزلۇللاھ ئىبنى ئوبۇلخەيرى ئەلى ھەمەدانى 1247 ـ يىلى ئىراننىڭ ھەمەدان شەھرىدە تۇغۇلغان. غەرب ئالىملىرىدىن سىپلېر قاتارلىقلار راشىددىننىڭ ئەجدادلىرى ئەسلىدە يەھۇدى، ئۇنىڭ ئاتىسى بولسا بىر يەھۇدى دورىگەر ئىدى. راشىددىن 30 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، يەنى ئىككىنچى ئەۋلاد ئىلخان ئاباغانىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان چېغىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، دەپ قارىشىدۇ. بارتولد قاتارلىقلارمۇ بۇ خىل قاراشنى قوللايدۇ، لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى پېتروشېۋسكى بولسا، راشىددىننىڭ بوۋىسى ئۆز زامانىسىدا تونۇلغان مەشھۇر ئالىم ھەم تېۋىپ مۇۋەففەقىتۇللاھ ئەلى دېگەن كىشى بولۇپ، ھۇلاكۇ ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پايتەختى ئالاموت شەھرىنى ئىشغال قىلىشتىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرىلا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بۇ شەھەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھۇلاكۇ ئالاموتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ھۇلاكۇغا بەيئەت قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇۋەففەقىتۇللاھ ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى باشتىن ـ ئاخىرى ئىلخان خانلىقىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. راشىددىننىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىدە گەرچە تالاش ـ تارتىشلار بولسىمۇ، لېكىن، راشىددىننىڭ بەزى يازما خەت ـ چەكلىرىدىن ئۇنىڭ سۈننىي

مەزھىپىدىكى چىن ئېتىقادلىق مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

راشىددىن ئۆز ئۆمرىدە خېلى كۆپ ئەسەر يازغانىدى، لېكىن ئۇنى ئەڭ يۇقىرى ھەم ھەقىقىي ئابرۇيغا ئىگە قىلغىنى مەشھۇر تارىخى ئەسەر — «جامىئۇل تاۋارىخ» تىن ئىبارەت. بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىردە پارس تىلىدا يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي ھەم ئىخچام، تەسۋىرى جانلىق بولۇپ، گۈزەل ھەم پىساھەتلىك پارس تىلىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئەينى مەزگىلدىكى بىر قىسىم يازغۇچىلارغا ئوخشاش ھەددىسلا ئالجىيىپ — غارايىپ سۆزلەرنى قىلىپ، ۋەقەلىكلەرگە ھەددىدىن — زىيادە دەبدەبىلىك تۈس بېرىدىغان، خەت ئويۇنى، شېئىرى تېپىشماق شەكلىدىكى تىل نەيرەڭۋازلىقلىرىنى ئىشقا سېلىپ سىلىق — سىپايە ھەم نازاكەتلىك ئىپادىلەرنى بولۇشىچە ئىشلىتىپ، ئەدەبىي شەكىلنى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، شۇ ئارقىلىق تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن پاكىتلارنىڭ قىممىتىنى يوققا چىقىرىدىغان ياكى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان ئىللەتلەر يوق. ئەسەرنىڭ شەكلىنى ئەسەر مەزمۇنىغا بويسۇندۇرۇلغان ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى نەزمە تۈسىنى ئالغان مول مەزمۇنلۇق ئوخشىتىشلار بىلەن تەمسىللەر ناھايىتى جايىدا ئىشلىتىلگەن.

«جامىئۇل تاۋارىخ» — ئەرەب، پارس ۋە تۈركلەرنىڭ تارىخى — دۇنيا تارىخىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئوكيانغا قويۇلۇۋاتقان سانسىزلىغان دەريالارنىڭ بىرى خالاس. دۇنيا تارىخى ئەينى مەزگىلدە تونۇلغان مەركىزى ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەردىن باشقا، يەنە ئەڭ غەربتىكى «پەرەڭلەر» (غەربىي ياۋروپالىقلار) دىن تارتىپ، ئەڭ شەرقتىكى خەنزۇلارنىڭ تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل دۇنيا تارىخى بولۇشى كېرەك — دېگەن پىكىرچى ئىدىيە ئاساسىدا يېزىلغانىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، راشىددىن: ئىلگىرىكى ئادەم ئەلەيھىسساللامدىن تارتىپ مۇھەممەت ئەلەيھىسساللامغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۇنيا تارىخىنى ئىسلام دىنىنىڭ بۇرۇنقى تارىخى، يەنى مۇھەممەت ئەلەيھىسساللامنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى، ئەۋلىيا — ئەنبىيالارنىڭ تارىخى دەپ قارايدىغان، ھىجرىيە يىلنامىسى باشلانغاندىن كېيىنكى دۇنيا تارىخىنى ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى دەپ قارايدىغان تار دائىرىلىك ئەنئەنىۋى دىنىي نۇقتىئىنەزەرنى تۇنجى قېتىم بۇزۇپ تاشلىغان مۇسۇلمان تارىخشۇناس ھېسابلىنىدۇ.

«جامىئۇل تاۋارىخ» نىڭ 1 - قىسمىنى، يەنى چىڭگىزخاندىن ئىلگىرىكى تۈرك، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىنى راشىددىن ئۆزى يازغانىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ھەم يېقىن شەرق رايونىدا تۈرك، موڭغۇل تارىخىغا ئائىت بىرەر مەخسۇس ئەسەر تېخى يورۇققا چىقمىغانىدى. شۇڭا راشىددىن ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىنى يېزىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق ھەم ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش كۆردى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، پارس تارىخشۇناسى جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ھەمدە ئىلخان خانلىقىنىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى موڭغۇل تىلىدا يېزىلغان «ئالتۇن دەپتەر» دېگەن كىتابتىن پايدىلانغانىدى. ئۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئوبيېكتىپ تارىخىي جەريانلىرىنى ئىمكانقەدەر ئەينەن ھەم توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش، شۇ ئاساستا ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىيال توپلاشتىن سىرت، يەنە ھەر قايسى مىللەت ئىچىدىن چىققان، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، ئۆرپ — ئادەتلىرىنى ۋە رىۋايەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىمۇ ئۇ ئەسەرنى يېزىش ئىشىغا بىۋاسىتە تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ ھەقتە ئۇ «جامىئۇل تاۋارىخ» نىڭ 1 - قىسمىدىكى كىرىش سۆزىدە: «بۇ يازما ماتېرىياللار ئىچىدىكى بۇنىڭدىن بۇرۇن مەيلى تەپسىلىي ياكى قىسقىچە بولسىمۇ ئىسلا بايان قىلىنمىغان جايلىرى جۇڭگولۇقلارنى، ھىندىستانلىقلارنى، .... قىپچاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرىنى، دانىشمەنلىرىنى ۋە ئېسىلزادىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ پىكىر ئېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىندى» دەپ يازىدۇ①. ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا ئۇ موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ۋەزىر بولاتنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى تارىخىنى پىششىق بىلىش جەھەتتە ۋەزىر بولاتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان غازان خان ۋە باشقا موڭغۇل، تۈرك مۆتىۋەرلىرىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ماتېرىياللارغا ئېرىشىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە باشقا غەيرىي مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى يېزىش ئۈچۈن، راشىددىن يەنە جۇڭگو تارىخىدىن خەۋىرى بار ئىككى نەپەر جۇڭگولۇق ئالىمنى، ھىندىستان تارىخىدىن خەۋىرى بار كەشمىرلىك بىر راھىبنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىدۇ. بۇ ھەقتە بارتولد مۇ ئۆزىنىڭ «ياۋروپا ۋە روسىيىنىڭ شەرقشۇناسلىق تارىخى» دېگەن كىتابىدا «جامىئۇل تاۋارىخ» تا يېزىلغان غەربىي ياۋروپا تارىخى توغرىسىدىكى ساۋاتلارنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، فرانسىيىلىك كاتولىك دىنى مۇخلىسلىرىنىڭمۇ مەزكۇر كىتابنىڭ بىر قانچە باپلىرىنى يېزىش ئىشىغا قاتناشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ يازغانىدى.

دېمەك، يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن «جامىئۇل تاۋارىخ» نىڭ راشىددىننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ھەم نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى ئارقىسىدا يېزىلىپ پۈتكەن ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«جامىئۇل تاۋارىخ» نىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بولۇپمۇ 1 - قىسىمدا بايان قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ۋە ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشلىرى، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن ۋە رىۋايەتلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر قانداق بىر ماتېرىيالدا راشىددىن بايان قىلغاندەك مۇكەممەل ھەم توغرا بايان قىلىنغان ئەمەس.

«جامىئۇل تاۋارىخ» نىڭ تۈرك، موڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كېيىنى زاماندىكى كىشىلەرمۇ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئولجايتۇخان بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىقىپ: «كىتابتا يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى شەك - شۈبھىسىز توغرا، ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭغا ئەيىب قويالمايدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم بۇنداق ئىش ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ باقمىغان ھەم ئۇنى تارىخ سەھىپىسىگىمۇ كىرگۈزمىگەن. تارىخىي ۋەقەلەردىن، خەلق رىۋايەتلىرىدىن ۋە بارلىق تەپسىلاتلاردىن ئىتراپلىق خەۋىرى بار كىشىلەر بۇنىڭغا ئەيىب قويۇش بۇياقتا تۇرسۇن بەلكى جەزمەن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. بۇگۈنگە قەدەر بۇنىڭدەك توغرا، تەپسىلى ۋە ئېنىق يېزىلغان بىرەر ئەسەر تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىدى» دېگەنىدى②. ھەممىگە ئايانكى، ياۋروپادا ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى دۇنيا تارىخىنىڭ يېزىلىشى XV ئەسىردىن كېيىن، يەنى جۇغراپىيىلىك چوڭ بايقاشتىن كېيىن باشلانغان. «جامىئۇل تاۋارىخ» تا غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، ۋىزانتىيىنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ XI – XII ئەسىرلەردە ياۋروپادا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر ئىنتايىن توغرا خاتىرىلەنگەن.

راشىددىننىڭ تارىخشۇناسلىق ئىدىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنى ئۆز زامانىسىدىكى ئادالەتپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر ۋە دېموكراتىك روھقا ئىگە ئۇلۇغ تارىخشۇناس دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. كىتابنىڭ ئومۇمىي كىرىش سۆز قىسمىدا، ئۇ: «تارىخشۇناسلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يازما خاتىرىلىرى ۋە ئاغزاكى باياناتلىرىنى ئەسلى مەزمۇنى بويىچە شۇ مىللەت ئارىسىدا ئومۇملاشقان كىتابنامە ۋە شۇ مىللەت ئىچىدىكى ئالىي نەسەبلىك زاتلارنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى ئارىسىدىن تاللاپ چىقىپ قايتىدىن شەرھلەشتۇر. . . . ناۋادا ئۇ (تارىخشۇناس) يېزىق جەريانىدا ئۆز بىلگىنىچە قىسمەن ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ قويسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ يازغان نەرسىلىرى مۇتلەق ئاساسسىز ۋە ناتوغرا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ③. دېمەك، راشىددىن بۇ يەردە پەقەت تارىخشۇناسلارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تارىخ ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ جەزمەن تارىخ ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكىنى، يەنە ئۆزى بايان قىلماقچى بولغان مىللەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئوبيېكتىپ تارىخىغا ھۆرمەت قىلىپ، تارىخىي

پاكىتلارنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىغا ئاساسەن خالىغانچە ئۆزگەرتمەستىن، ئەسلى مەزمۇن بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان نۇقتا شۇكى، راشىدىدىن ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى ئېتىقادى ۋە روھى - ھالىتىنى نەزەردە تۇتۇش لازىملىقىنى، چۈنكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخى خاتىرىلىرىگە شۇ مىللەتنىڭ سۇبيېكتىپ تارىخىي قارىشى سىڭگەن بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ: «مەيلى قانداق ئىرق، قانداق مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئىشلار توغرىسىدىكى رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرنى ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىتىپ كەلگەن، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۆز نۇقتىئىينەزەرلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىمكانقەدەر كۆپتۈرۈپ كۆرسەتكەن بولىدۇ. شۇڭا بارلىق ۋەقەلەرگە قارىتا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك قاراشتا بولىدۇ دېگىلى بولمايدۇ» دېيدۇ④.

راشىدىدىن يەنە ئوبيېكتىپ تارىخ بىلەن تارىخىي خاتىرىلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى، بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا ۋە بەزى تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ قولدىن - قولغا ئۆتۈش جەريانىدا ھامان قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىنى، بايان قىلغۇچىلاردا بەزى چاغلاردا ئۆزى خالىغانچە قوشۇپ ياكى قىسقارتىپ بايان قىلىدىغان ئەھۋاللار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەدىسلىرىمۇ بۇ خىل نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى، لېكىن تارىخچى بۇنى باھانە قىلىپ ئىختىلاپلىق نۇقتىلاردىن ۋاز كەچسە بولمايدىغانلىقىنى، «ئەگەر تارىخشۇناسلار كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىشىگە ۋە نارازىلىقىغا ئۇچراپ كېتەيلى دەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى يازماي قويسا، ئۇ ھالدا بارلىق تارىخىي ۋەقەلەر ھەم دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئېتىبارسىز قىلىپ، بارلىق كىشىلەرگە بۇنىڭدىن كېلىدىغان مەنپەئەتتىن مەھرۇم قالىدۇ»غانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، راشىدىدىننىڭ نادىر ئەسىرى «جامىئۇل تاۋارىخ» - ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا جامائەتچىلىك بىردەك ئېتىراپ قىلغان بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا راشىدىدىننىڭ تارىخشۇناسلىق ئىدىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىشكە ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىزاھلار:

① «جامىئۇل تاۋارىخ» I توم، خەنزۇچە نەشرى 116-بەت.
② «جامىئۇل تاۋارىخ» I توم، خەنزۇچە نەشرى 95-بەت.
③ «جامىئۇل تاۋارىخ» I توم، خەنزۇچە نەشرى 93-، 94-بەتلەر.
④ «جامىئۇل تاۋارىخ» I توم، خەنزۇچە نەشرى 93-بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

# شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى

چېن يەنچى

## 1

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقە باغلىغۇچىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان دېڭ لىچۈن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت تەمىنلىگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن مەركەزگە ئەۋەتكەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا دائىر بىر پارچە تېلېگراممىدا ئىلى ۋىلايىتىدە 471 مىڭ نوپۇس، 267 مىڭ گېكتار (بىر گېكتار 10 مىڭ كۋادرات مېترغا باراۋەر بولۇپ، تەخمىنەن 4 مىليون 4800 موغا توغرا كېلىدۇ) تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇ يىل 230 مىڭ تونىنا ئاشلىق ئىشلەپچىقارغان، قوتاندا بار چارۋا 2 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق، ئۆتكەن يىللىق كىرىمى 8 مىليون 300 مىڭ سوم (بىر سوم 22000ـ22500 يۈەن شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىغا توغرا كېلىدۇ). تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 200 مىڭ نوپۇس بار. يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس، قوتاندا بار چارۋا 780 مىڭ تۇياق، ئۆتكەن يىللىق كىرىمى 1 مىليون 430 مىڭ سومدىن ئارتۇق، ئالتاي ۋىلايىتىدە70 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار. يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس، قوتاندا بار چارۋا180 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق. بۇ يىللىق كىرىمى 840 مىڭ سومدىن ئارتۇق ① دېيىلگەن.

يۇقىرىقى سانلارنى توغرا لىنىيە ۋە تەك لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى تىركىشىپ تۇرغان بەش يىل ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىنىڭ خېلىلا ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىماق تەس ئەمەس.

ئالدى بىلەن بىز 1949ـيىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەھۋالىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى 1943ـيىلى بىلەن تەك لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

مىنگونىڭ 33ـيىلى (1944ـيىلى) 5ـئاينىڭ 4ـكۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە: ئىلى (12 ناھىيە) دىكى تېرىلغۇ يەر 3 مىليون 55 مىڭ 255 مو، تارباغاتايدىكى تېرىلغۇ يەر 508 مىڭ 892 مو، ئالتايدىكى (تۆت ناھىيە، سارسۈمبە، جىمۇنەي، قابا ناھىيىلىرىنىڭ مو سانى كەم) 46 مىڭ 726مو دەپ خاتىرىلەنگەن.

نى چاۋ يازغان: «شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرى» دېگەن كىتابتا: 1943ـيىلى ئىلى ۋىلايىتىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون 7 مىڭ 388مو، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 101 مىڭ 977 دىن، نوپۇسى 471 مىڭ 506 ئادەم، ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 125.65 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 534.94 جىڭ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم، 234 مىڭ،

338مو، 196 مىڭ 626 دەن، 172 مىڭ 116 ئادەم، 100.68 جىڭ ۋە 137.08 جىڭ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بولسا 110 مىڭ 323 مو، 95 مىڭ 57دەن، 82 مىڭ 197 ئادەم، 103.39 جىڭ ۋە 138.77 جىڭ② دەپ خاتىرىلەنگەن.

ۋاڭ خېڭشېڭ يازغان «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا: 1943-يىلى ئىلى ۋىلايىتىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3 مىليون 219 مىڭ 933 مو، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 101 مىڭ 977 دەن، نوپۇسى 471 مىڭ 630 ئادەم، مو بېشى مەھسۇلاتى 34.78 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 534.82 جىڭ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئايرىم-ئايرىم 561 مىڭ 992 مو، 196 مىڭ 626 دەن، 170 مىڭ 744 ئادەم، 41.98 جىڭ ۋە 138.19 جىڭ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئايرىم-ئايرىم 133 مىڭ 924 مو، 95 مىڭ 57 دەن، 83 مىڭ 936 ئادەم، 5.48 جىڭ ۋە 135.89 جىڭ③ دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا لى شۇتاڭ يازغان «شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشى» دېگەن كىتابتا: 1943-يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە 458 مىڭ 162 تۇياق ئات، 340مىڭ 386 تۇياق كالا، 2 مىليون 36 مىڭ 450 تۇياق قوي، 329 مىڭ 559 تۇياق ئۆچكە، 5 مىڭ 192 تۇياق تۆگە، 7751 تۇياق ئېشەك بار، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 150 مىڭ 688 تۇياق ئات، 212 مىڭ 957 تۇياق كالا، 1 مىليون 735 مىڭ 600 تۇياق قوي، 371 مىڭ 28 تۇياق ئۆچكە، 31 مىڭ 611 تۇياق تۆگە، 1029 تۇياق ئېشەك بار، ئالتاي ۋىلايىتىدە 102 مىڭ 815 تۇياق ئات، 110 مىڭ 635 تۇياق كالا، 613 مىڭ 923 تۇياق قوي، 122 مىڭ 963 تۇياق ئۆچكە، 18 مىڭ 853 تۇياق تۆگە، 330 تۇياق ئېشەك④ بار دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقى تۆت ستاتىستىكىلىق سانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولىدۇ.

1) 1943-يىلى ئۈچ ۋىلايەتتە تېرىشقا بولىدىغان يەر: ئىلى ۋىلايىتىدە تەخمىنەن 3 مىليون 50 مىڭ مودىن 3 مىليون 210 مىڭ موغىچە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 500 مىڭ 800 مودىن 561 مىڭ موغىچە، ئالتاي ۋىلايىتىدە 133 مىڭ مو ئەتراپىدا.

2) تېرىلغۇ كۆلىمى: 1943-يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە 2 مىليون 7 مىڭ 388 مو، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 234 مىڭ 388 مو، ئالتاي ۋىلايىتىدە 110 مىڭ 323 مو.

3) ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى: 1943-يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 2 مىليون 101 مىڭ 977 دەن (252 مىليون 237 مىڭ 240 جىڭغا توغرا كېلىدۇ)، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 196 مىڭ 626 دەن (23 مىليون 595 مىڭ 120 جىڭغا توغرا كېلىدۇ)، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 95 مىڭ 57 دەن (11 مىليون 406 مىڭ 840 جىڭغا توغرا كېلىدۇ).

4) نوپۇسى: 1943-يىلى ئىلىنىڭ 471 مىڭ ئەتراپىدا، تارباغاتاينىڭ 170 مىڭ ئەتراپىدا، ئالتاينىڭ 82 مىڭ ئەتراپىدا.

5) قوتاندىكى چارۋا سانى: 1943-يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 3 مىليون 204 مىڭ 500 تۇياق، تارباغاتاينىڭ 2 مىليون 502 مىڭ 913 تۇياق، ئالتاينىڭ 969 مىڭ 519 تۇياق.

1943-يىلىدىكى سانىنى توپ سان قىلىپ 1949-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان سان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1943-يىلىدىكى 3 مىليون مودىن 1949-يىلىدىكى 4 مىليون موغا كۆپىيىپ، %33 كە يېقىن ئاشقان، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 250 مىليون جىڭدىن 460 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئېشىش نىسبىتى % 84 بولغان. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 534.96 جىڭدىن 976.64 جىڭغا يېتىپ %

56.82 ئاشقان. قوتاندىكى چارۋا سانى 3 مىليون تۇياقتىن 2 مىليون تۇياققا چۈشۈپ قالغان، كېمىيىش نىسبىتى 50% ئەتراپىدا بولغان.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 1949-يىلىدىكى دېھقانچىلىق ئەھۋالى ئېنىق بولمىغاچقا، 1943-يىلى بىلەن بىۋاسىتە سېلىشتۇرۇشقا ئامال بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىز يەنە باشقا بىر نۇقتىدىن سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارايلى. 1943-يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 140 جىڭغا يەتمەيدىغان بولۇپ، ئۆزىنى قامداشقا يەتمەيتتى. 1945-يىل 12-ئاينىڭ 5-كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە يوللىغان بىر دوكلاتتا: بۇ يىل ئاشلىقنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى ئۆتكەن يىلىدىكىدىن 50% كېمىيىپ كەتتى، چۆچەك، قوبۇقسار، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي قاتارلىق تۆت ناھىيىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 502 مىڭ 690 پۇت (16 مىليون 468 مىڭ 124.4 جىڭغا توغرا كېلىدۇ) بولۇپ، 1 مىليون 9310 پۇت كەم، ئاشلىق تەمىناتى ئىنتايىن قىيىن⑤دېيىلگەن. 1946-يىلى ئەھۋالدا ئازراق ياخشىلىنىش بولغان، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 6 ناھىيىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 662 مىڭ 145 مو بولۇپ، 1943-يىلىدىكىدىن 1.8 ھەسسە ئاشقان. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 57 مىليون 285 مىڭ 724.86 جىڭ بولۇپ، 1943-يىلىدىكىدىن 42.1 ھەسسە ئاشقان⑥. 1949-يىلىغا كەلگەندە ئاشلىق ئەھۋالىدا ناھايىتى زور ياخشىلىنىش بولغان. تۆۋەندىكى ئىككى ئەھۋال بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىرىسى، 1949-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى غۇلجا شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن 200 توننا ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق قەھەتچىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىشنى قارار قىلغان⑦. يەنە بىرسى، 1949-يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنى چۆچەك تاموژنىسى قۇرۇلغان. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا 12 مىڭ توننا بۇغداي ئېكسپورت قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە 5000 توننىسىنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئېكسپورت قىلغان، 7000 توننىسى شەخسلەرنىڭ سودىسى⑧. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، 1949-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تارباغاتاي ۋىلايىتى ئېكسپورت قىلغان ۋە ئالتاي ۋىلايىتىگە يۆتكىگەن ئاشلىق جەمئىي 12200 توننا بولۇپ، 1943-يىلىدىكى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 51.17 پىرسەنتىگە توغرا كەلگەن. بۇ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاللىقاچان ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىپ، سىرتقا يۆتكەشكە يېتەرلىك ئاشلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتە، يېمەكلىك ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق، يەم-خەشەكنى قوشقاندا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاز دېگەندە 500 جىڭدىن توغرا كېلىشى كېرەك. ئەگەر تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى 200 مىڭ نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا، 1949-يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئاز دېگەندىمۇ 100 مىليون جىڭ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قوتاندا بار چارۋا سانى 1949-يىلى 780 مىڭ تۇياق بولۇپ، 1943-يىلىدىكى 250 مىڭ تۇياقتىن 2.12 ھەسسە ئاشقان.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 1949-يىلىدىكى دېھقانچىلىق ئەھۋالىدىن ستاتىستىكىلىق مەلۇمات يوق. ئالتاي ۋىلايىتى ساپ چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئاشلىق كەم بولۇپ كەلگەن. 1946-يىلى ئەتىيازدا ئالتايدا ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بەرگەندە، مەمۇرىي مەھكىمە ھۆكۈمەت 2000 تۇياق قوي، 3000 تۇياق كالا چىقىرىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ياردەم قىلىشنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 1000 توننا بۇغداي ئىمپورت قىلىپ ئېھتىياجىنى قامداشنى قارار قىلغان⑨. 1948-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىگە قەدەر ئالتاي ۋىلايىتى جىمۇنەي ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جەمئىي 840 توننا بۇغداي ئىمپورت قىلغان⑩. 1949-يىلى مىللىي ئارمىيە ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن 350 توننا ئاشلىق يۆتكىگەن ۋە سېتىۋالغان. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چارۋىسى 1949-يىلى 180 مىڭ تۇياق بولۇپ، 1948-يىلىدىكى

90 مىڭ تۇياقتىن بىر ھەسسە ئەتراپىدا ئاشقان.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1949-يىلىدىكى ئەھۋالى بىلەن 1943-يىلىدىكى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى:

بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۈچەيگەن. بىرسى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن. پەقەت ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1949-يىلىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1943-يىلىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. يەنە بىرسى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بىر قەدەر چوڭ. 1943-يىلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 287 مىليون جىڭ ئىدى. 1949-يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 460 مىليون جىڭغا يەتكەن. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭمۇ 100 مىليون جىڭدىن كەم ئەمەس. ئالتاي گەرچە ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلىيەلمىسىمۇ، لېكىن سىرتتىن يۆتكەيدىغان ۋە ئىمپورت قىلىدىغان ئاشلىق يىلدىن-يىلغا ئازايغان (1946-يىلى 1000 توننا، 1948-يىلى 840 توننا، 1949-يىلى 350 توننا)، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1943-يىلىدىكى سەۋىيىدىن تۆۋەن ئەمەس، يەنى 11 مىليون جىڭ بولغان. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 571 مىليون جىڭ بولۇپ، 1943-يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر ھەسسە ئەتراپىدا ئاشقان. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1949-يىلىدىكى نوپۇسى 740 مىڭ بولۇپ، 1943-يىلىدىكى 720 مىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا 20000 دىن ئارتۇقراق كۆپەيگەن. لېكىن ئاشلىقنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارى 389.9 جىڭدىن 771.62 جىڭغا يەتكەن. ئاشلىقتا ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش مەسىلىسى ھەل بولغان.

ئىككىنچى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئازراق تۆۋەنلىگەن. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوتاندىكى چارۋا سانى 1943-يىلى تەخمىنەن 3 مىليون 340 مىڭ تۇياق بولۇپ، 1949-يىلى 2 مىليون 960 مىڭ تۇياققا چۈشۈپ قالغان. تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ قوتاندىكى چارۋا سانى گەرچە ھەسسىلەپ ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كېمىيىش نىسبىتى بەك چوڭ بولغاچقا، ئاخىرى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇرۇش ئېھتىياجىدىن باشقا، بىزنىڭ پەرىزىمىزچە، يەنە مۇنداق ئىككى خىل سەۋەبى بار. بىرسى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مالنى-مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسىدا چارۋا مال ئېكسپورت مىقدارى بىر قەدەر چوڭ بولغان. 1948-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى ئىلىنىڭ شەرقىتىكى بەش ناھىيىسىدىن سۇمبۇل ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنغان تىرىك چارۋا 20 مىڭ تۇياققا يەتكەن⑪. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مالنى-مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسىغا بىۋاسىتە مەسئۇل ئورۇن-ئىلى تەرەققىيات شىركىتى 1949-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىدىغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتنىڭ پىلانى 5 مىليون رۇبلى بولۇپ، تىرىك چارۋا %50 نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە كالا 15 مىڭ تۇياق، قوي 80 مىڭ تۇياق⑫. يەنە بىرسى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسى ئازراق تەڭشەلگەن. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىقىنىڭ ئىقتىسادىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى نىسبىتى چوڭايغان، لېكىن چارۋىچىلىقىنىڭ نىسبىتى نىسپىي تۆۋەنلىگەن. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىقى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولغان. ئالتاي ۋىلايىتى ئاساسىي جەھەتتىن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغاندىن باشقا، ئىلى، تارباغاتاي بۇ ۋاقىتتا پەيدىنپەي دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان رايونغا ئايلانغان.

يۇقىرىقى تىك لىنىيىك سېلىشتۇرۇشتىن كېيىن، بىز ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق ئەھۋالىنى

شۇ مەزگىلدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەت (ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، قاراشەھەر، قۇمۇل، يەكەن) بىلەن ئاددىي بىر سېلىشتۇرۇپ باقايلى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىقىنىڭ كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالىنىڭ ئەكسىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق تەرەققىياتى بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت گېزىتلىرى 1944-يىلدىن 1949-يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 16 مىليون 827 مىڭ 55 مودىن 18 مىليون 145 مىڭ 500 موغا يەتتى دەپ تەشۋىق قىلغان. ئەمەلىي ئەھۋال بۇنداق ئەمەس، 1949-يىلىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5 مىليون 650 مىڭ مودىن ئارتۇق ئەمەس. بۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەنلىكى ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. 1949-يىلىدىكى ئاشلىق مەھسۇلاتى 1942-يىلىغا قارىغاندا 1 مىليارد 825 مىليون جىڭ كېمەيگەن بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ھۆكۈمەت گېزىتىدە ئېيتقاندەك كۆپەيمەستىن، بەلكى ئاشلىق مەھسۇلاتىغا ئوخشاش زور دەرىجىدە كېمەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ⑬.

## 2

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھەربىي بېسىمى ۋە ئىقتىسادىي قورشاۋى ئاستىدا تۇرۇپمۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق جەھەتتە مۇشۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيىسى ئۈچۈن مۇقىم، ئىشەنچلىك باج مەنبەيى يارىتىپ بېرەلىشى ئۇلارنىڭ تەشكىللەش، رەھبەرلىك، مەبلەغ سېلىش ۋە پەن تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقىدىن بولغان.

### 1. تەشكىلىي رەھبەرلىك

1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 1-نومۇرلۇق قارارىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، دىنىي ئىشلار نازارىتى ۋە ئالىي سوت قاتارلىقلار ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. 12 ئايدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورگانلارغا مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ھەيئىتى سالىجان باي باباجان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئابدۇخەلىل تۆرە چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. مەيلى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى دەسلەپ قۇرۇلغاندا ياكى سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلغاندا بولسۇن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشىدىنلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ ۋەزىپىسى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى ۋە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى تىزىملاش، يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولۇش، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، چارۋا سورتىنى ياخشىلاش ئوتلاقنى ئۆزگەرتىش، ھەر قايسى جايلاردا مال دوختۇرلۇق پۇنكىتلىرىنى قۇرۇش، پىلان بويىچە ياغاچ كېسىش، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتتە يەر-سۇ ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىدارە قارمىقىدا دېھقانچىلىق بۆلۈمى، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، سۇچىلىق بۆلۈمى، مال دوختۇرلۇق بۆلۈمى ۋە ھاۋا رايى بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنغان.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە مەخسۇس بىر ئىدارە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق،

ھاۋارايى قاتارلىقلارنى باشقۇرغاندىن سىرت يەنە 1946-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى مەركىزىي ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھاكىمبەگ خوجا كومىتېتنىڭ رەئىسى بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ھەممىسىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى قۇرۇشنى بەلگىلىگەن. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرۇق، تېرىلغۇغا كېرەكلىك چارۋا تەقسىملەش، ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ھەم ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ، تېرىلغۇنى تەشكىللەش ۋە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەشكىللىگۈچى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورگان بولۇپ، ناھايىتى چوڭ چاقىرىق قىلىش كۈچىگە ۋە نوپۇزغا ئىگە ئىدى. 1948-يىلى 3-ئاينىڭ 3-كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى «پۈتۈن دېھقان قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلىپ، دېھقانلارنى ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ياخشى تېرىغاندىن باشقا، كېۋەز، كەندىر، ئۈژمە قاتارلىقلارنى ئاكتىپلىق بىلەن تېرىپ، يىلچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىرىپ، ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىقى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى[14]. 3-ئاينىڭ 23-كۈنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلىرى قولجىدا بىرلىكتە «ئۈچ ۋىلايەتتىكى دېھقان-چارۋىچى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» نى ئېلان قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى ھۆكۈمەت بانكا ئارقىلىق بەرگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇلاغ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ياردەمدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پايدىلىق پەسىلنى چىڭ تۇتۇپ ئۈچ ۋىلايەتتە كەڭ كۆلەملىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ دولقۇنىنى قوزغاپ، بۇ يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا چاقىردى[15]. بۇ مۇراجىئەتنامە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز كۈچلۈك يار يۆلەك بولغان.

1949-يىلى 2-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ 3-قېتىملىق يىغىنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك قارار ماقۇللىدى: (1) ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەشكىللىگۈچى ۋە تەشۋىقاتچىسى بولۇشى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشى كېرەك. (2) مەركىزىي تەشكىل كومىتېتى ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىر ھاجى (ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئىتى قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەيئىتى، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى) قاتارلىق 12 ئادەمنى ئىتتىپاق مەركىزىي ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە ئەۋەتىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە ئورمان تىكىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەر قايسى ناھىيىلەردە ناھىيە دەرىجىلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى قۇرۇش، (4) ھەر يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىنى كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ بېكىتىش[16].

يۇقىرىقىلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى تەشكىللەپ يولغا قويىدىغان، «شىنجاڭدا تىنچلىق دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى» دىن ئىبارەت سىياسىي تەشكىلات تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىدىغان، ئۈچ تەرەپ تەڭ تۇتىدىغان، ئۆزئارا ماسلاشقان، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇكەممەل سىستېمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش ئۆزىنى ئۆتمەي ئېلان

قىلغان. ھۆكۈمەت باياناتىدا: «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئالدى بىلەن سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە خوسۇسىي سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك» دېيىلگەن. بۇ نىشان ئېنىقكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەنئەنىۋىي دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونى ئىكەنلىكى، سانائەت ئاساسىنىڭ بىر قەدەر ئاجىز ئىكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنمىغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يىللاردا سانائەت تەرەققىياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. «ئاۋۋال سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»- پەقەت بىر ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن ياخشى ئارزۇ بولۇپ قالغان. لېكىن ئاۋۋال دېھقانچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي پائالىيىتى بولۇپ قالغان.

## 2. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى ۋە مەبلەغنىڭ سېلىنىشى

يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى سېلىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئۈچ مەزگىلگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى مەزگىلى (1945-يىلى) ئاساسلىقى ماددىي نەرسىلەر (ئۇرۇق ۋە تېرىلغۇغا كېرەكلىك ئۇلاغ) سېلىنغان. مەسىلەن، 1945-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ 23-نومۇرلۇق قارارىدا: 1000 تۇياق ئات ۋە 15000 پۇت (491 مىڭ 400 جىڭ) بۇغداينى دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىش [17] قارار قىلىنغان. 4-ئاينىڭ 2-كۈندىكى 39-نومۇرلۇق قارارىدا: يەر-سۇ ئىشلىرى نازارىتى 16 مىڭ پۇت (524مىڭ 160 جىڭ) بۇغداي ئۇرۇقى، 12 مىڭ پۇت (393 مىڭ 120 جىڭ) قوناق ئۇرۇقى، 4000 پۇت (131 مىڭ 40 جىڭ) شال ئۇرۇقىنى دېھقانلارنىڭ ئېھتىيازلىق تېرىلغۇ قىلىشى ئۈچۈن كۆپەيتىپ چۈشۈرۈپ بېرىش[18] قارار قىلىنغان. ئىككى قېتىمدا ئېھتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن جەمئىي 1 مىليوم 539 مىڭ 720 جىڭ ئۇرۇق ئىشلىتىلگەن. ئەلۋەتتە بەنە مەلۇم مىقداردىكى مەبلەغ سېلىنمىسىمۇ بولۇپ، ئاساسلىقى ئىلى ۋىلايىتىدىكى چوڭ-كىچىك ئۈستىخانىلەرنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

ئىككىنچى مەزگىل (1946-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى) داۋاملىق ئېھتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك ئۇرۇقنى تەقسىم قىلغاندىن باشقا، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ۋە يەر سېلىنمىسى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 1946-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈندىكى 230-نومۇرلۇق قارارىدا: مالىيە نازارىتى دۆلەت بانكىسىغا 100 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى، ئۇنى يېزا ئىگىلىككە %20، چارۋىچىلىققا %15، قول سانائەتكە %15، سودىغا %50 نىسبەت بويىچە ئىشلىتىشنى قارار قىلغان. بۇ دېھقانچىلىق چارۋىچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ تەخمىنەن 35 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. 4-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ماقۇللىغان «نامرات دېھقانلارغا ياردەم بېرىپ بۇ يىلقى ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ياخشى ئىشلەش» توغرىسىدىكى قارارىدا: «ئۈچ ۋىلايەت بانكىسى ئىلىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى نامرات دېھقانلارنىڭ ئېتىيازلىق تېرىلغۇغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن 20 مىليون يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بېرىشى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئېتىيازلىق تېرىلغۇسىغا ئايرىم ئالاھىدە ياردەم بېرىش» قارار قىلىنغان. يەر سېلىنمىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ كونا ھۆكۈمىتىدىن مۇسادىرە قىلغان ئومۇم ئىگىلىكىدىكى يەرلەر ۋە خەزىنە

دېھقانلارنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «خەنزۇ دېھقانلارنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى» دېگىنىمىز، 1945-يىلى 5-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە غۇلجا ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە، تېكەس، نىلقا، كۈنەس، سۈيدۈڭ، قورغاس، غۇلجا قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى 3000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق خەنزۇ دېھقاننى چاپچال ۋە كۈرەگە توپلىغاندا، بۇرۇن تۇرغان جايدا قېپقالغان يەرلەر[19] نى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەرلەر تونغۇزلۇق ئۈچ ۋىلايەت مالىيە نازارىتى بىلەن يەر سۇچىلىق نازارىتى شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 6-كۈنى بىر بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقارغان. ئۇنىڭدا: (1) تېرىلغۇ يەرلەردىكى زىرائەتلەرنى يەر سۇ نازارىتى يىغىدۇ، (2) ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمى، ناھىيىلىك يەر سۇ بۆلۈمى خەنزۇلارنىڭ يېرىدىكى سەيلىك ۋە باغلارنى باھا قويۇپ ساتىدۇ، قالغان يەرلەرنى شەخسىيلەرگە ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ[20] دېيىلگەن. 1-ئاينىڭ 22-كۈندىكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 201-نومۇرلۇق قارارىدا: يەر سۇ نازارىتى ۋە ئىلمىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلىرى 66 مىڭ 90 مو تېرىلغۇ يەرنى ۋە 15 مېۋىلىك باغنى ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ۋە مېيىپ ھەربىيلەرگە، يېرى يوق نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشنى، ئۇنىڭدىن باشقا 4380 مو يەرنى ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىشنى، 47 مېۋىلىك باغنى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىشنى[21] قارار قىلغان. 3-ئاينىڭ 3-كۈندىكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 234-نومۇرلۇق قارارىدا: ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلغان يەردىن 5415 مونى ئورگانلارنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن بېرىشنى، 150 مىڭ مونى مېيىپ ھەربىيلەرگە بۆلۈپ بېرىشنى، 960 مونى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىشنى، ھۆكۈمەت 300 مو يەرنى ھەقسىز بىر تەرەپ قىلىشنى، قالغان يەرنى تەقسىم قىلىش كومىتېتى ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى-خىزمەتچى ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ تېرىشى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىشنى[22] قارار قىلغان، گەرچە ئىككىنچى قېتىم نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرگەن يەرلەرنىڭ سانى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن، 1946-يىلى سېپىۋېتكەن يەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇسادىرە قىلىپ قايتا تەقسىم قىلغان يەرلەرنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئاز دېگەندىمۇ 226 مىڭ مودىن ئاشىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرگە بۆلۈپ بەرگەن قىسمى %95 نى ئىگىلىگەن. شۇ مەزگىلدە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى ئەسلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشنى ھەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلارنىمۇ يەرگە ئىگە قىلىشنى قارار قىلغان. ئۇرۇش توختىغان تېنچ ۋەزىيەتتە، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىن كۈرە، چاپچالغا توپلاشقان خەنزۇ دېھقانلارنىڭ بىر قىسمى ئارقا-ئارقىدىن ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى تېرىغان. يەرلەرنىڭ نامرات دېھقانلارغا بېرىلىشى (خەنزۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە تېرىقچىلىققا ئۇستا خەنزۇ دېھقانلارنىڭ ئەسلى ئورنىغا قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زور ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىش، 1946-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى كومىتېتى ماقۇللىغان 267-نومۇرلۇق قارارىدا: كۈنەس ناھىيىسىدىن بىر قىسىم يەرنى يۇلدۇز ناھىيىسىدىكى موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ تېرىشىغا ۋاقىتىنچە بۆلۈپ بېرىشنى[23] قارار قىلغان. موڭغۇللار چارۋىچى مىللەت بولۇپ، ئۇلارنى چارۋىچىلىقنى تاشلاپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇقمىساقمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، ئادەم كۈچى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشقا تەقەززا بولغانلىقى چۈشىنىشلىك.

ئۈچىنچى مەزگىلدە (1946-يىلى 8-ئايدىن كېيىن) ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك قەرز مەبلىغى سېلىنغان. بۇنىڭ ئىسپاتى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق

بانكىسى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ سىيلىنىسىنى ئاشۇرۇشنى قارار قىلغان. 8-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بانكىسى غۇلجا شەھرىدە رەسمىي قۇرۇلغان، ئۇنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى جەمئىي ئۈچ باب توققۇز ماددا بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى (1) ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسى غۇلجىدا بولىدۇ، تارباغاتاي، ئالتايدا تارماق بانكا قۇرۇلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئۇنىڭ ئورگانلىرىنى قۇرۇشقا بولىدۇ. (2) ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ پۈتۈن كەسپىي خىزمەتلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسى كېڭەش يىغىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىدۇ. (3) دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسىنىڭ مەبلىغى 500 مىليون يۈەن بولۇپ ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تەپسىلىي تەقسىماتى مۇنداق: ئىلى ۋىلايىتىگە 350 مىليون يۈەن، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 100 مىليون يۈەن، ئالتاي ۋىلايىتىگە 50 مىليون يۈەن[24]. شۇنىڭدىن كېيىن، ئارقا-ئارقىدىن تارباغاتاي تارماق باكىسى، ئالتاي تارماق بانكىسى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى شۆبە بانكىلار قۇرۇلغان. دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق بانكىسىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسىنىڭ بىرسى ئېتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن قەرز پۇل ۋە ئۇرۇق تارقىتىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش. ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسىنىڭ 1947-يىلى 2-ئايدىكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا بىرىنچى مەزگىلدە ئىلى ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيىگە تارقاتقان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى جەمئىي 34 مىليون يۈەن بولۇپ، 1946-يىلىدىكى ئېتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلى 20 مىليون يۈەنگە قارىغاندا %70 كۆپەيگەن. ئىككىنچىسى، ئاشلىق سېتىۋالىدىغان پۇلنى ئالدىن تۆلەش، ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى بەلگىلەش، جازانىخورلارنىڭ دېھقانلارنى قاقتى-سوقتى قىلىشىنى توساش ئىدى. مەسىلەن: 1949-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسى شۇ كۈندىن باشلاپ 8-ئايغىچە، غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاس قاتارلىق ناھىيىلەردە ھەر بىر خو بۇغداينى 90 مىڭ يۈەندىن؛ تېكەس، كۈنەس، چاپچال قاتارلىق ناھىيىلەردە ھەر بىر خو بۇغداينى 80 مىڭ يۈەندىن، بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىرىدە ھەر بىر خو بۇغداينى 70 مىڭ يۈەندىن ئالدىنئالا دېھقانلارغا زاكالەت تارقاتقان[25]. ئۈچىنچىسى، سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش ئۈچۈن دېھقانلارغا قەرز پۇل بېرىش.

## 3. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە كېڭەيتىلىشى

1) دېھقانچىلىق جەھەتتە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئۆزگەرتىلمەسلىكتۇرۇپ تېرىش تۈزۈمى قوللىنىلغان. يەر بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق دېھقانلارنى %20 يەرنى دەم ئالدۇرۇپ كۈچىنى ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، يەرنىڭ ئاق تاشلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

(2) ئەلا سورتلارنى كېڭەيتكەن. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، يەققەت ئىلى ۋىلايىتىدە كېڭەيتىلگەن ئۇكرائىنىيە كۈزگى بۇغدىيىنىڭ مەھسۇلاتى بىر مىليون 956 مىڭ 600 جىڭغا يەتكەن.

(3) ئورۇقنى تاللاش ۋە دورا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان.

(4) %50 يەرگە خىمىيىلىك ئوغۇت چېچىپ، مو بېشى مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتەرگەن.

(5) ھەر بىر ناھىيەدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەجرىبە پونكىتى قۇرۇپ، دېھقانلارغا يەر ھەيدەش، تېرىش، يىغىش بويىچە مۇلازىمەت قىلغان.

(6) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش تەجرىبىسى ئېلىپ بارغان. ھەرقايسى ناھىيىلەردە پەسىللىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بىلەن تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى تەشكىللەپ، ھەر بىر رايون، يېزىدا بىردىن ئىككىگىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى بەرپا قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى تېرىغان يەرلەرنى تەجرىبە ئېتىزىغا ئايلاندۇرغان.

2) چارۋىچىلىق جەھەتتە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) ھەرقايسى ناھىيىلەردە نەسىللىك چارۋا فېرمىلىرىنى قۇرۇپ، چارۋىچىلارنى ساپ نەسىللىك چارۋا بىلەن تەمىنلىگەن. مەتىس قويىنى كېڭەيتكەن. نەسىللىك چارۋىلارنى تىزىملاش ۋە نەسىللىك چارۋا تارقىتىش گۇۋاھنامە تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ نەسىللىك چارۋىلارنى ئىشلەتكەن چارۋىچىلارنى تەقدىرلىگەن.

(2) سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى ئۇرۇقلاندۇرۇپ بەرگەن.

(3) قويلارنى قوتانلار بويىچە ئومۇميۈزلۈك باھالاپ، پادىغا ئايرىپ ئۈلگىلىك پادىلارنى تەشكىللىگەن.

(4) غۇلجا، چاپچال، جىڭ ناھىيىلىرىدە مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىنى قۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا شەخسىي مال دوختۇرلىرىنى يىغىپ، نىلقا، توققۇزتارا، ئارشاڭ قاتارلىق ناھىيىلەرگە سەييارە داۋالاشقا ئەۋەتكەن.

(5) ھەرقايسى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئوت-چۆپ بازىسى، تۇز بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ۋە كۆلچەكلەرنى قۇرغان. ئوت-چۆپ يىغىش، ساقلاش، قوتانلارنى ياساش، رېمونت قىلىشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى مۇكاپاتلىغان ۋە باجنى كەچۈرۈم قىلغان ياكى كېمەيتكەن.

(6) چېچەك، تەمرەتكە، ئاقسىل كېسىلى، ئېرسىيەت خاراكتېرلىك بويىدىن ئاجراش، دىڭ توكسىنى، جىگەر پىياۋكىسى، ئۆپكە كېسىلى، قورساق ئاغرىقى، قاتما، كۆيدۈرگە، سېپتىتسېمىيە كېسىلى، مېڭە پەردە ياللۇغى، ماڭقا كېسىلى قاتارلىق كۆپ ئۇچرايدىغان، قوزغىلىشچان كېسەللەرنى تەكشۈرگەن، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا تەشۋىق ئېلىپ بارغان ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قوللانمىسى تۈزۈپ تارقاتقان.

(7) غۇلجا، سۈيدۈڭ، بورتالا، تېكەس، كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەردە كېسەلنى ئايرىش بەلبېغى قۇرغان.

(8) ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە چارۋىچىلىق كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، نەسىللىك چارۋىلارنى كۆرگەزمە قىلغان.

3) سۇ ئىنشائاتى جەھەتتە، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) بۇزۇلۇشكەن ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چېپىپ ۋە رېمونت قىلىپ، سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرىنى تورلاشتۇرغان.

(2) ھەرقايسى ناھىيىلەردە سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ سۇ بايلىقىنى تەقسىملەشنى باشقۇرغان.

(3) سۇ ئەھۋالى، سۇ ئورنىنى تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرگەن.

4) ھاۋا رايى جەھەتتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) ئۈچ ئايلىق ھاۋارايى كۇرسى ئېچىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرىنچى تۈركۈم ھاۋا رايى كەسپىي

خادىملىرىنى تەربىيىلىگەن.

(2) ئىلى رايونىدا يەتتە هاۋارايى پونكىتى قۇرغان.

(3) 1947-يىلى 8-ئايدىن باشلاپ هەر كۈنى تۆت قېتىم هاۋارايىنى كۆزىتىپ هاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىشنى يولغا قويغان.

## 3

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، مالىيە كىرىمى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ يول ئارقىلىق يىغىلغان. بىرىنچى، بۇرژۇئا گومىنداڭ يەرلىك هۆكۈمىتىنىڭ مال-مۈلۈكى، يەر، ئوتلاق، ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلغان كىرىم. مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى تەخمىنەن 2 مىليارد يۈەن (ئۆلكە پۇلى) ئەتراپىدا㉖. ئىككىنچى، زايوم تارقىتىش ۋە ئىئانە توپلاش ئارقىلىق قولغا كەلگەن كىرىم. 1945-يىلى 300 مىليون يۈەنلىك زايوم تارقىتىلغان. ئۈچىنچى، باج. مۆلچەرلىنىشىچە، 1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ هەر خىل باج كىرىمى 2 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق㉗ بولغان. مۇسادىرە قىلىشتىن كەلگەن كىرىمنىڭ سانى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر خىل تۇساتتىن بولغان قىسقا مۇددەتلىك هەرىكەت بولۇپ، ئۇنى بىر خىل ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىم مالىيە كىرىمى قىلىشقا بولمايدۇ. زايوم تارقاتسا سانى چەكلىك بولۇپ، ئۇنى پەقەت مالىيىنىڭ تولۇقلىغۇچى ۋاسىتىسى قىلىشقا بولىدۇ. هۆكۈمەت مالىيىسىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى قىلىشقا بولمايدۇ. يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك كىرىم ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيە كىرىمى مەسىلىسىنى تۈپتىن هەل قىلالمىغاندىكىن، ئۇنداقتا، ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتىنىڭ غايەت زور هەربىي مەمۇرىي خىراجەت چىقىمىنى قامداشتىكى بىردىن-بىر يول، ئۇلارنىڭ مالىيە مەنبەسى - باج كىرىمىنى ئاكتىپ يېتىلدۈرۈشتۇر. ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ غول ئىگىلىكى يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق بولغاچقا، دېهقانچىلىق بېجى بىلەن چارۋىچىلىق بېجى تەبىئىي ئاساسلىق باج مەنبەيىدىن ئىبارەت. ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن دېهقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت بازىسىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس سالدى، بۇ جەهەتتىكى تەدبىرلىرى كۈچلۈك، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شۈبهىسىزكى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك.

## ئىزاهات:

①⑦⑧⑨⑩⑪⑭⑮⑯⑰⑱⑲⑳㉑㉒㉓㉔㉕ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994-يىلى نەشرى، 315-، 297-، 303-، 155-، 273-، 272-، 269-، 270-، 290-، 63-، 71-، 78-، 92-، 145-، 150-، 159-، 182-، 301-بەتلەر.

② نى چاۋ: «شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرى» مىنگونىڭ 37-يىلى 1-ئاي، شاڭخەي سودا نەشرىياتى، 16-بەت.

③ ۋاڭ خېڭشېڭ: «شىنجاڭنىڭ دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەهۋالى» مىنگونىڭ 36-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ 3-، 4-قوشما سانى.

④ «شىنجاڭ گېزىتى» مىنگونىڭ 36-يىلى 5-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى سانى.

⑤ ئۈچ ۋىلايەت ئارخىپلىرى. 295-جىلد «تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 29-نومۇرلۇق قارارى».

(داۋامى 125 - بەتتە)

# جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىن تېپىلغان مىكرولىت ئىزلار

گۈلنار سابىت

ئېپتىدائىي ئىنسانلار جەمئىيىتى تارىخى ئۈچ ئاساسىي دەۋرگە ـ تاش ئەسرى (پالېئولىت دەۋرى)، بىرونزا ۋە تۆمۈر دەۋرىگە بۆلۈنىدۇ. تاش ئەسرى ئۆز نۆۋىتىدە قەدىمكى تاش ئەسرى ـ پالېئولىت ۋە يېڭى تاش ئەسرى نېولىتتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن، پالېئولىت دەۋرى ئىنسانلار تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان. ئادەملەر بۇ دەۋردە ئوۋچىلىق ۋە تەبىئەت ئۆزلىرىگە ئىنئام ئەتكەن نەرسىلەر (ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلەر، يىلتىزلار ۋە باشقا يېمەكلىكلەر) نى يىغىپ يېيىش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىغان. ئېپتىدائىي ئەمگەك قوراللىرى تۇرمۇشنىڭ تەرزىنى بەلگىلەپ بەرگەن.

ئېپتىدائىي ئىنسانلار دەسلەپتە بېلىق تۇتۇش، گۆش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كېسىشتە كېرەك بولغان ئەڭ ئاددىي قوراللىنى ياسىغان. ئۇلار بۇ قوراللارنى ياساشتا ماس بىر تاشنى تېپىپ، ئۇشتۇش ۋە سۇندۇرۇش بىلەن كۆپايىلەنگەن، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تاشقا ئىشلەش سەنئىتى تېخىمۇ نازۇكلىشىپ باردى. ئىجاد قىلىنغان تاش قوراللار ئۆتكۈر، ئۇچلۇق بولۇشقا باشلىدى. قىرقىش، هارلاش، سۇندۇرۇش قاتارلىق ئېھتىياجلار ئۈچۈن مەخسۇس قوراللار ياسالدى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە، تاش قوراللار سىپتىلىشىپ، سانىمۇ كۆپىيىپ باردى. مانا بۇ دەۋر ئارخېئولوگىيە ئىلمىدا مىكرولىت دەۋرى، يەنى سىپتا تاش قوراللار دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ.

مىكرولىت يادىكارلىقلىرىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، داۋاملاشقان ۋاقتىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ پالېئولىت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى مېزولىت (ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى) دىن نېولىت (ئاخىرقى تاش قورال دەۋرى) ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى جەريانلىرىغىچە بولغان تارىخىي جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىكرولىت قوراللىرىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسىگە ئاساسلىنىپ، ئېلىمىز ئالىملىرى ئۇلارنى گېئومېترىك مىكرولىت ۋە گېئومېترىسىز مىكرولىت دەپ ئىككى خىلغا ئايرىغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ئوخشاش، گېئومېترىك مىكرولىت قوراللىرى ياۋرو-ئاسىيا، شىمالىي ئاسىيا، ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبى، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

ياپراقسىمان مىكرولىت قوراللىرى (بۇلار ئادەتتە گېئومېترىسىز مىكرولىت دەپ ئاتىلىدۇ) ئومۇمەن ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالى ۋە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىغا تارقالغان.

ئېلىمىزنىڭ مىكرولىت قوراللىرى ياپراقسىمان مىكرولىت قوراللار سىستېمىسىغا كىرىدۇ.
ئەمما ئېلىمىزنىڭ مىكرولىت دەۋرىنىڭ قاچان باشلانغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت.

شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىرچە بۇ جايدىن تېپىلىۋاتقان مىكرولىت قوراللار ئاساسلىقى تۇرپان، كوئېنلۇن تاغلىرى، پامىر ئېگىزلىكلىرىنىڭ ئېدىرلىقلىرى، لوپنۇر رايونى، تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى بولغان قۇمۇل، مورى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. گەرچە بۇ رايونلاردىكى مىكرولىت قوراللىرى يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بايقىلىۋاتقان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ مىكرولىت سىستېمىسىغا خاس يادىكارلىقلىرىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن، ھەتتا تۆمۈر قوراللار دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. تۆۋەندە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئۈچ ئورۇندىكى مىكرولىت ئىزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

جۇڭغار ئويمانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. يەر شەكلى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ھەيۋەتلىك تەڭرى تېغى ئېدىرلىقلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالىي تەرىپى ئالتاي تاغلىرى پەسلىكلىرى ۋە ئېدىرلىقلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي تەرىپى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

1988-يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان مورى ناھىيىسىدە تۆت ئورۇندىكى تېپىك مىكرولىت يادىكارلىق ئىزلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ئورۇندا يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئۇچرىتىلمىدى. بىز بۇ يەردە مۇشۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا يېڭىدىن بايقالغان تاقىرباستاۋئىزى ۋە چىچىڭزى ئىزى، يىلقاباغ مىكرولىت ئىزىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## 1. تاقىرباستاۋ مىكرولىت ئىزى

تاقىرباستاۋ مىكرولىت ئىزى مورى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 32 كىلومېتر كېلىدىغان جايدىكى دۆڭچاڭ يېزىسىنىڭ جىشىڭلياڭ كەنتى 2-مەھەللىسىدىكى چۆلگە، يەنى چارۋىچىلار ئولتۇراق جاي ۋە يايلاقتا تارقالغان. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′90°30، شىمالىي ئۇزۇنلۇق ″44°04′13، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 935m. ئىز جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقى بىلەن تەڭرى تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ، شىمالىدىكى قىيپاش جاي بىلەن تۈزلەڭلىكنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان جايدىكى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي بوستانلىقىغا جايلاشقان، بۇ ئىز جايلاشقان جايدا كۆپلىگەن بۇلاقلار بولۇپ، خەرىتىدە بۇ جايغا «قوش بۇلاق» دېگەن نام بېرىلگەن. يەرلىك خەلق بۇ جاينى «تاقىر باستاۋ» دەپ ئاتايدۇ.

يەر يۈزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ جاي ئاساسەن شېغىللىق ساي بولۇپ، بۇ يەردە چىغ ۋە ھەر خىل ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. بۇ ئىزنىڭ دائىرىسى خېلىلا چوڭ بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000m، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 400m كېلىدۇ، تاقىر باستاۋ مىكرولىت ئىزىدىن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، تاش يادرو، تاش ياپراق، يالپاقلىق ۋە يالپاقسىز شەكىلدىكى تاش پارچىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 41 دانە تاش قورال تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاش يادرو 10 دانە، تاش ياپراق 2 دانە، يالپاقسىمان تاش قوراللار 26 دانە، تاش پىچاق

1 دانە، يالپاقسىز شەكىلدىكى تاش قوراللار 2 دانە.

## 2. چىچىڭزى مىكرولىت ئىزى

بۇ ئىز مورى ناھىيىسىنىڭ چولاق تاش يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 90°08′27″، شىمالىي كەڭلىك 43°34′42″، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700m. ئىز جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تەڭرى تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئېدىرلىقلارغا جايلاشقان. بۇ يەردە جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تاغ جىلغىسى بولۇپ، جىلغا خېلىلا كەڭ. جىلغا ئىچى سېرىق توپىلىق بولۇپ، ئىز دائىرىسى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان بۇلاق كۆزلىرى ۋە سازلىق بار. چىچىڭزى مىكرولىت ئىزىدىن يىغىۋېلىنغان مىكرولىت قوراللىرىنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ، ئاساسلىقى تاش يادرو، تار تاش ياپراق، كەڭ تاش ياپراق، يالپاق ۋە يالپاقسىمان تاش قوراللار، يالپاقسىز شەكىلدىكى تاش قوراللاردىن بولۇپ، جەمئىي 109 دانە يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تاش يادرو 7 دانە، تارتاش ياپراق 17 دانە. كەڭ تاش ياپراق 12 دانە، يالپاقسىمان تاش قوراللار 69 دانە، يالپاقسىز شەكىلدىكى تاش قوراللار 4 دانە.

## 3. يىلقاباغ مىكرولىت ئىزى

يىلقا باغ مىكرولىت ئىزى مورى ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن قارقۇم قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارغا قەدەر تارقالغان.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ جايدىكى تۆت ئورۇندىن ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئىزلىرىنى بايقىدى ھەمدە كۆپلىگەن تاش قوراللارنى يىغىۋالدى.

A1 نۇقتا: چۆللۈك بىلەن قۇملۇق ئۆزئارا تۇتىشىدىغان جايدىكى ئوتلاقتا تارقالغان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 80 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 70 مېتىر دائىرە ئىچىدە 100 دىن ئارتۇق تاش قورال ئەۋرىشكىسىنى يىغقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مىكرولىت قوراللاردىن باشقا، يەنە 1 دانە بۇلەي ۋە ئاز مىقتاردىكى ساپال پارچىلىرى بار.

A2 نومۇرلۇق نۇقتا: بۇ نۇقتا A1 نومۇرلۇق نۇقتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. بۇ نۇقتىنىڭ دائىرىسى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 67 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 62 مېتىرلىق دائىرە ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، بۇ جايدىن 3 دانە تاش قورال، ئاز مىقتاردىكى ساپال پارچىلىرى ۋە 1 دانە مارجان يىغىۋېلىندى.

A3 نومۇرلۇق بۇقتا: بۇ نۇقتا A2 نومۇرلۇق نۇقتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 130 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 12 مېتىرلىق دائىرە ئىچىدىن 10 نەچچە تاش قورال ۋە بىر قانچە ساپال پارچىلىرى يىغىۋېلىندى.

يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتىنىڭ ئارىلىقى بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، كېيىنكى نۇقتىدا تاش قوراللارنىڭ سانى چەكلىك. بەزى تاش قوراللارنىڭ تۈرى جەھەتتىن ئالغاندا، A1 نۇقتىدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېتاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بىر-بىرسى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئېھتىمال بىرىنچى خىل مەدەنىيەت ياكى بىرىنچى خىل ئادەملەر توپىنىڭ ياراتقان يادىكارلىقلىرى بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە يۇقىرىقى ئىزلاردىن تېپىلغان تاش قوراللارنى قىسقىچە

تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. تاش قوراللار

1، تاش يادرو، بۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ:

① بىرىنچى ئۇچلۇق شەكىللىك تاش يادرو. A1 نومۇرلۇق نۇقتىدىن تېپىلغان، بۇنىڭ ئېگىزلىكى 35mm، كەڭلىكى 17mm، قېلىنلىقى 8mm.

② كېرەكسىز تاش يادرو بىر دانە، A1 نومۇرلۇق نۇقتىدىن بايقالغان. ئېگىزلىكى 76mm، كەڭلىكى 51mm، قېلىنلىقى 40mm.

2، تاش ياپراق. ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: ① ئۇزۇن شەكىللىك تاش ياپراق 19 دانە. ② سىپتا ئىشلىگەن تاش ياپراق 6 دانە.

3، تاش پارچىلىرى. بۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: ① ئۇزۇن شەكىللىك تاش پارچىلىرى 29 دانە. ② ئۆلچەمسىز تاش پارچىلىرى 24 دانە.

4، يونۇش، قىرىش قوراللىرى 9 خىلغا بۆلۈنىدۇ: ① ئۇزۇن شەكىللىك يونۇش قىرىش قوراللىرى 7 دانە. ② قىسقا شەكىللىك يونۇش، قىرىش قوراللىرى 4 دانە. ③ پىچاقسىمان يونۇش، قىرىش قوراللىرى 4 دانە. ④ بويى ئۇزۇن، بېشى يۇمىلاق شەكىللىك يونۇش، قىرىش قوراللىرى 2 دانە. ⑤ بويى قىسقا بېشى يۇمىلاق شەكىللىك يونۇش، قىرىش قوراللىرى 1 دانە. ⑥ يېرىم يۇمىلاق شەكىللىك يونۇش، قىرىش قوراللىرى 1 دانە. ⑦ يۇمىلاق شەكىللىك يونۇش، قىرىش قوراللىرى 1 دانە. ⑧ ئوتتۇرىسى ئويمان پىچاق شەكىللىك يونۇش، قىرىش قوراللىرى 2 دانە. ⑨ كۆپ بىسلىق پىچاقسىمان يونۇش قىرىش قوراللىرى 6 دانە.

5، ئۆتكۈر تاش قوراللار. بۇ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ:

① ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك ئۆتكۈر قوراللار 3 دانە. ② مەلۇم ئۆتكۈر تاش قوراللار 1 دانە. ③ قوش تۇمشۇقى شەكىللىك ئۆتكۈر قوراللار 4 دانە.

6، نەققاشلىق تاش قوراللىرى: بىر خىل، 9 دانە.

7، ئۆتكۈر يونۇش، قىرىش قوراللىرى بىر دانە.

8، يونۇش، قىرىش قوراللىرى بىر دانە.

9، تاش يادرو شەكىللىك يونۇش، كېسىش قوراللىرى: 5 دانە.

10، تاش نەيزە 1 دانە.

11، تاشتىن ياسالغان ياغوقى ئۇچى، بۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ:

① ئاستى يۇمىلاق ياغوقى 1 دانە. ② ئاستى ئويمان شەكىللىك ياغوقى ئۇچى 3 دانە.

## 2. باشقىلار

يەلقاباغ مىكرولىت ئىزىدىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان تاش قوراللاردىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم ساپال پارچىلىرى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار گېئولوگىيىلىك ۋە رەڭگى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

① قوم ئارىلاش قىزغۇچ ساپال، بۇلار ئاساسەن قولدا ياسالغان.

② قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قوڭۇر رەڭلىك ساپاللار، بۇلار ئاساسەن كارخانىدا ياسالغان.

③ قوم ئارىلاش قارا رەڭلىك ساپاللار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆيدۈرۈلگەن ۋە چالا كۆيدۈرۈلگەن

سۆڭەك پارچىلىرى ئۇچرىدى.

تاقىر باستاۋ، چىچىگزى ۋە يىلقا باغ مىكرولىت ئىزلىرىدىن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللارمۇ بىۋاستە ئۇرۇش، ئۆزئارا سۈركەش، ھەر تەرىپىگە ئۇرۇش ۋە بەس چىقىرىش قاتارلىق تەرتىپلەر بويىچە ياسالغان. بەزى تاش قوراللارغا ئۆزئارا سۈركەش، ھەر تەرىپىگە بەس چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. يۇقىرىقىلار شىنجاڭدىن تېپىلغان مىكرولىت قوراللىرىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي ئاسىيا، ئامېرىكا، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيىدىن تارتىپ روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى رايونلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي جۇڭگو، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چىڭخەي، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، پامىر ئېگىزلىكى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان مىكرولىت قوراللىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
ئارخېئولوگىيەتەتقىقات ئورنى)

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مۆمىن

---

(بېشى 120-بەتتە)

⑥ «تارباغاتاي ئارخىپلىرى» ، 32-جىلد «تارباغاتاينىڭ 1946-يىللىق ئىقتىسادىي خىزمىتىدىن خۇلاسە»

.

⑫« ئۈچ ۋىلايەت ئارخىپلىرى» ، 234-جىلد.

⑬ فاڭ يىڭكەي: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئېچىش تارىخى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 1989-يىللىق نەشرى، 988-بەت.

㉖㉗ چېن يەنچى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيىسى توغرىسىدا تەتقىقات» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1994-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان.

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 1-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز مامۇت

تەرجىمە تەھرىرى: جۇمەخۇن

# 目 录

追求统一、追求团结、追求进步是贯穿中华五千年历史的基本走向
…………………………………………………………………… 赛福鼎·艾则孜
树立马克思主义妇女观 …………………………………… 海力旦木·斯拉木
新疆农村实现小康的对策研究 …………………………………… 社会经济调查队
加快改革开放步伐、繁荣新疆经济 …………………………………… 甫尔凯提
论增加农业投资的措施 …………………………………… 瓦尔斯江
新疆与中亚地区经贸关系中存在的几个问题 …………………………… 买尔旦
作好新疆民族工作的几点思考 …………………………………… 西林
宗教与我国社会主义社会相适应的基础 …………………………… 艾·和加
“宗教禁戒”考 …………………………………… 努尔买买提
维吾尔建筑艺术与伊斯兰教 …………………………………… 阿·买合苏提
乌孜别克文学发展史略 …………………………………… 卡得尔
试论《福乐智慧》所述的“人的本性”问题 …………………………… 阿布力克木
玉素甫·哈斯·哈吉甫的分配制度改革观 …………………………… 买·玉素甫
维吾尔族妇女的传统文艺活动 …………………………… 亚库特汗、海来提江
“库特”名称考 …………………………………… 麻合木德
论古代维吾尔语和察哈台语的语音区别 …………………………… 艾比布拉
论维语中汉语借词的语音特点 …………………………………… 玛依拉
柔然汗国的兴亡 …………………………………… 薛宗正
浅谈室点密可汗 …………………………………… 琪曼
叶尔羌汗国的建立 …………………………………… 魏良弢
鄂尔浑回纥汗国的部落关系考 …………………………………… 库·吐兰
拉施特与《史集》…………………………………… 伊·�button力克
论新疆三区政府农牧业生产的发展 …………………………… 陈延琪
准噶尔盆地东部发现的细石器遗址 …………………………… 古丽娜尔

顾问：阿不都秀库尔·吐尔地　主编：阿不来提·努尔东

《新疆社会科学》（维吾尔文）
新疆维吾尔自治区社会科学院主办
《新疆社会科学》维文编辑部编辑出版
（乌鲁木齐市北京路 16 号）
邮编：830011　　电话：3837937
全国各地邮局订阅零售
广告经营许可证、工商广告第 0100563
国际标准刊号：ISSN1002—9052
国内代号：58—81
国内统一刊号：CN65—1038/C
定价：2.50 元

باشقۇرغۇچى:شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
نەشر قىلغۇچى:شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرناللىرى نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى بېيجىڭ جەنۇبىي كوچىسى 16-قورۇ
تېلېفون نومۇرى : 3837937 پوچتا نومۇرى:830011
تېكىستى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ئېلان تىجارىتى گۇۋاھنامىسى نومۇرى : 0100563
خەلقارا ئورتاق نومۇرى :ISSN1002—9052
دۆلەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى : CN65—1038/C
ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى : 58-81
باھاسى: 2.50 يۈەن